ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah. Sok. 41
No. 7/4 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - İstanbul

شىنجاڭ دىنى تەتقىقات
ماتېرىياللىرى ۱- توپلام
87- يىل 12- ئاي

# مۇندەرىجە


يولداش سەيپۇللايېۋنىڭ شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى سۆھبىتى ............ 1

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماسۇڭتىڭ ئاخۇننىڭ خۇيزۇلار-
نىڭ دەپنە قائىدىسىگە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىر پارچە خېتى ....... 16

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسلام دىنى تەتقىقاتىغا دائىر
ئىشلەنگەن بەزى خىزمەتلەر .................. جۇنەيد بەكرى 19

ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەزھەپلىرى ھەققىدە .............. مۆمىن ئابدۇللا 29

سۇفىزم ۋە بىر قانچە دىنىي مەزھەپلەر توغرىسىدا چۈشەنچە ........ ئا. سايىت 46

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى ........... ماپىنيەن 80

موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ........... لى جىنشىن 102

قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي ئۆرپ- ئادەتلىرى توغرىسىدا ........
.............................. جاقىپ مىرزاقان 122

خۇيزۇلاردىكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدا
تارقىلىشى ............................. ۋاڭ مېڭياڭ 141

«خۇيخۇيلارنىڭ 25 - ئەۋلادىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغانلىقى» ھەققىدە
مۇلاھىزە .............................. چېن گوگۇاڭ 154

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى (ماتېرىيال) ........... 174

زىيارەت قىلغۇچىلار: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدىن ماپىنيەن، جاۋ ئېنرۇ.
ماتېرىيالنى رەتلىگۈچى: جاۋ ئېنرۇ.

XXX XXX XXX

## قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى توغرىسىدا:

مېنىڭ بىلىشىمچە، قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ تۇنجى قېتىمقى ۋاڭى ئەبەيدۇللا (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە 《额贝杜拉》 ياكى 《额贝都拉》 دەپ يېزىلغان. تۆۋەندە تىرناق ( ) ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى رەتلىگۈچى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھات). شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ فېئودال ۋاڭ - گۇڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن چىڭ سۇلالىسىگە ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلغىنى ئەبەيدۇللا. ئۇ بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قاراپ، قۇمۇلنى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرغان. چىڭ ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن ئەبەيدۇللاغا مەنسەپ ۋە ئۇنۋان بېرىپ، قۇمۇلنى ئىدارە قىلىشتەك بۇنداق چوڭ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزىدۇ؟ (كاڭشىنىڭ 35 - يىلى يەنى مىلادى 1696 - يىلى، ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان؛ ياندۇرقى يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى 《回部》 نىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك زاساق تارخانى» دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ، يەنى ئۇنى ۋارىسلىق فېئودال قىلىپ بېكىتىپ، قۇمۇلنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىدۇ؛ كېيىنكى يىلى يەنى كاڭشىنىڭ 37 - يىلى، چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە قۇمۇلغا ئەمەلدار ئەۋەتىپ، ھەربىي قوشۇن تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا رەسمىي ئىدارە قىلىدىغان تۇنجى جايى بولۇپ قالىدۇ.) ئەبەيدۇللا جۇڭغار خانى غالداننىڭ ئوغلى سېبدان بالجۇرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەبەيدۇللانىڭ بۇ ھەرىكىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىسيانچىلىقىغا ئېغىر زەربە بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا تارىخىي رول ئوينىغان.

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى توغرىسىدا، مەن قۇمۇلدىكى چېغىمدا كىشىلەردىن سوراپ كۆرگەنىدىم، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى رايونى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ خۇيچېك يېزىسى)دىكى ياشانغان ئۇيغۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قۇمۇل ۋاڭلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى، دېيىشىدۇ. بۇ سۆزگە مەن شۇ چاغدا گۇمان بىلەن قارىدىم، چۈنكى ئۇنداق بولىدىغان بولسا، قۇمۇلدا ئىلگىرى يەرلىك ئادەملەر يوقمىدى؟ شۇڭا مەن ئۇلارغا: ياق، ئۇنداق ئەمەس، دېدىم. چىڭگىزخان 7 - 8 يۈز يىل ئىل-

گىرى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۈچلۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، ئۇ «بىر دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى قۇمۇلغىمۇ يېتىپ كەلگەن، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قۇمۇل رايونىدا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە سۇ ئامبىرىدىن 3000 يىلدىن ئىلگىرىكى جەسەتنى قېزىپ چىققانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ زېمىندا 3 — 4 مىڭ يىلدىن بۇرۇنلا ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، چىڭگىز خاننى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى دېيىش ئاساسسىز. ئەمدى، ياشانغان كىشىلەر نېمە ئۈچۈن چىڭگىزخاننى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى، دەيدۇ؟ ھەتتا يەنە بەزىلەر، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىمۇ موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى، دېيىشىدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە، چىڭگىزخان ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ قۇدرەتلىك خان بولۇپ، كېيىن ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغاللىق زېمىن ئايرىپ بەرگەن، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى خان ئاتىغان بولغاچقا، ئۇزاقتىن بۇيان پۇقرالارنىڭ نەزىرىدە مۇنداق بىر تۇيغۇ — گويا پەقەت چىڭگىز خان ئەۋلادلىرىلا ھەقىقىي خان (ئاقسۆڭەك) بولالايدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۇ يالغان، دېگەندەك قاراش — شەكىللەنگەن. شۇڭا، قۇمۇل ۋاڭلىرىمۇ ئۆزلىرىنى چىڭگىز خاننىڭ ئەۋلادى، دەۋالغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، پۇقرالارمۇ ئۆزلىرىنى: بىزمۇ موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى بولساق كېرەك، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ تېگى - تەكتى مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلغا تارقىلىپ كىرىشى توغرىسىدا

ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلغا تارقىلىپ كىرىشى توغرىسىدا مەن مۇنداق ئىككى خىل گەپنى ئاڭلىدىم: ئېيتىلىشىچە، ئىسلام دىنى ئەڭ دەسلەپتە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاستانە گۈڭشې كۆك گۈمبەز دادۈي يەنى 2-دادۈي (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىنىڭ كۆك گۈمبەز دېگەن يېرى) گە كىرگەن، دېيىلىدۇ. بۇنى مەن ئاستانىغا بارغاندا كىشىلەردىن ئاڭلىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەرەبىستاندىنمۇ ياكى باشقا بىر جايدىنمۇ، ئىش قىلىپ غەربتىن شەرققە يۈرۈپ قۇمۇلغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان بىر كىشى بولغانمىش، ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم تۈركىستان ئىكەنمىش، ئۇ ئالدى بىلەن ئاستانىدىكى كۆك گۈمبەزدە ئولتۇراقلىشىپ ماكانلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەتراپتىكى جايلارغا بېرىپ دىن تارقاتقانمىش. يەنە بىر خىل

ئېيتىلىشىچە، 50 نەپەر خوجا غەربتىن شەرققە كېلىپ، ئالدى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قارا دۆۋە دېگەن يېرى (ھازىرقى قۇمۇل شەھرىنىڭ قارا دۆۋە يېزىسى) دە، ئىسلام دىنىنى تارقاتقان، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قازا قىلىپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، دېيىلىدۇ. ھازىر قارا دۆۋىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بىر پارچە زاراتگاھلىق — 50 خوجامازىرى بولۇپ، بۇ ئەنە شۇ 50 نەپەر دىن تارقاتقۇچى كىشىنىڭ ئاخىرەتلىك جايى ئىمىش. بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلار بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قاچان، قەيەردىن قۇمۇلغا كېلىپ دىن تارقاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس.

دىنىي مەزھەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇمۇلغا تارقىلىپ كىرگەن ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ. قۇمۇلدا ئىشان مەزھىپى ھەم بار، ئۇمۇ ئىشان دىنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى پەقەت «ئىشانلىق» پائالىيىتى دەپلا ئاتايدۇ، لېكىن بۇ خېلى كېيىنكى ئىش. 1961 - يىلى قارا دۆۋىدە ئىشانلىق پائالىيەتلىرى بولغان، ئۇلار تۇرپاندىن كەلگەن سوفىلار بولۇپ، ئادەم سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. دېمەك، ئىشان مەزھىپىنىڭ كاتتىباشلىرى تۇرپاندا بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ سوفىلىرىنى ئەۋەتىپ مۇرىت توپلىغان. مۇرىت توپلاشنىڭ شەكلى ناھايىتى ئاددىي، بۇ مەزھەپكە ساداقىتىنى بىلدۈرمەكچى بولغانلار سوفىلارغا قول بەرسىلا ئىشان مەزھىپىگە كىرگەن ھېسابلىنىدۇ. يېڭى كىرگەن مۇرىتلارنىڭ بەزىلىرى 4 - 5 يىلدىن كېيىن پىشىپ يېتىلدى دەپ قارالسا، ئىشان ئۇنى خەلپە (خۇيزۇلاردا رەئىس دەپ ئاتىلىدۇ) قىلىپ تەيىنلەپ، بىر جاينىڭ ئىشانلىق پائالىيەتلىرىگە مەسئۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى مۇرىتلارنىڭ قايسى مەزھەپكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر ئاخشام دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يەنى تاڭ ئاتقىچە ئىبادەتتە ئولتۇرىدۇ، ئۇلار ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇماي، ئىچىدە سۈكۈت قىلىپ ئوقۇيدۇ، ئۇلارمۇ تۇرپاندىن كېلىدۇ. يەنە بىر خىلدىكىلىرى ئايەتنى توۋلاپ ئوقۇيدۇ، بۇ خىلدىكىسى قۇمۇلدا يوق بولسا كېرەك.

ئىشانلىق پائالىيەتلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ئىلگىرى بىر مەزگىل ئىشانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ قارالدى، مۇشۇنداق قاراش مۇۋاپىقمۇ - يوق؟ ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئەلۋەتتە جازالاش كېرەك. مەن ئاستانىغا بارغىنىمدا بىر تۆمۈرچىدىن: «سىز نېمە ئۈچۈن ئىشانلىق پائالىيىتىگە قاتنىشىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «مەن بىر مۇسۇلمان بولغىنىم ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاددىي بىر پۇقرا، ساۋاتسىز، ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر

ئاخشام ئىبادەت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئاددىتىكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ تۆمۈرچىلىكىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىبادەت پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈنلا ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلسا، توغرا بولمايدۇ. شۇڭا بىز، ئىشان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى دېھقان، ئىشچى قاتارلىق كەڭ ئاممىنى ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ قارىساق بولمايدۇ. بەزى ئىشان مۇرىتلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان بولسا، بۇ شۇلارنىڭ مەسىلىسى، ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز، ئەلۋەتتە. بىز ھەرگىزمۇ ئىشانلىق مەزھىپىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن ئاممىنىڭ ئىشانلىق پائالىيىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، بۇ ئىككى مەسىلىنى بىر-بىرىدىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ قارىشىمىز لازىم.

## قۇمۇل ۋاڭلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 200 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. يېقىن زامانغا كەلگەندە، ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغىنى شاھ مەخسۇت چىنۋاڭ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن (ئۇ 1930 - يىلى ئۆلگەن)، ئۇنىڭ ئوغلى نەزەرنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېندىن ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۇ يېرىم يىل كۈتۈپ ياتتى، لېكىن جىن شۇرېن ئۇنى تەستىقلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ، ۋاڭلىق ئۇنۋانىنى ئېلىپ تاشلاپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قۇمۇل رايونىدا قۇمۇل، يەتتە قۇدۇق، ئارا تۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىپ، ھاكىم (ئامبال) تەيىنلەپ ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن مەقسەت، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مال - مۈلۈك ۋە ھوقۇقىنى تارقىتىپ، ئاجىزلاشتۇرۇپ، تارتىۋېلىش ئىدى. گەرچە نەزەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كىچىك بېشىر (قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ 7 - ئەۋلادى بېشىر بولۇپ، نەزەرنىڭ ئوغلى بېشىرنى ئۇنىڭدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، تارىختا ئىلگىرىكى ۋاڭنى چوڭ بېشىر دەپ، نەزەرنىڭ ئوغلىنى كىچىك بېشىر دەپ ئاتىغان) ۋاڭلىق تەختىگە رەسمىي ۋارىسلىق قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرالارنىڭ تەسىراتىدا ئۇلارنى يەنىلا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەخت ۋارىسى، ئۇلار يەنىلا ۋاڭ غوجام، ئۇلاردا ھوقۇق بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراش بولغان، بىراق ئۇلارنىڭ ۋاڭلىق ئورنى ۋە ھوقۇقىنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلغان

ئەمەس. كېيىنكى چاغلاردا ئارا تۇرۇپ بىلەن بەزىدە قىزدۇقتا ئايرىم ـ ئايرىم ناھىيە تەسىس قىلىنغانىدىمىز، كىچىك بېشىر ۋالى بولۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي، ۋالىلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە يول قويۇلماسلىقى تەبىئىي ئىدى، ئەلۋەتتە.

قۇمۇل ۋاڭلىرى بىر نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرۈش جەريانىدا، ئۇلار دىنىي زاتلارنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى قانداق ئىدارە قىلغانىدى؟ قۇمۇل ۋاڭلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ۋاڭلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇلار چىڭۋاڭ (شاھزادە) ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا قوش چىڭۋاڭ بولغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، تاكى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. شاھ مەخسۇت ۋاپات بولغانغا قەدەر قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ۋاڭ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ۋاڭلىق ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ، ھوقۇقنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ۋاڭلىق ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنىشتىن ئىلگىرى، دىن قانۇنىغا ئارىلىشاتتى، بارلىق ئىشلار ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى (شەرىئەت) بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى، يەرلىك ھۆكۈمەتتە ئۇنى سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدىمۇ شۇنداق بولغانىدى، مىراس ماجىرالىرى، نىكاھ، دەپنە (ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراق) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاخۇنلار مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلاتتى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا دىنىي ئىمتىياز بىكار قىلىندى. لېكىن ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت سۈپىتىدە بەزى ئىشلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، مەسىلەن ئەر ـ ئاياللار توي قىلىشتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا بېرىپ نىكاھ رەسمىيىتىنى ئورۇنلىغاندىن سىرت، يەنە ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نىكاھ ئوقۇتىدۇ، بۇ ئۆتمۈشتە ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نىكاھ ئوقۇتۇش بىلەن شەكىل جەھەتتە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە تۈپلىك ئۆزگىرىش بولدى. بۇ شەكىل ئورۇنلاشقا تېگىشلىك قانۇنىي رەسمىيەتلىكتىن تېپىپ، بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلاندى.

قۇمۇل ۋاڭلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ۋاڭنىڭ ئاستىدا مەخسۇس بىر چوڭ ئاخۇن بولاتتى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى ياكى دىنىي ئىشلار ياردەمچىسىگە تەڭ بولۇپ، مەسلىھەتچىلىك رولىنى ئوينايتتى. ئۇيغۇر ۋاڭ دىنىي جەھەتتە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئاخۇندىن پىكىر ئالاتتى، ئاخۇن «قۇرئان كەرىم» ياكى باشقا دىنىي كىتابلاردىن ئاساس تاپقاندىن كېيىن، ۋاڭ غوجا ئاخۇن تېپىپ بەرگەن ئاساس

بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى. چوڭ ئاخۇن پۈتۈن قۇمۇل رايونىدىكى ئاخۇنلارنى باش-
قۇراتتى. ئاخۇن يەنىلا ئالىمي سەردار — ۋاڭ غوجىغا بويسۇناتتى، ئەلۋەتتە.

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇر ۋاڭ ئۆز تەۋەسىدىكى پۇقرالارنى قانداق باشقۇراتتى؟
شاھ مەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە (1882 — 1930)، قۇمۇل
13 رايونغا بۆلۈنگەن (ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. بارىكۆل
ئۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ھەر بىر رايونغا بىردىن دورغا (يېزا باشلىقىغا باراۋەر)
قويۇلغان. دورغىلار ئاساسلىقى ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ئىجارە ـ باج يىغىش، ھاشار-
سەيسى سۈيلەش، تۈرلۈك ئالۋان ـ سېلىق چېچىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى.
ئىپتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغلاردا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىلكىدە 40 مىڭ مو تېرىلغۇ
يەر بولغان، لېكىن ئۇيغۇر ۋاڭ تۇمۇلدىكى بارلىق تېرىلغۇ يەر، چۆل جەزىرە، يايلاق،
تاغ، ئورمان، كان بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىلكىمدە بولۇش كېرەك، دەپ
ھېسابلىغان. شۇڭا پۇقرالار ئۇنىڭدىن ئىختىيارىي پايدىلىنالمىغان. مەسىلەن دېھقان-
لار كارىز كولىماقچى بولسا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەستىقىسىز كولىيالمىغان. ۋاڭ ئوردىسى
بىر قىسىم يەر ۋە چارۋىلارنى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ھەر يىلى
ئىجارە ھەققى ئالغان. چارۋىچىلارنىڭ ئىجارە ھەققى تۆلىشىنى ئېلىپ ئېيتساق،
ۋاڭ ئوردىسى مۇنداق بەلگىلىگەن: شۇ يىلى چارۋىچىلارغا قانچىلىك چارۋىنى
باقتۇرۇپ بەرگەن بولسا، قەرەلى توشقاندا ئەسلى بەلگىلەنگەن ئىجارە ۋە باج
مىقدارى بويىچە ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇشى شەرت، كەم تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ،
بولمىسا تاختايغا مىقلاپ قويۇلىدۇ. ئۇنى تاپشۇرماي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇنى
«تۆمۈر چارۋا» دەپ ئاتايدۇ. بېقىشقا تاپشۇرغىنى قوي بولسا «تۆمۈر قوي»
دېيىلىدۇ، يەنە «تۆمۈر كالا»، «تۆمۈر ئات»، «تۆمۈر تۆگە» لەرمۇ بار. ۋاڭ ئوردىسى
بۇ «تۆمۈر چارۋىلار» نى زادى قانداق شەرت بىلەن چارۋىچىلارغا بېقىشقا تاپ-
شۇرىدۇ؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە تۈرلۈك ئېيتىشلار بار، ئۇنىڭ زادى قايسى توغرا،
بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەس.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋاڭ ئوردىسىغا يەر ئىجارىسى تاپشۇرغاندىن باشقا، يەنە
ھەر بىر ئائىلە ھەر ئايدا ۋاڭ ئوردىسىغا ئۈچ كۈن ھەقسىز ئەمگەك قىلىش بەلگى-
لەنگەن، كېيىن ئۇنى بەش كۈنگە ئاشۇرغان. شۇڭا پۇقرالارنىڭ نارازىلىقى قوز-
غىلىپ، 1907 ـ يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن. دېھقانلار قوزغىلاڭ
ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇ چاغدا
ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا دۇدۇ بولۇپ كەنۇدىن كېلىۋاتقاندا، قۇمۇلدىن ئۆتۈۋېتىپ
مۇشۇ ۋەقەنى بىر ياقلىق قىلغان. مەزۇرىي تۈزۈم يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى،

قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ ئىدارە قىلىش دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتكە مەجبۇرىيەت ئۆتەمەيتتى، يەنى ئىجارە ھەققىمۇ، باجمۇ تۆلىمەيتتى، ئۇيغۇر ۋاڭلىقى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئاندىن يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج تۆلەيدىغان بولغانىدى.

مۇسۇلمانلاردا يەنە ئۆشرە - زاكات بېرىش مەجبۇرىيىتى بولغانلىقتىن، دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىغا يەر ئىجارىسى تۆلىگەندىن سىرت، مەيلى قانچىلىك ئاشلىق ئالسۇن، ئۆزلىرى يەيدىغان ئاشلىق يەتسۇن - يەتمىسۇن، ئاشلىقنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئۆشرە بېرىشى شەرت ئىدى. مۇسۇلمانلار يەنە يىللىق كىرىمىنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمىنى زاكات ئۈچۈن تاپشۇراتتى. ئۆشرە — زاكاتنىڭ بىر قىسمى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات كىشىلەرنى، تۇل خوتۇن، يېتىم يەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بىر قىسمى مەسچىتلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ، بىر قىسمى ئاخۇنلارنىڭ سەرپ قىلىشىغا بېرىلىدۇ. مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆشرە - زاكات «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» غا بىر تۇتاش تاپشۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولدى، بۇ ئەھۋال 1953 - يىلى ئاياغلاشتى. ئۇيغۇر ۋاڭمۇ ئۆشرە - زاكات تاپشۇراتتى، لېكىن ئۇنى بىۋاستە مەسچىتكە تاپشۇرماي، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيت، روزى ھېيتقا ئوخشاش چوڭ بايرام كۈنلىرىدە كەمبەغەللەرگە ئاز - تولا خەير ساخاۋەت قىلىپ قوياتتى، شۇ قاتاردا دېھقانلارغا، ئاخۇنلارغا ۋە ئوردا خىزمەتچىلىرىگىمۇ ئىنئام بېرەتتى.

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا دىنىي سوت تەسىس قىلىنغانمۇ — يوق، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، مېنىڭ بىلىشىمچە، دىنىي سوت تەسىس قىلىنمىغان، لېكىن ۋاڭ ئوردىسىدا بەزىدە سوراق ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى. دىنىي شەرئىيە مەھكىمىسى مەسچىتلەردە تەسىس قىلىنىدۇ، مەسىلەن شەھەر ئىچىدىكى چوڭ جامەدە مەھكىمە شەرئىيە بار ئىدى. ئۇيغۇر ۋاڭ شاھ مەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، ۋاڭ ئوردىسىدا بىر نەپەر كاتىپ بولۇپ، ئىسمى ياقۇپ خېتىپ ئىدى، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ۋاقتىدا مەن بۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكەن (كېيىن بۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن)، ئۇ بەزى ئەھۋاللارنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغلاردا مەھكىمە شەرئىيىنىڭ بىر چوڭ قازىسى بولۇپ، ئۇ ھەر دائىم ۋاڭ غوجا بىلەن بىللە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، دىنغا چېتىلىدىغان جېدەل - ماجىرا، ھەق تەلەپ دەۋاسى، جىنايى ئىشلار ئەنزىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەھكىمە شەرئىيە سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىدىكەن. ۋاڭنىڭ قول ئاستىدا ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىككى ئەمەلدار يەنى چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى بولۇپ، ئۇلار ھەممە ئىشنى باشقۇرىدىغان باش غوجىدارغا

ئوخشاش، ۋاڭ غوجىغا ياردەملىشىپ ئىش بېجىرىدىكەن.

ۋاڭ ئوردىسىدا يەنە تۈرمە يەنى «زىندان» بولغان. «زىندان» دېگىنىمىز — يەرنى ئىككى مېترچە چوڭقۇر كولاپ ياسالغان تۈرمە بولۇپ، گۇناھكارلارنى شۇنىڭغا تاشلاپ سولاپ قويىدۇ. ئارا تۈرۈكمىنىڭ نوم دېگەن يېرىدە زىندان بارىكەن، قۇمۇلدىمۇ بولغان. نومدىكى زىندانغا ئۇزۇن مۇددەت سولىنىدىغان گۇناھكارلارنى سولىغان. قۇمۇل شەھەر ئىچىنىڭ جەنۇبىدىن راھەتباغقىچە بارىدىغان يول بويىدىكى سايلىقتا بىر كىچىك زىندان بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا قاماش مۇددىتى قىسقا بولغان 7 ـ 8 لا گۇناھكارنى سولىغىلى بولىدىكەن، بونىڭدىن مەقسەت — گۇناھكارلانى ئۆيلىرىگە قايتۇرماي، سايلىقتا ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ئەمگەك قىلدۇرۇش ئىكەن. كېيىن يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ، بۇ كىچىك زىندان بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، نومدىكى زىنداننى بىنا قىلغان ئىكەن.

شەھەر ئىچىدىكى جامەدە يەنە دىنىي مەكتەپ تەسىس قىلىنغان، ئەمما سىنىپلارغا ئايرىمىغان، ئاخۇن، موللىلار دەرس ئۆتەتتى. ۋاقتى قىسقا بولغانلىرى 1 ـ 2 يىل ياكى 3 ـ 4 يىل، ئۇزۇن بولغانلىرى 7 ـ 8 يىل ھەتتا 10 يىل ئوقۇيتتى. دەرس جەھەتتە، ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىدىن سىرت، ئاساسلىقى ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى ئۆگىنىلەتتى. ئۇ چاغلاردا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئازراق بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ كۆپ ئەمەسىدى.

## 1931 ـ يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا

قۇمۇلدا يۈز بەرگەن بىر نەچچە قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1931 ـ يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يۈز بېرىشىدە مۇنداق بىر نەچچە سەۋەب بار: بىرىنچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنى پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى، مەسىلەن ئاشلىق، چارۋا، مېۋە قاتارلىق نەرسىلىرىنى بۇلىغان ھەمدە دېھقانلارنى ئوت چۆپ، يەم ـ خەشەك تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. تاشبۇلاق (چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى ھۆججەتلەردە تارناشىن 塔尔纳沁 ياكى تالناچىن 塔納納沁 دەپ يېزىلغان، ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشبۇلاق يېزىسى) نىڭ شۇپۇل دېگەن كەنتىدە سالى ئىسىملىك بىر دورغا بولۇپ، ئۇ ئۆلكە ھەربىي قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئۇنى بىر نەچچە كۈن قاماپ قويغان ھەمدە شۇپۇلدىكى باج نازارەتچىسى ئۇنى قامچىلاپ ئۇرغان، سالى بۇنى كۆڭلىگە

پۈكۈپ قويۇپ، پەيتى كەلگەندە ئۆچ ئالماقچى بولغان، كىشىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان. ئىككىنچى، 1930 ـ يىلى شاھ مەخسۇت قوش چىنۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا مەمۇرىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ بۇرۇن ئىگەللىۋالغان يەرلىرىنى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بېرىش، لېكىن يەر گىرۋاھنامىسى يەنى يەر خېتى ئېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەشنى؛ يەنە بوز يەر تەقسىم قىلىۋالغان دېھقانلاردىن ئۈچ يىلغىچە يەر بېجى ئالماسلىقنى بەلگىلىگەن. لېكىن، بۇ ئىشنى كونكرېت بېجىرگۈچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ بەلگىلىمىنى ئادىل ئىجرا قىلماي، پەقەت خەنزۇ دېھقانلار ئۈچۈنلا ئىجرا قىلغان (بۇ يەردە دېيىلگەن، خەنزۇ دېھقانلار گەنسۇدىن كەلگەن ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق بولۇشى كېرەك)، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بوز يەر ــ ئەمەلىيەتتە بىر نەچچە يىل تېرىلغان يەر ــ تەقسىم قىلىۋالغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئۈچ يىللىق يەر بېجىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بەزى دېھقانلار ئۈچ يىللىق يەر بېجىنى تاپشۇرۇشقا ماجالى يەتمىگەنلىكتىن، يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەن، ئەمەلدارلار بۇ يەرلەرنى يەنە ئەشۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن، بۇ يەرلەر يەنە ھېلىقى بەلگىلىمە بويىچە ئۈچ يىل باج ئېلىنمايدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئەھۋال يەرلىك دېھقانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. شۇ چاغدا، شۇپۇلدىكى دېھقانلاردىن نەچچە يۈز كىشى سالى دورغىنىڭ باشچىلىقىدا تاغقا چىقىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ ۋەقەنى ماڭا، شۇپۇلدىكى 62 ياشلىق ساۋۇر ئىمام دېگەن كىشى 1962 ـ يىلى ئېيتىپ بەرگەن. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا، شۇ چاغدا قۇمۇل ۋاڭنىڭ يەرلىرى پۈتۈنلەي دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئىكەن، بىراق جىن شۇرېننىڭ ئىشقا قويغان ئادەملىرى ناباپ بولغانلىقتىن چاتاق چىقىپ، 1931 ـ يىلى، دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن، دېيىلگەن. بۇ، ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ ھەممىسىگىلا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇلار ئەمەلىي مەنپەئەتكىمۇ ئېرىشەلىگەن ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، قۇمۇل تاغلىرىدىكى چېرىك ئائىلىلەردە مۇنداق بىر ئادەت بار ــ ئۇلار كۆز پەسلى سۇنىڭ كۆپ بولۇشىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن قىش بويى يېگۈدەك ئۇن تارتىپ تەييارلىۋالىدۇ، شۇڭا تارتقان ئۇننىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئارا تۇرۇقلۇق سالى دورغا بىر نەچچە ئادەم بىلەن ئۇن تارتىپ كېلىۋاتقاندا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن ئۇنى بۇنچىۋالا جىق ئۇننى تارتىپ موڭغۇل تەرىپكە (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى) قاچماقچى، دەپ تۇتقۇن قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇنلىرىنى مۇسادىرە قىلىش بىلەن يەنە جەرىمانە قويغان.

نەتىجىدە ھەربىي قوشۇن ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك پۇقرالار ئۈستىدىكى زىددىيەت ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلەشكەن. ئۈچىنچى، ئاخىردا خەنزۇ ئوفىتسېرىنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن ئۆزىنىكىگە ئېلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بۇ ۋەقە قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىغا تۈرتكە بولغان (ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغان: شوپېڭلىنىڭ تۇخۇلۇ جازىسىدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر جاڭ گوخۇنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزىغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۆزىنىكىگە ئالماقچى بولىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئامالسىز يالغاندىن ماقۇل بولىدۇ، تويىنى مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قىلىشقا بېكىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتىسى يۇرتداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، توي بولىدىغان كۈنى بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كېلىشىدۇ. توي بولىدىغان كۈنى، قىزقىياپىتىدە ياسانغان يىگىت ۋە توي كۆچۈرگۈچىلەر قىياپىتىدە ياسانغان دېھقانلار بىردىنلا ھەرىكەتكە كېلىپ، جاڭ گوخۇنى ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەن 32 ئەسكەرنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ پارتلايدۇ).

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى — خوجا نىياز ھاجى. ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۆزەم بىلىدىغان بەزى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتەي: خوجا نىياز ھاجى ئىلگىرى تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىك قىلغان 1912 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىر نەچچە يىل سىرتتا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ، كېيىن يەنە قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن ھەمدە قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترەت باشلىقى بولغان. خوجا نىياز جەڭ قىلىشقا بىر قەدەر ماھىر ھەم داڭلىق ئىكەن، ئەمما بىلىم سەۋىيىسى ئانچە يوق. ئۇ 1931 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، خەلقنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، خەلق ئۈچۈن بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان. كېيىن ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ ئاڭلىغانلىرىم بار. ئېھتىمال، 1961 - يىل ئۆپ - چۆرىسىدىمىكىن، ئاپتونوم رايوندىن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىككى نەپەر يولداش 1931 - يىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئۇقۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا بارغانىدى. شۇ چاغدا، ئۆز زامانىدا خوجا نىياز قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئون نەچچە نەپەر 60 - 70 ياشلىق قېرى كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېھمانخانىدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. ئۇلار بىرلىكتە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەشتى. خوجا نىياز

ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى مەن شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئاڭلىغانىدىم. خوجانىياز قۇمۇلدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا، سابىت داموللا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىگە قاتناشقان. - قاتناشمىغانلىق مەسىلىسى ھەققىدە كۆپچىلىك مۇنداق دېيىشتى: سابىت داموللا ئۇ ھۆكۈمەتنى تەشكىللەۋاتقاندا، خوجانىيازنىڭ ئۆزى قەشقەردە ئەمەس، ئاقسۇدا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىسمى شۇ ھۆكۈمەت تەركىبىنىڭ ئىسملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجانىياز ئاقسۇدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغان، قەشقەر كونىشەھەرگە يېتىپ بېرىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا، چېگراغا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سورىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوۋېت تەرەپ: شىنجاڭ بولسا شېڭ شىسەي رەھبەرلىكىدىكى رايون، بىز پەقەت شېڭ شىسەينىلا ئېتىراپ قىلىمىز، قورال بېرىدىغان بولساق بىر تۇتاشلا شېڭ شىسەيگە بېرىمىز، دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ، بىرىنچىسى. ئىككىنچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە خوجا نىيازغا: سابىت داموللا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ياخشى ئەمەس، ئۇ جاھانگىرلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى، دېگەن ھەددە خوجانىيازنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. قېرىلارنىڭ ئېيتىشىچە، خوجانىياز ھاجى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئېتىراپ قىلمىغان، گەرچە ئۇ نام جەھەتتە قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىغان، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. كېيىن، 1937 - يىلى كۈزدە، خوجا نىيازنى شېڭ شىسەي تولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ھەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

سابىت داموللا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشتىن ئاۋۋال، ئۇ مۇھەممەت ئىمىن بىلەن خوتەندە يەنە بىر ئاتالمىش «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىر نىمىنى قۇرغان. ئۇ چاغدا تۆمۈر تەلى (تۆمۈر شىجاڭ) قەشقەرنى ئىگەللەپ تۇرغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوتەندىكى سابىت داللا، مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىپ، تۆمۈر شىجاڭ بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇپ، تۆمۈر شىجاڭ سابىت داموللا ۋە شاھ مەنسۇر قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ قاماپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا قەشقەردە گۇرۇھلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەھۋال مۇرەككەپ ئىدى. سابىت داموللا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، قەشقەردە، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ «باش مىنىستىرى» بولغان سابىت داموللا، ئىلگىرى چەت ئەللەرگە چىققان بولۇپ، دىنىي، سىياسىي ئىشلار، خەلقئارا ۋەزىيەت جەھەتلەردىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئىكەن.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يىمىرىلگەندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن بىر كىتاب يازغان. بەزىلەر ماجۇڭيىڭ سابىت داموللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى يوقىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان، دەيدۇ. بۇ ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس.

سابىت داموللا قاتارلىقلارنىڭ خوجانىيازنى نامىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ پرېزىدېنتى يەنى زۇڭتۇڭى قىلىپ تىكلەپ قويۇش ھەمدە قەشقەردە ئۇنى چاچاڭ قىلىپ قارشى ئېلىشتىكى مەقسىتى، مېنىڭچە، ئۇنىڭ كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى ئىناۋەت ـ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىش ئىدى. ھازىر بەزى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ خوجانىياز ھەققىدىكى قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى ئۇنى ئىجابىي شەخس دېسە، بەزىلىرى سەلبىي شەخس، دەپ قارىماقتا. مېنىڭ قارىشىمچە، ئەمەلىي پاكىت قانداق بولسا شۇنداق قاراش كېرەك. قىسقىسى، خوجانىيازغا ئوبيېكتىپ ۋە تارىخىي يوسۇندا قاراپ، ئۇنىڭغا ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان، ئادىل، توغرا باھا بېرىش ۋاقتى بولۇپ قالدى.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى دىنىي سوت توغرىسىدا

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە دىنىي نازارەت تەسىس قىلىنغان، دىنىي سوت يەنىلا مەسچىتلەردە قۇرۇلغان. دىنىي نازارەت ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا نوپۇزلۇق دىنىي زاتلار رەھبەرلىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — دىنىي ئىشلارغا نازارەتچىلىك قىلىش، دىنىي زاتلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش قاتارلىق ئىشلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت قارىمىقىدا يەنە سوت ئورگىنىمۇ بار ئىدى. دىنىي نازارەت قانداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەشكىلىي ئاپپاراتى بولۇپ قالغان؟ قارىماققا بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش قىيىن. لېكىن بۇ مەسىلىگە شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ قارىغاندا، چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئۇ چاغلاردا دىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ناھايىتى چوڭ زىددىيەت كېلىپ چىقاتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشىمۇ قىيىن بولاتتى. چۈنكى بەزى مەسىلىلەرنى، مەسىلەن «ئۈچ تالاق» مەسىلىسىنى سوت بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، بۇنى پەقەت دىنىي ئادەت بويىچە ئاخۇنلار ھەل قىلىدۇ. مىراس مەسىلىلىرىنىمۇ ئومۇمەن ئاخۇنلار ھەل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ چاغدىكى ھەججىلەر، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، ھەججىلەر ھەججىدە

قۇربان بولسا، ئۇنىڭغا ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلىنمىسا، ئەسكەر بولۇپ جەڭگە بېرىشقا ھېچكىم ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي قوشۇنىنى گومىنداڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندۇرۇشتىمۇ دىنىي جەھەتتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، شۇ چاغلاردا ھەر بىر پولكتا بىردىن باش ئاخۇن، باتالىيون، روتىلاردا بىردىن ئاخۇن ياكى ئىمام قويۇلغان. ئىزۋوت (پەي)، ئوددىلىنىيە (بەن) لەردە شتاتلىق ئاخۇن ياكى ئىمام قويۇلمىغان، ئىزۋوت، ئوددىلىنىيەلەر ئايرىم ھەرىكەت قىلغان (جەڭ ياكى باشقا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن چىققان) چاغلاردا ناماز ئۆتەش توغرا كەلگەندە، كۆپچىلىك ئۆز ئىچىدىن دىنىي ساۋادى بارلاردىن بىرسىنى ۋاقىتلىق ئىماملىققا سايلاپ ناماز ئۆتەيتتى. لېكىن، ناماز ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنمايتتى. شۇڭا جەڭچى - ئوفىتسېرلار ئىچىدە ناماز ئۆتىگۈچىلەر كۆپ ئەمەستى. كاماندىرلار ئىچىدە بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەرگە قىزىقمايتتى، قىسىملاردىكى ئاخۇنلارمۇ دىنىي نازارەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلمايتتى.

دىنىي سوت (مەھكىمە شەرئىيە) بىلەن ئەدلىيە سوتى خىزمەت تەقسىم قىلىشقان. ئىسلام دىنىغا دائىر مەسىلىلەر، مەسىلەن مىراس دەۋاسى، نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى دىنىي سوت بىر تەرەپ قىلاتتى. باشقا ئىشلارنى ئەدلىيە سوتى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئەگەر دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ دىنىي سوتنىڭ كېسىمىگە رازى بولمىسا، ئەدلىيە سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقىمۇ بولاتتى. ئۇ چاغلاردا دىنىي جەھەتتىكى ئىشلار خېلى مۇرەككەپ ئىدى، بەزى ئىشلارنىڭ شۇ چاغدا ھوقۇق تۇتقانلار ئىچىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە رولى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

## مەسئۇد توغرىسىدا

سىلەر مېنىڭدىن: «بەزىلەر مەسئۇدنى پانتۈركىزمچى دەيدىكەن، بۇ گەپنىڭ ئاساسى بارمۇ؟» دەپ سورىدىڭلار. مېنىڭچە، بۇ گەپنىڭ ئاساسى بار. مەسئۇد ئىلگىرى تۈركىيىگە چىقىپ ئوقۇغان، ئۇ شۇ چاغلاردا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پانتۈركىزم ئىدىيىسى سىڭگەن. ئۇ - كوممۇنىزمغا، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغۇچى تىپىك ئۇنسۇر ئىدى، شۇڭا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئىش قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، گومىنداڭ - جاڭجېيشى بولسا ئۇنى قوللىغان ھەم ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغاندا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بەزىلەر مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنى «چىنى (جۇڭگو) تۈركىستانچى»، ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلەر بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان ۋەھاكازا، دېگەن گەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ھەتتا «چىنى تۈركىستان» دېگەن بۇ نام جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمدىن كېلىپ چىققان، دېيىشكەن. بۇ گەپ - سۆزلەر كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. مەسىلىگە قاراشتا، ماھىيەتتىن قاراش كېرەك. مەسئۇد قاتارلىقلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بارمۇ - يوق، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانمۇ - يوق؟ بۇنىڭدا پاكىتقا قاراش كېرەك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئالاقە باغلىغان. بۇ ئىنقىلاب جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. مەسئۇد قاتارلىقلار: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشەك. بويىنىمىزغا تۆمۈر زەنجىر باغلانغانغا باراۋەر، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، گومىنداڭ بىلەن بىرلىشەك، بويىنىمىزغا كەندىر ئاغامچا باغلانغا باراۋەر، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ئۈزۈپ تاشلاپ قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدۇ» دېيىشكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، مەسئۇد قاتارلىقلار ماھىيەتتە تامامەن ئەكسىيەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆمۈر بويى كوممۇنىزمغا، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلەر ئۈچۈن كەتمەن چاپقان ئۇنسۇرلاردۇر. ئۇلار ئۆمۈر بويى خەلققە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق بىرەرمۇ ياخشى ئىش قىلمىغان تۇرسا، ئۇلاردا قانداقمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بولسۇن؟

(خەنزۇچە رەتلەنگەن خاتىرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى)

ئەزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

---

(بېشى 13 - بەتتە) لەشتىن ئىبارەت ئىدى. خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى بۇنى مەخسۇس ماددىي نەرسە سەدىقە قىلىشقا ئۆزگەرتىۋالغان. شۇڭا بۇ يەردە ئېيتىلغان سەدىقە — مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، قەتئىي نىيەت بىلەن سەدىقە قىلغان پۇل - مېلىنى كۆرسىتىدۇ.

④ «ئىسقات» — ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان سەدىقە. پۇل تەقدىم قىلىش ئەنەشۇ سەدىقە شەكلىنىڭ بىر خىلى.

ئەزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماسۇڭتىڭ ئاخۇنۇنىڭ خۇيزۇلارنىڭ دەپنە قائىدىسىگە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىر پارچە خېتى

ئىلاۋە:

ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا دائىر بەلگىلىمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ياكى بىر مىللەت ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ دەپنە قائىدە - يوسۇنلىرى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى ۋە ئىشلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. گەرچە ئوخشىماسلىق قىسمەن، ئۇششاق - چۈششەك تەرەپلەردە بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە جېدەل - ماجىراغا سەۋەب بولۇپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. 1984 - يىلى، شىنجاڭلىق خۇيزۇ ماشگىمىن مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەشھۇر ئاخۇن ماسۇڭتىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ما ئاخۇنۇمنىڭ مۇشۇ مەسىلىگە دائىر يېتەكچى خاراكتېرلىك بىر پارچە ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىشىنى ئۆتۈنگەن. ما ئاخۇنۇم بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ جاۋاب خەت يېزىپ، بۇ ھەقتىكى ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىزھار قىلغان. بۇ گەرچە ما ئاخۇنىنىڭ شەخسىي پىكرى بولسىمۇ، لېكىن خۇيزۇلارنىڭ ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەمدە مىللىي ۋە دىنىي خىزمەت ئىشلىگۈچى يولداشلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا دەپنە مەسىلىسىدە يۈز بەرگەن ماجىرالارنى قانداق قىلىپ توغرا بىر تەرەپ قىلىشىدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ ھېسابلايمىز. كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، يولداش ماشگىمىننىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ما ئاخۇنىنىڭ جاۋاب خېتىنى ژۇرنىلىمىزدا قىسقارتىپ ئېلان قىلدۇق.

شىگمىن:

......

مۇسۇلمانلار ژۇرنىلىدىكى كىچىككىنە ماقالەمدە①، ئاساسلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆتكۈزۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى ئۈستىدىلا توختالغان ئىدىم، باشقا جەھەتلەرگە توختىلىش ياكى ئۇنى تەنقىد قىلىش بىئەپ بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان دەپنەقائىدىلىرىگە كەلسەك، جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، ئۇنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقىش ۋە بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش تەس. بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى جايلاردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ئاخۇنلارنىڭ كېڭىشىپ ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ھەل قىلىش ئوڭاي بولمىسا، ھەر قايسى ئۆز قائىدە-يوسۇنى بويىچە ئىش قىلىشى، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشى، مىللەتلەر ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، جېدەل - ماجىرا، ئۇرۇش - تالاشلاردىن ساقلىنىشى لازىم. بۇمۇ ئىسلام دىنىدىكى تەلىمنىڭ بىر مەزمۇنى. ئەمدى، دىنىي تەلىمگە ئۇيغۇن بولمىغان (ھەشەمەتچى، ئىسراپخور ئادەملەرنى ئاللاياقتۇرمايدۇ)، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولمىغان ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق، ناچار ئادەت، ھەتتا يولدىن چىقىپ كېتىشتەك قىلمىشلارغا كەلسەك، ئۇنىڭغا تەنقىد، تەربىيە بېرىش كېرەك. بۇنداق قىلىشنى كۆپ ساندىكى تەقۋادار مۇسۇلمانلار قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.

قۇرئان ئوقۇتۇپ پۇل تەقدىم قىلىش② مەسىلىسى توغرىسىدا، بەزى جايلاردا ھەقىقەتەن نورمالسىز ئەھۋاللارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ئىنكاس قىلىنماقتا. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئۈچۈن جېدەل - ماجىرا قىلىش ئورۇنسىز ئىش، چۈنكى بۇ، دىنىي تەلىمدىكى تۈپ نەرسە ئەمەس. دىنىي تەلىمدىكى تۈپ نەرسە — ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش، پەرىشتىلەرگە ئېتىقاد قىلىش، قۇرئانغا ئېتىقاد قىلىش، ئاللانىڭ ئەلچىسىگە ئېتىقاد قىلىش ھەمدە ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆمۈر بويى پاك دىل بولۇپ، جەمئىيەتكە ۋە كۆپ سانلىق كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ۋاپات بولغانلارغا كەلسەك، بىر مۇسۇلمان ھايات چېغىدا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دىندىكى قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاپ كېتەلمىگەن بولسا، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مېيىت ئىگىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز تولا «سەدىقە»③ قىلىپ، «ئىسقات» بېرىپ، ۋاپات بولغۇچىغا ۋاكالىتەن «ھەق»④ تۆلەپ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئاللاغا ۋە بەندىلەرگە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى

ئادا قىلىشى پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك. شۇنداقلا، بىزمۇ ھاياتلارنىڭ ئۆلگەنلەرگە بىلدۈرگەن بىر كۆڭلى. لېكىن ئاخۇنلار مېيىت ئىگىسىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەندە، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاساس قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم، ئۇلارغا ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۆلۈم پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مەجبۇرلاپ سېلىق سېلىشقا، «سەدىقە» مىقدارىنى بەلگىلەپ قويۇشقا، مېيىت ئىگىسىگە خالىغانچە خوجايىنلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، بۇنداق ئىشلارغا ئىسلام دىنىمىزدىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

قۇرئان ئوقۇتۇش كېرەكمۇ ياكى پۇل تەقدىم قىلىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىدە بۇرۇندىنلا بىردەكلىك يوق. جايلارنىڭ ھەر قايسىدا ئەھۋال ئوخشاش ئەمەس، ھازىر ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئورۇنلىغىلى بولمايدىغان ئىش، ئۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ھاجەتسىز. مېنىڭچە، يەنىلا دىنىي تەلىمىدىكى ئەنئەنە بويىچە، مېيىت ئىگىسىنىڭ پىكرىنى ئاساس قىلغان تۈزۈك. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىدىكى مۇتىۋەللىلەر ھەرگىز ئۆزى بەلگىلەنچە ئىش قىلىپ، مېيىت ئىگىسىگە خوجايىنلىق قىلماسلىقى كېرەك. بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەزھەپ ماجىراسى تۇغدۇرۇپ ئىتتىپاقلىققا دەخلى يەتكۈزۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ماجىرا تۇغدۇرۇپ ئىتتىپاقلىققا دەخلى يەتكۈزىدىغان بارلىق قىلمىشلار دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ. دوستلارنىڭ بۇنىڭغا دىققەت قىلىشىنى سورايمەن.

ماسۇڭتىنىڭ        1984 - يىل 2 - مارت

ئىزاھلار:

---

ماسۇڭتىنىڭ ئاخۇنىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قۇرئان ئوقۇتۇش، پۇل تەقدىم قىلىش — خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى ۋاپات بولغانلارنىڭ گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل مۇراسىم. تەدىمىلەر (ئورتودوكسلار) ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى «قۇرئان» ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ، خۇيزۇلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىدا ماجىرا بىر قەدەر كۆپ يۈز بېرىدىغان بىر مەسىلە.

سەدىقە — ئەسلى مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا، روزا تۇتقاندا، ئۆز كۆڭلىدە ياكى ئېغىز ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادى-

(داۋامى 15 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسلام دىنى تەتقىقاتىغا دائىر ئىشلەنگەن بەزى خىزمەتلەر

جۇنەيد بەكرى

ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، ئۆزبەك، تاتار، تاجىك ۋە يېقىندىن بۇيان شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ دىن شۇ مىللەتلەرگە تارقىلىپ كىرگەندىن بۇيان، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە، ئېتىقاد، ئەخلاق كۆز قاراشلىرىدىن تارتىپ تاكى پىسخىك ھالىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىغىچە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تەئەججۈبكى، ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئېتىباردىن ساقىت بولۇپ كەلدى. ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان فېئودال-ئىستىبدات ھۆكۈمرانلار دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولغانىدى.

ئىسلام دىنى VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولۇپ، ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن سىرتقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى. ئىككى ئەسىرگە توشمىغان ۋاقىت ئىچىدە، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلارغا، ئومۇمەن 90 دىن كۆپرەك دۆلەتكە تارقالدى. ئېلىمىز جۇڭگوغا، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا تارقىلىپ كىرگىنىگىمۇ 1000 يىلدىن ئاشتى. بۇ دىن بىلەن بىللە ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە بۇ تىللاردىكى ئىسلام دىنى كلاسسىكلىرى، ئىسلام تەلىماتلىرى، تارىخ، ئەدەبىيات قاتارلىق ھەر خىل پەنلەرگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارمۇ كىردى، شۇنىڭدەك يەرلىك ئالىملار تەرىپىدىنمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. گەرچە بۇنداق ئەسەرلەر ئۆتمۈش دەۋرلەردە، بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق-زومبۇلۇق يۈرگۈزگەن ئاپەتلىك يىللاردا، تەكرار-تەكرار نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق قولىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەرەب، پارس، تۈركىي ۋە چاغاتاي تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بويىچە شىنجاڭنى خەزىنە دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى قولغا ئېلىنمىغان، سىستېمىلىق تەتقىقات ئۈستىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا قەدەر بولغان 17 يىل ئارىلىقتا پارتىيىمىزنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، بىر قەدەر نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىلغانىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىنتايىن «سول» چىل لۇشيەننىڭ ئەۋج ئېلىشى، بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى سىياسەت يۈرگۈزۈشى بىلەن، دىن ۋە دىنىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى «ئەكسىيەتچى» دەپ قارىلىپ، نۇرغۇن كىتابلار كۆيدۈرۈلدى، دىنىي زاتلار، دىن تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھەتتا ئادەتتىكى دىن ئېتىقادچىلىرىمىز زەربىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمدىلەتىن قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان دىن تەتقىقاتى خىزمىتىمۇ ئۈجۈقتۇرۇۋېتىلدى.

بەختكە يارىشا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىنىپ، ۋەتىنىمىز بالايىئاپەتلەردىن خالاس تاپقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. باشقا ساھەدىكىلەرگە ئوخشاش، ھەر قايسى دىنلار مەخسۇس تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ساھەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىنىپ، دىن تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئىسلام دىنى تەتقىقاتى رەسمىي كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدا دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. بۇ ئىنستىتۇت قارمىقىدا ئايرىم ھالدا ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئىشخانىسى، بۇددا دىنى تەتقىقاتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىپ، دىن تەتقىقاتى پىلانلىق، تەشكىللىك ۋە سىستېمىلىق يولغا قويۇلدى، تەتقىقات قوشۇنىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق دىنشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ داشۆ قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە يولداشلارمۇ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. جەمئىيەتتىمۇ دىن تەتقىقاتى ھەۋەسكارلىرى بارلىققا كەلمەكتە. گەرچە بۇ ساھەدىكى تەتقىقات قوشۇنى بىر قەدەر ئاجىز، سەۋىيىسى تۆۋەن، ماتېرىيال

كەمچىل، ئىش يېڭىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بويىچە مىسلىسىز يۈكسىلىش ۋەزىيىتى يارىتىلىپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى 1979 - يىلدىن بۇيان بىر نەچچە قېتىم مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى مەخسۇس كادىر بەلگىلەپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا ئەۋەتىپ، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئىسلام دىنىنى تارىخىي ۋە رېئال جەھەتتىن ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى ۋە بۇ جەھەتتە نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى ھەمدە مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

بۇ ئىنستىتۇت «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» دېگەن ئىككى تۈرلۈك قەرەلسىز ژۇرنال تۈزۈپ، مەتبەئەدە باستۇرۇپ ئىچكى قىسىمدا تارقاتتى. ئالدىنقىسى 14 سان، كېيىنكىسى ئىككى سان چىقىرىلدى. شۇنىڭدەك ئاكادېمىيەمىز تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (پەسىللىك ۋە ئايلىق ئىككى خىل ژۇرنال)، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» (بۇ ژۇرنال ئىككى سان چىقىرىلىپ توختىدى) قاتارلىق ژۇرناللاردىمۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت بىر مۇنچە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «ئەرەب دۇنياسى»، «بوستان» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردىمۇ ئىسلام تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەر ئىچىدە يولداش گۇباۋنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام دىنى»، يولداش چېن خۇيشېڭنىڭ «ئاق تاغلىقلار بىلەن قاراتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى»، يولداش لى تەييۈنىڭ «شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىكى سەۋەبلەر»، يولداش ئاماتۇللانىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى خەلقئارا يۈزلىنىشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «دىن تەتقىقاتىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، يولداش زارىپ دۆلەتنىڭ «ئىسلام سوتسىيالىزمى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، يولداش مۇھەممەت سالىھنىڭ «شىئە - ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، «ئاپپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، يولداش ھاجىنۇر ھاجىنىڭ «تەسەۋۋۇپ (سۇفىزم) نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، يولداش خې بىڭجىنىڭ

«شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەمەلىيىتىگە ماسلىشىش مەسىلىسى»، يولداش ۋاڭ شۇلىنىڭ «شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، ماپىنيەننىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مازارلار ۋە مازارلارغا تاۋاپ قىلىش ھەققىدە»، جۇنەيد بەكرىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادلىرى»، «قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى» قاتارلىق ماقالىلىرى بار. بۇ ماقالىلەردە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلامىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مۇلاھىزىلەر بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى، ئىسلام مەزھەپلىرى، دىنىي تونغا ئورۇنىۋالغان تارىخىي شەخسلەردىن ئاپپاق خوجا، مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى جىنايى ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدە ئەھۋاللار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىنستىتۇت ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى مەركىزىي ۋەزىپە تەرىقىسىدە چىڭ تۇتۇپ، «شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخى»نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرمەكتە. بۇ ھەقتە پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇنۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ رەتلەپ چىقتى:

(1) «جاۋاھىرۇلبۇخارى»، مىسىرلىق مۇستەفا ئىبنى مۇھەممەت ئەمارە تەرىپىدىن ئەرەب تىلىدا يېزىلىپ، قاھىرەدە بېسىلغان. خەنزۇ ھەرپى بويىچە 180 مىڭ خەتلىك بۇ كىتاب ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلدۇرۇلدى. ئۇنى يولداش مۇھەممەت سالىھ ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ كىتاب يولداش خوجا ئابدۇللا تەھرىرلىكىدە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 150 مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. خەنزۇ تىلىغا باۋۋېنئەن تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 70 مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

(2) «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، مىسىرلىق مۇھەممەت خۇزەرى تەرىپىدىن ئەرەبچە يېزىلىپ، قازاندا بېسىلغان، خەنزۇ ھەرپى بويىچە 280 مىڭ خەتلىك بۇ كىتابمۇ ئىككى تىلغا تەرجىمە قىلىندى. ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا يولداش مۇھەممەت سالىھ تەرجىمە قىلىپ، يولداش مامۇت سابىت تەھرىرلىكىدە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. خەنزۇ تىلىغا يولداش

چېن دېمۇ، تيەن شىباۋلار تەرجىمە قىلىپ، يولداش باۋۇبەشەن، جۇنەيد بەكرىلەر تەھرىرلىكىدە نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 140 مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىندى.

(3) «قۇرئان كەرىم»، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا يولداش مۇھەممەت سالىھ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

(4) «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى»، بۇ كىتاب يولداش ماجۇنمىن، مامىڭلىيەنلەر تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، باۋۇبەشەن تەھرىرلىكىدە ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتابقا تەسەۋۋۇپ مەزھىپىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لارنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان.

(5) «ئاپپاق خوجىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى»، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇ كىتاب جۇنەيد بەكرى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلدى.

(6) «جۇڭگودىكى غازاتلار توغرىسىدا» (كىتاب غازات دەرمۇلۇك چىن)، غۇلجىلىق موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىمى تەرىپىدىن نەزمە تەرىقىسىدە يېزىلىپ، قازاندا بېسىلغان. بۇ كىتاب يولداش ئەھمەت زىيائى ۋە جۇنەيد بەكرىلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان، يولداش لىۇجېنجيا، جاۋگودۇڭ ۋە جاڭ خۇڭچاۋلار تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى، جۇنەيد بەكرى، باۋۇبەشەنلەر تەھرىرلىدى، ھازىرچە ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلماقچى. بۇ كىتابتا XVIII ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىلى قاتارلىق جايلىرىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا، تاشقى جەھەتتىن چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قىلغان كۈرەش ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان، دۇنەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

(7) «شەرقنىڭ بەش تارىخى» (تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى)، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى چۆچەكلىك قۇربان ئېلى خالىد بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، مول ماتېرىيال توپلاپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، تاجىك، ئۆزبېك، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىش ئەھۋاللىرى، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرىكەت - ئەپئاللىرى، ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا

تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، ئەينى ۋاقىتلاردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى قاتارلىقلار بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتابتىكى بەزى پاكىتلار خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىكىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭدەك چەت ئەل ئالىملىرىنىڭكىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ كىتاب مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان تارىخىي ھۆججەت. بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تاتارچە بولۇپ، جەمئىي تۆت جىلد، توققۇز باب. بۇ كىتاب 1901 - يىلى قازان نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان. بۇنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان نۇسخىدىن خەنزۇ تىلىغا ماۋبېخەن، مامىڭلىيەن، شياۋجۇڭيى قاتارلىق يولداشلار تەرجىمە قىلىپ چىقتى (تەخمىنەن 600 مىڭ خەت) يولداش باۋۋېنئەن بىلەن جۇنەيد بەكرىلەر تەھرىرلەپ بېكىتتى.

(8) «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى» (تەزكىرەئى خوجىكان)، خوجىلارنىڭ بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەزكىرىسى بولغان بۇ كىتابتا، مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەرجىمىھالى، نەسەبنامىلىرى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا سۇفىزمنى تارقاتقانلىقى، جېدەل - ماجىرا ۋە ئۇرۇش قوزغاپ، خەلققە پاراكەندىچىلىك ۋە زىيان سالغانلىق قىلمىشلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ ئەسلى ئاپتورى ئېنىق ئەمەس، بۇ كىتاب ئابدۇرېھىم خېتىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 1308 - يىلى (مىلادىيە 1896 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن. ئەسلى چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان، بۇ كىتابنى ھازىر سۇي ۋېيجۇن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ (تەخمىنەن 150 مىڭ خەت).

(9) «تەسەۋۋۇپچىلىق كۆز قارىشى ھەققىدە» (ئەتتە ئەررۇق بىمەزھەبىي ئەھلى تەسەۋۋۇپ)، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەت ئىبنى ئىسھاق بولۇپ، ھىجرىيە 380 - يىلى (مىلادىيە 990 - يىلى) يېزىلىپ، ھىجرىيە 1352 - يىلى (مىلادىيە 1933 - يىلى) مىسىردا بېسىلغان. ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇلدى. ھازىر بۇنى يولداش ماجۇنمىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ، كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا تەرجىمە قىلىنىپ بولىدۇ (تەخمىنەن 250 مىڭ خەت). بۇ كىتاب ئىسلام پەلسەپىسىگە ئائىت ئەسەر بولۇپ، مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

(10) «مەكتۇبات» (سۇفىزم ھەققىدىكى مەكتۇپلەر)، بۇ كىتاب مەشھۇر تەسەۋۋۇپ ئالىمى ئىمام رەببانى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپ

(تەرىقەت) يولى توغرىسىدىكى خەتچەكلەر توپلىمىدىن ئىبارەت، جەمئىي يەتتە جىلد، تەخمىنەن 600 مىڭ خەت كېلىدۇ. بۇ كىتاب سۇفىزمنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ پەلەپۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتاب ئىنستىتۇتىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىندى، ئەمدى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

(11) «رەۋزە تۇسسەپا» (ساپلىق باغچىسى). ئاپتورى مۇھەممەت ئىبنى خاۋەندە شاھ ئىبنى مەھمۇت مىر خاۋەندە. بۇ، پارسچە يېزىلغان يەتتە توملۇق چوڭ مەجمۇئەلىك نادىر ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭدا ئادەملەر پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئاپتور ياشىغان زامانغىچە بولغان دۇنيا ۋە ئوتتۇرا شەرق تارىخى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى تارىخىي ئەھۋاللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىپ، بىر قەدەر تولۇق پاكىتلار ئاساسىدا مۇپەسسەل بايان قىلىنغان. ئىنستىتۇتىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يولداش ئەخمەت زىيائىي ۋە ئابدۇرىشىت داموللا ئىسلاملار مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئائىت قىسىملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. خەنزۇچىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى.

(12) «ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا تارقىلىش تارىخى» (ئەلپۇتۇھاتىل ئىسلامىيە). ئاپتورى سەئىد ئەھمەد بىننى سەئىد زەينى دەھلان (ھىجازلىق). ئەسلى ئەرەبچە. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان بۇ كىتاب 2 توملۇق بولۇپ، 1 - تومىدا تۆت ئىسلام خەلىپىسى دەۋرىدىن باشلاپ سالجۇقلار سۇلالىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىشى؛ تاتار تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىپ باغدادنى ئىگەللىشى؛ ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە قەدەر بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. 2 - تومىدا، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند، شىنجاڭ، ماۋارا ئۇننەھر قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىشى؛ تاتارلارنىڭ خارەزىم شاھ تەرىپىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشى، ئۇنىڭ چېكىنىشى، ئۆلۈمى، تاتارلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش ئەھۋاللىرى؛ تۆرك تىمور سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىن باشلاپ، ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ ئالتايدىن چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بېرىپ ئاناتولىي (تۈركىيە) گە ماكانلىشىپ قالغان سالجۇق تۈركلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سالجۇقلار دۆلىتىنى ئىستامبۇلغىچە كېڭەيتىپ، كېيىن ئوسمان تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇپ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتۈشى، ھەتتا ياۋروپا تەرەپلەرگە يۈرۈش

قىلىپ شەرقىي رىم قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىشىدىن تارتىپ تاكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر داۋام قىلغان تارىخىي جەريان، ئومۇمەن ئالغاندا، ئىسلامىيەتنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتارلىق قىتئەلەردىكى مۇسۇلمان رايونلىرىغا تارقىلىشى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتاب ھىجرىيە 1330 - يىلى (مىلادىيە 1911 - يىلى) مىسىر «سائادەت» مەتبەئەسىدە بېسىلغان، 1 - تومى 432 بەت، 2 - تومى 484 بەت، جەمئىي 916 بەت.

بۇ ئەسەرنىڭ تۈركىي قەۋملەرگە ئائىت بابلىرىدىن ئۇيغۇرچە 700 بەتتىن كۆپرەكى دىن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بويىچە ئوسمان مۇھەممەت نىياز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىندى. يولداش مالى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقتى.

(13) «قەشقەر تارىخى» (كاشغر تارىخى)، ئاپتورى مۇھەممەت ئاتىپ (تۈركىيىلىك). بۇ ئەسەر نام جەھەتتە «قەشقەر تارىخى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، 1 - قىسمىدا، ھەزرىتى نوھ دەۋرىدىكى توپان بالاسىدىن تارتىپ XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغىچە بولغان ئومۇمىي تارىخ؛ 2 - قىسمىدا، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيە، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ئېتنوگرافىيە ئەھۋاللىرى؛ 3 - قىسمىدا، شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بايان قىلىنىدۇ. بىز بۇ ئەسەردىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەۋرى، ئىماملارنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ئەھلى سەلىپ يۈرۈشلىرى، سالجۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خوجىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ پائالىيىتى، ئاق تاغلىق بىلەن قارا تاغلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىياسىي ۋە دىنىي مەزھەپنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ قىلىش - ئەتمىشلىرى، تۈرلۈك ھاكىمىيەتلەر، چىڭ سۇلالىسى ۋە جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تونۇشالايمىز.

بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1300 - يىلى (مىلادىيە 1882 - يىلى) ئىستانبۇل «مىھران» مەتبەئەسىدە ئوسمانلى تۈرك تىلىدا بېسىلغان. شۇ نۇسخىغا ئاساسەن ئابدۇرېشىت داموللا تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1963 - يىلى شاپىگرافتا باستۇرغان

(جەمئىي 374 بەت). بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنماقتا.

(14) «دىنىي ئىلىملەرنىڭ روناق تېپىشى» (ئەھيا ئۇلئۇلۇم). ئاپتورى ئىمام مۇھەممەت غەززالى، بۇ زاتنىڭ تولۇق ئىسمى زەيىنىددىن ئەبۇ ھامىت مۇھەممەت ئىبنى ئەھمەت بولۇپ، خۇراساننىڭ تۇس شەھرىگە قاراشلىق غەززالە دېگەن جايدا تۇغۇلغان. بۇ كىتاب ئىسلام دىنىدىكى مەشھۇر تەسەۋۋۇپ مەزھىپىنى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپ مەزھىپى شىنجاڭدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە. بۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇپ (سۇفىزم) مەزھىپى بىلەن تونۇشىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇ چوڭ ھەجىملىك تۆت جىلدلىق كىتاب بولۇپ، 1281 - يىلى يېزىلىپ 1308 - يىلى ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھرىدە بېسىلغان، 3 -، 4 - جىلدى جەمئىي 374 بەت، بۇ كىتابنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ چىقتى.

(15) «خەۋەرلەر جەۋھىرى» (زۇبدە تۇلئەخبار)، ئاپتورى ئەبۇ مۇھەممەت ھەسەن شېئىرى. ئاپتور ئىرانلىق تارىخشۇناس بولۇپ، تارىخ، جۇغراپىيىدىن بەھس قىلىدىغان بۇ ئەسەرنى 1847 - يىلى پارس تىلىدا يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر ھىندىستاننىڭ «چەشمە نۇر» مەتبەئەسىدە ئىمام بەخشىنىڭ خىراجىتى بىلەن بېسىلغان.

ئاپتور بۇ ئەسەردە، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى، تۆمۈرلەڭنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنىڭ تارىخى ۋە بۇ جايلارنىڭ ئېتنوگرافىك ئەھۋاللىرىنى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. ئەسلى ئەسەر 403 بەت. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭغا ئائىت قىسمىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

(16) «ئىسلام تارىخى» (تۈركچە)، ئىنستىتۇتىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەھمەت زىيائى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. بۇ، ئىسلام دىنى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان كىتاب بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتا مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

(17) «قۇمۇل ۋائىلىرى توغرىسىدا ماتېرىياللار توپلىمى» (خەنزۇچە 500 مىڭ خەت). بۇ، قۇمۇلدا ئۆتكەن ھەر قايسى ۋائىلار ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال

بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاسىتىلىرى، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. بۇنى ۋاڭ شۈلى، ما پىڭيەن، لى جيەن قاتارلىق يولداشلار توپلاپ رەتلىگەن.

(18) «تەۋلىيە ـ ۋەسىقىلەر». ئەسلى كونا ئۇيغۇرچە (چاغاتاي)، پارسچە، ئەرەبچە تىللاردا يېزىلغان بولۇپ، يولداش ئەھمەت زىيائى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يولداش ماجۇنمىن، مامىڭلىيەن، جاڭگودۇڭ، جاڭ خۇڭچاۋلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، باۋۋېنشەن تەھرىرلىگەن. بۇ «تەۋلىيە ـ ۋەسىقىلەر» مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر بولۇپ، XVII ــ XVIII ئەسىرلەردە شىنجاڭدىكى فېئودال ئاقسۆڭەك ـ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقىنىڭ پولاتتەك پاكىتى. مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە. بۇ ماتېرىياللارنى ھازىر يولداش ۋاڭ شۈلى رەتلەپ چىقتى (تەخمىنەن 300 مىڭ خەت).

يۇقىرىقى ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشى ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقات ــ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تارىختا شىنجاڭ ھەر خىل دىنلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ۋە ئۆز ئارا ئالماشقان رايون. بۇ يەردە دىنغا ئائىت خارابىلەرنىڭ ئىزلىرى، مەشھۇر مەسچىت ـ جامەلەر، ئىبادەتخانىلار، مازارلار، مىڭئۆيلەر ئىنتايىن كۆپ. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل تىلدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ماتېرىياللاردىن پەن تەتقىقات ئىشلىرىمىزدا پايدىلىنىشىمىز لازىم. بۇ ماتېرىياللار بىزنىڭ قېزىپ توپلىشىمىز، تەرجىمە قىلىشىمىز، رەتلەپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ زادى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ۋەزىپە. بىز قېتىرقىنىپ ئىزدەنسەكلا، بۇ ماتېرىياللارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز. بۇ جەھەتتە چەتئەلنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىشقا، چەت ماتېرىياللارغا خۇراپىيلارچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. بىزمۇ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىمىز، ئۆز يولىمىزدا مېڭىشىمىز، تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىمكان قەدەر ئالدى بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقلىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىمىز، خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدىكى ماتېرىيال كەمچىللىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

# ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەزھەپلىرى ھەققىدە

مۆمىن ئابدۇللا

ئىسلام دىنى دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىر قەدەر چوڭ سەككىز مەزھەپتىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇلار: سۈننىي (ھەنەفىيە، شافىي، مالىكى، ھەنبەلى) شىئە (زەيد، جەئفەرى، ئىسمائىلى، ئالەۋى)، خارىجى، باخائى، ئەخمەدى، دىرۇزى، يەزىدى ۋە ساباتائىدىن ئىبارەت.

سۈننىي مەزھىپىگە «سۈننىيلىك» دېيىلىدۇ. ئۇ، مۇسۇلمانلىقنىڭ قۇرئانغا قەتئىي ئىشىنىدىغان، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغان قىسمىدۇر.

ئىسلام دىنى تەڭرى تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە ئاتالغان ھەزرىتى مۇھەممەتكە چۈشكەن ۋەھىلەر بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ۋەھىلەر تەڭرىنىڭ بۇيرۇقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىغا ئاساسلانغاندا، ھەزرىتى مۇھەممەت تەرىپىدىن ئوقۇتۇلغان، بىجا كەلتۈرۈلگەن ۋە بىرەر ئېتىقاد تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پۈتۈن ھەرىكەت-لەرنى قىلىش، ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ مەيدانىنى قوبۇل قىلىپ، ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش - سۈننىيلىك ياكى سۈننەت بولىدۇ.

سۈننەت — ھەزرىتى مۇھەممەتكە بىر پەيغەمبەر سۈپىتىدە چۈشكەن تۇنجى ۋەھىنىڭ ئىنسانلارغا بىلدۈرۈلۈشى ۋە بۇ ۋەھىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى پرىن-سىپلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن باشلانغان بولىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ قىلغىنىنى ۋە سۆزلىگىنىنى بىجا كەلتۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش — سۈننەتنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدۇر. بۇنى ئەڭ ئاۋۋال بىجا كەلتۈرگەنلەر — ھەزرىتى مۇھەممەتكە ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بولغان، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشكەنلەر (ساھابە) دۇر. ئىسلام-يەت باشقا مەملىكەتلەرگە تارالغاندىن كېيىن، ھەزرىتى مۇھەممەتنى كۆرۈش، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ. پەقەت مۇھەممەتنىڭ قىلغانلىرىنى، دېگەن-لىرىنى باشقىلار ئارقىلىق بىلىش يولىلا قالىدۇ.

سۈننىيلىك — قۇرئانغا، ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ قىلغان ئىشىغا، سۆزلىگەن سۆزىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر ئېتىقاد سىستېمىسى بولۇپ قالىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەت-نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ئوچۇق ئېيتىلغان، ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغان بىرەر ھۆكۈم تېپىلمىغاندا، ئەڭ نوپۇزلۇق بىرسىنىڭ يازغانلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنىدىغان بولىدۇ. سۈننىيلىكنىڭ تۆپ نىزامىدىن بىرى بولغان بۇ يولغا — ئىجامى ئۇممەت (ئىقتىدارلىق بىر تۈركۈم ماقۇل كۆرگەننى

قىلىش)، ئىجتىھادىي نۇقتىدا (ئىسلام قانۇنچىلىرى مۇۋاپىق دەپ بىلگەن ۋە توختام قىلغان بىر تېمىدا ئىش قىلىش) دېيىلىدۇ. بۇندىن باشقا ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئورگانلاردىن بىرەرسىگە ئىلتىماس قىلىش ئىمكانى بولمىغاندا، بىلىمگە، ئېتىقادىغا، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ھوقۇقىغا ئىشەنگەن بىرسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا لايىق ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت بۇلارنىڭ قايسىسى بولمىسۇن ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دىنى نىزامىغا ئاساسەن سۈننىي بولۇشى لازىم.

سۈننىيلىكنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى نېمە؟

1. قۇرئانغا، ھەدىسكە ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە ئىشىنىش، ئۇنى بىجا كەلتۈرۈش؛

2. ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن تۈزۈملىرىگە ۋە نىزامىغا (بەش شەرتكە) تولۇق ئىشەنچ بىلەن بويسۇنۇش؛

3. ئىماننى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىقرار قىلىش؛

4. ئىشەنگىنىنى ھەر قانداق پايدا - زىيانغا قارىماي تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى دەپ بىجا كەلتۈرۈش؛

5. شەرىئەتكە ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارلارغا تولۇق رىئايە قىلىش؛

6. ئىسلام دىنىنىڭ خۇداغا، پەيغەمبەرگە، ئاخىرەتكە، قىيامەتكە كۈنگە، مەلەكلەرگە، ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان) غا ۋە بۇ كىتابلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئەمما قۇرئاندىن ئاۋۋال چۈشۈرۈلگەن ئۈچ كىتابتا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئەسلى نۇسخىلىرى يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قۇرئان ھەممىنىڭ يىغىندىسى، ئەڭ مېغىزى، ئەڭ مۇكەممەلى سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەن، دەپ قاراش؛

7. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ، باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئۈستۈن ۋە خاتىمىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، سۈننىيلىككە دائىر تۈپ پرىنسىپلارنى ئاساس قىلغان تۆت چوڭ مەزھەپ مەيدانغا كېلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تۈپ قائىدىلىرىگە ئاساسەن، بىرلەشكەن بۇ مەزھەپلەر بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە تەبىر بېرىشتە قىشلى نەبىنى ئىجرا قىلىشتا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ؛ بەزىلىرى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى، ئاۋۋال قىلىپ كېيىن ئۆزگەرتكەنلىرىنى

تولۇق قوبۇل قىلىدۇ؛ بەزىلىرى ئىبادەت ۋە ئىجرائىيە جەھەتلەردە مۇھەممەتنىڭ ئەڭ كېيىنكى ھەرىكەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىدۇ. بۇ تۆت مەزھەپ، تۆت قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن خاتىرىلىنىدىغان ھەنەفىيە، شافى، مالىكى ۋە خانبەرى بولۇپ، ھەممىسى سۈننىيدۇر، ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە تايىنىدۇ؛ ئىسلام دىنىغا ئاساس قىلىپ ئىبادەت قائىدىلىرىنى تابى قىلىدۇ؛ بۇنىڭدا ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە قۇربانلىق كېسىش بەلگىلەنگەن. پەقەت بۇلارنى ئىجرا قىلىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن بىر يۈرۈش نىزاملارغا تايىنىلىدۇ. بۇ ئاساسىي نىزاملاردىن سىرت، ئىنساننىڭ سالامەتلىكى، مالىيە ئەھۋالى، ئەتراپ مۇھىتىنىڭ سىياسىي خاراكتېرى قاتارلىقلارمۇ بار. مالىيە ئەھۋالى ياخشى بولمىغانلار ھەجگە بارمىسىمۇ، قۇربانلىق قىلمىسىمۇ؛ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلار ناماز ئوقۇمىسىمۇ، روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. دانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا تەۋە بولغان ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىدىن مۇۋاپىق دەپ تونۇلغان قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇرۇش مەزگىلىدە ناماز ئوقۇلمايدۇ، روزا تۇتۇلمايدۇ، ھەجگە بېرىلمايدۇ، زاكات بېرىلمەيدۇ. ئىبادەت قائىدىلىرىدە ھەممىدىن مۇھىمى بەش ۋاخ ناماز ھېسابلىنىدۇ. سۈننىيلىكتە نامازنىڭ ۋاقتى ئوچۇق، جەريانى ئېنىق: سۈننىيلىك نامازنى «سۈننەت»، «پەرز» دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. «پەرز» ئەگەرى تەرىپىدىن بۇيرۇلغان، «سۈننەت» بولسا مۇھەممەتنىڭ قىلغىنىنى قىلىشقا تايانغان نامازدۇر. پەقەت ناماز توغرىلىق تۆت مەزھەپنىڭمۇ سۈننىي بولغانلىقىغا قارىماي، كۆز قاراشلىرى پەرقلىق بولىدۇ. شافىلار بىلەن ھەنەفىيلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ تۆت چوڭ مەزھەپتىن باشقا، يەنە سۈننىيلىكنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ئىككىنچى دەرىجىلىكلىرىمۇ بار. ئۇلاردىن بەزىلىرى پەقەت ئىمانغا، بەزىلىرى بولسا ئەقلىگە يۆلىنىدۇ. بۇلار سۈننىيلىكنىڭ ئىككىنچى تارمىقى دەپ تونۇلغان تۇنجى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. دەسلەپكى ئۈچى ئەسەرىيە، ماتورىدىيە، ئەشارىيەدىن ئىبارەت. ئۇلاردىن كېيىن يەنە سۈننىيلىككە تايانغان مەزھەپلەرمۇ بولغان: ۋاھابىيە، مەھدىيە. سۈننىيلىكنىڭ سىرتىدا قالغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ توپ قاراشلىرىنى باشقا بىر جەھەتتىن شەرھلەپ، سۈننىيلىكتىن ئايرىلىپ چىققان پۈتۈن مەزھەپلەرنىڭ يىغىلغان چوڭ بىر قىسمى شىئەلىك ياكى شىئە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## شىئە ــ شىئەلىك

ئىسلام دىنىدا ئەلى بىن ئەبۇتالىبنىڭ نەسى-ۋەسىيتى بىلەن ئىمام ۋە خەلىپە بولالىغانلىقىنى، ئىمامەتنىڭ پەقەت ئەلى بىن ئابۇتالىبنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرگە

ـەنۇپ ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغان ئېتىقاد يولى — شىئىلىك دېيىلىدۇ.

شىئىلىك — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەلىنىڭ تۇنجى خەلىپە بولۇشى لازىم، دەپ تونۇغانلارنىڭ سىياسىي ئېقىمى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن: ئۇ، 661 - يىلى ئەلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە 680 - يىلى كەربالا ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر سىياسىي ئېقىم سۈپىتىدە راۋاج تاپىدۇ. ئەھلى بەيت تەرەپدارلىرىنىڭ سۈننىي مەزھەپتىن ئايرىلغان بىر مەزھەپ تەرىقىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

ئەلى نەسلىنىڭ دۆلەت ۋەدىن رەھبەرلىكىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە، 901 - يىلى يەمەندە بىر شىئە دۆلىتى قۇرۇلدۇ. X ئەسىردە، ئىراق ۋە ئىراندا ناھايىتى تېزلا كېڭىيىدۇ. ئىراندا زەررىكۈلاھ فىروزشاھ شىئىلىكنى ناھايىتى كەڭ دائىرىگىچە كېڭەيتىدۇ، (1174 - يىلى) نەۋرىلىرىدىن سافىيوددىن (1252 — 1335 - يىللىرى)، شىئى ئېتىقادىنى دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا رەھبەرلىك ئىدىيىسى قىلغان سافەۋى خاندانىنىڭ قۇرغۇچىسى بولىدۇ. سافىيوددىننىڭ نەۋرىسى شەيخ گۈنەيدىن (1460 - يىلى ۋاپات بولغان) زامانىدىن ئېتىبارەن، ئىراننىڭ ھاكىمىيىتى شىئەلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بۇ ھاكىمىيەت شاھ ئىسمائىل (1524 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن ئەڭ كەڭ چېگرىغىچە كېڭەيتىلدۇ.

شىئىلىكنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى نېمە؟ ئەلىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويغان قائىدىلەرگە قارىغاندا:

1. شىئە - ئى ئۇلا (تۇنجى شىئىلار) خەلىپىلىك ئۈچۈن ئەلىگە ياردەم قىلغان ئەسھاب ۋە تابىئى تۇتقان ئېتىقاد يولىدۇر.

2. ئۇسۇلى شىئە (شىئىلارنى ئايرىغان ئۈچ تارماق). مۇفەددىلار (ئەلىنى ئەسھابىدىن ئۈستۈن قويىدىغانلار)، سابىبەھ ۋە تابەررائىيە (ئەسھابىنى يامان كۆرگەن ياكى ئۇلاردىن ئۇزاق تۇرىدىغانلار)، غالىيە ۋە يامۇئەللىھە (ئەلىگە ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرمەت قىلىدىغان ياكى ئىلاھلاشتۇرىدىغانلار)، ئەلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن راۋاج تاپقان شىئىلىك تارماقلىرى، قەيسانىيە، زەيدىيە، ئىمامىيە ۋە غالىيە دۇر.

شىئىلىكنىڭ پۈتۈن تارماقلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان تۆپكى ئىشەنچلەر مۇنۇلاردۇر: خەلىپىلىك ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئەلىگە بېرىلگەن بولىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغانلەرلا خەلىپە بولۇشى شەرت. ئەلى نەسلىدىن بولغانلار (12 ئىمام) مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. ئەلىنى ھىمايە قىلغانلارنى ھىمايە قىلىش (تەۋەللام)، ئۇنى

ھىمايە قىلمىغانلارنى ھىمايە قىلماسلىق (تەبەررۇھ) كېرەك. 12- ئىمام مەھدى تىرىك، ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە باشقىدىن تىرىلىدۇ (دۇنياغا كېلىدۇ)، پۈتۈن ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرسىتىدۇ. كۇفىدە ئەلىنىڭ، كەربالادا ھۈسەيىننىڭ، كازىمىيدە مۇسا قازىننىڭ، سامارادا ھەسەن - ئول - ئەسكەرنىڭ ماقاملىرى بولۇپ، بۇ جايلار مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ.

شىئەلەرنىڭ ئەڭ مۇقەددەس كۈنى — مۇھەررەم ئايىنىڭ 10- كۈنىدۇر. بۇ كۈن كەربالادا ھۈسەيىننىڭ شېھىت بولغان كۈنى 10- كۈنىدۇر. بۇ كۈن كەربالادا ھۈسەيىننىڭ شېھىت بولغان كۈنى بولۇپ خاتىرىلىنىدۇ. مۇھەررەم مۇراسىملىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ئىراندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، مۇشەببەھ (تەقلىد قىلىنغان) مۇراسىمى دەپ ھېسابلىنىدۇ.

شىئەلەر ئىبادەت ھەققىدە سۈننىيلەردىن پەرقلىق كېلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئۆزلەشتۈرىدۇ، ئاللانىڭ بىرلىكىگە، ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئەمما شەرىئەت قائىدىلىرى، تەفسىر، كەلىمەلەر توغرىسىدا سۈننىي قاراشلىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

شىئىلىك، بۈگۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ بىر مۇنچىسىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەڭ كەڭ تارالغان مەملىكەت ئىراندۇر، ئاناتولىيىنىڭ بەزى رايونلىرىدا. بولۇپمۇ شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاناتولىدا ئۆزگىرىش شەكلىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە، تات، كۇرت، تاجىك رايونلىرىدىمۇ خېلى ساندا شىئە مەزھەپدىكىلەر بار. رايونىمىز شىنجاڭنىڭ تاشقورغان رايونىدا ياشىغان تاجىك خەلقى شىئە مەزھىپىگە تەۋەدۇر.

## سافەۋىلەر

سافەۋىلەر — ئىراندا بىر تەرىقەت ۋە دۆلەت قۇرغان تۈرك خاندانىدۇر. خاندان بۇ ئىسمنى سافەۋىيە تەرىقاتى شەيخى سافىيوددىندىن ئالغان. شەيخ سافىيوددىننىڭ ئوغلى سەدرىددىن مۇسا زامانىدا (1334 — 1392 - يىللىرى) سەفەۋىلەرنىڭ مەنىۋى ئېتىبارى ئۆسىدۇ. شەيخ سەدرىددىن ۋە مۇسانىڭ ئوغلى خوجا ئالائىددىن ئەلى زامانىدا، تۇنجى ئوسمانلىق پادىشاھلىرى بۇ تەرىقەتنىڭ شەيخلىرىگە ھەر يىلى «چارەك ئاقچىسى» دېگەن نامدا ھەدىيە يوللاپ تۇراتتى. خوجا ئالائىددىن ئەلىگە قەدەر سۈننىي بولۇپ كەلگەن بۇ تەرىقەت، ئەلى نەسلىدىن بولغان ئىسنا ئاشادىيار (ئون ئىككى ئىمام) غا ئىشەنگەنلەرنى تولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىئە بولغانىدى؛ تەرىقەت شەيخلىرى شەيخ جۇنەيدتىن ئېتىبارەن سىياسىي مەقسەتلەر

بىلەن ئىش قىلىشقا كىرىشىدۇ؛ جۇنەيد شەيخلىقنى شاھلىققا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، شىئىلىكنى تامامەن ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئاتىسىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. ئەزەربەيجان، شەرقىي ئاناتولى ۋە ئىراننىڭ باشقا رايونلىرىغا مۇرىتلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ھەممىلا يەردە جۇنەيدكە قارشى ئىسيانلار بولىدۇ. قارا قوينلۇق ھۆكۈمدارى جاھانشاھ بۇ ئىسيانلار تۈپەيلىدىن جۇنەيدنى قوغلاندى قىلىدۇ. جۇنەيدمۇ ئاناتولىدىكى ئالەۋىلەر ئوتتۇرىسىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن مۇراد II گە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئەمما تەلىپى رەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇنەيد ئىچەل رايونىدا، غەربىي - جەنۇب ئاناتولىدا، شىمالىي سۈرىيىدە، تۈركمەنلەر (بولۇپمۇ ۋارساقلار) ئوتتۇرىسىدا تەشۋىقات ئىشىغا كىرىشىدۇ. بىر ئەمىرلىك قوشۇننى توپلايدۇ. مەملۇك سۇلتانلىقىنىڭ مۇداخىلە قىلىشى تۈپەيلىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ. ترابزون رۇم دۆلىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇش بىلەن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇش بىكارغا كېتىدۇ. ئاندىن ئاققوينلۇق ھۆكۈمدارى جاھانشاھقا قارشى جۇنەيدنىڭ تەرەپدارلىرىدىن پايدىلىنىش كويىغا چۈشكەن ئۇزۇن ھەسەن سىڭلىسى ئالەمشاھ خوتۇننى جۇنەيدكە ئېلىپ بېرىدۇ (1458 - يىلى). شەيخ جۇنەيد شىمالىي ئەزەربەيجان ۋە داغىستان ھۆكۈمدارى خالىل بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا 1460 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

جۇنەيدنىڭ ئالەمشاھتىن بولغان ئوغلى — شەيخ ھەيدەر 1460 - يىلى شەيخلىققا ئولتۇرۇپ، ئاتىسى جۇنەيدنىڭ ئىشىنى 1488 - يىلغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئەھۋالنى ئوڭشايدۇ. مۇرىتلىرىغا 12 ئىمامنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە 12 تىلىملىك قىزىل تاج كىيگۈزىدۇ، سەللە يۆگىتىدۇ. شۇڭا تەرىقەت مەنسۇپلىرىغا «قىزىلباشلار» ياكى «ھەيدەرىلەر» دېگەن نام بېرىلىدۇ. ھەيدەر شىرۋان ھۆكۈمدارى فەررۇھ پاسار بىلەن ئۇرۇش قىلغان مەزگىلدە 1488 - يىلى ئۆلىدۇ.

شاھ ھەيدەرنىڭ ئوغلى شاھ ئىسمائىل (1487 — 1524 - يىلى) بوۋىسى ئۇزۇن ھەسەن قالدۇرغان دۆلەتكە باشلىق بولۇش ئۈچۈن، سافەۋى جامائىتىگە تەۋە بولغان تۈرك قەۋملىرىنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. ئەزەربەيجاندا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئاققوينلۇق ئەلۋەنت مىرزىنى يېڭىدۇ. تەبرىزگە قايتىپ، بۇ شەھەرنى سافەۋىلەرنىڭ تۇنجى پايتەختى قىلىدۇ ۋە 1501 - يىلى سەلتەنەت تاجىنى كىيىدۇ. ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچلەندۈرگەن ئىسمائىل شىئىلىككە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىدۇ، سۈننىي مەزھەپكە قارشى بېسىم ئىشلىتىدۇ. جامىلەردە ئاۋۋال ئۈچ خەلىپىگە لەنەت ئوقۇلۇشىنى بۇيرۇيدۇ. قوشنا دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ تەرەپدارلىرى كۆپ بولغان ئاناتولىدا، شىئە توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزبېك خانى — شامبەك خاننى (شەيبانى) ئۆلتۈرىدۇ.

ئاندىن غەربتە ئوسمانلىقلار ۋە مەملۇكلارغا قارشى ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ، شىئە ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى خېلى ئوبدانلا ئېلىپ بارىدۇ.

بەيازىد II نىڭ قېرىپ قالغانلىقى، دۆلەت ئادەملىرىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكى، ئوسمانلىق شاھزادىلەر ئارىسىدا سەلتەنەت كۈرىشى ئېلىپ بېرىلغانلىقى، مانا بۇلار ئىسمائىلنىڭ پائالىيەتلىرىنى قولايلىق شارائىتلارغا ئىگە قىلىدۇ. لېكىن، 1514 - يىلى ياۋۇز سۇلتان سەلىم بىلەن ئېلىپ بارغان سوقۇش ئىسمائىلنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئەزەربەيجان دىيارباقىر ۋە شەرقىي ئاناتولى ئوسمانلىق دۆلىتىگە قوشۇلىدۇ.

ئوسمانلىقلار بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق زامانى شاھ تايماسپنىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. شاھ تايماسپنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىراندا مەيدانغا كەلگەن تەخت ماجىرالىرى نەتىجىسىدە، ئوسمانلىقلار بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق بۇزۇلىدۇ. شاھ تايماسپنىڭ ئورنىغا شاھ ئىسمائىل II ئىراندا تەختكە ئۆتىدۇ. ئاناتولىدىكى ئالەۋىلەرنى ۋە ئوسمانلىق دۆلىتىگە تەۋە بەزى چېگرا بەگلىرىنى ئۆز تەرىپىگە قارىتىدۇ. شاھ تايماسپنىڭ ئوغلى مۇھەممەت خۇدا بەندە 1577 - يىلى شاھ ئىسمائىل II نىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىدۇ، ھۆكۈمرانلىقىنى 1587 - يىلغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئوغۇللىرى ئابباس مىرزا ۋە ھەيدەر ھەمزە مىرزىغا قالدۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئوسمانلى - ئىران ئۇرۇشى باشلىنىدۇ.

شاھ ئابباس I (مىرزا) زامانىدا (1587 — 1629) ئوسمانلى - ئىران سوقۇشى ئاخىرلىشىدۇ. «چوڭ» ئۇنۋانى بىلەن خاتىرىلەنگەن ئابباس I - تەختكە چىققاندىن كېيىن، مەملىكىتىنىڭ ھەربىي ۋە ئىدارە تەشكىلاتىنى يېڭىباشتىن قۇرىدۇ، ئەمىرلەرنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرىدۇ، ئۆزبېكلەرنى خۇراساندىن قوغلايدۇ، ئوسمانلىقلارنىڭ بېسىمى ئالدىدا دۆلەت مەركىزىنى قازۋىندىن ئىسفاھانغا يۆتكەيدۇ، بىر مەخسۇس ھەربىي قوشۇن تەشكىللەيدۇ. ئوسمانلىقلارغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن فرانسىيە، ئەنگلىيە، لەھىستان (پولشا) ۋە پاپاغا ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ، تىجارەت ۋە سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، يېڭى پايتەختى ئىسفاھاننى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئوسمانلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىران تۇپراقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئۇرۇش ناسۇھ پاشا كېلىشىمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سافەۋىلەرنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە توغرا كېلىدۇ.

شاھ ھۈسەيىن زامانىدا (1694 — 1727 - يىللىرى) دىنىي ئادەملەر دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلايدۇ، شىئە بولمىغانلارغا بېسىم ئىشلىتىلىدۇ. قاندا ھار

ۋالىيسى مىرۋەيس 1709 - يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدۇ. 1722 - يىلى مىرۋەيسنىڭ ئوغلى مەھمۇت ئىسفاھاننى ئىشغال قىلدۇ، سۇلتان ھۈسەيىننى 1727 - يىلى تەختتىن چۈشۈردۇ.

قوماندان نادىر 1729 — 1732 - يىللىرى ئوتتۇرىسىدا تايماسپ II نى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇ، ئافغانلارنى ئىراندىن قوغلىدۇ.

تايماسپ II دىن كېيىن، قوماندان نادىر 1732 — 1736 - يىللىرى ئابباس III نى تەختكە چىقىردۇ، تېخى چوڭ بولمىغان ئابباس III نىڭ ئۆلۈشى بىلەن، نادىر سەلتە- نەتنى قولغا چۈشۈردۇ ۋە ئۆزىنى (1736 - يىلى) شاھ دەپ ئېلان قىلدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىراندا سافەۋى خاندانى ئاخىرلاشدۇ، نادىر شاھ بىلەن ئاۋشارلار دەۋرى باشلاندۇ.

سافەۋىلەر — تۈرك نەسلىدىن بولۇش بىلەن بىللە، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ساداتى ھۈسەينىيە (ھۈسەيىننىڭ ئەۋلادى) دىن قىلىپ كۆرسەتتۇ. ئەڭ كۈچلۈك زامانلاردا ئىران، خۇراسان، شەرقىي - جەنۇب ئاناتولى، ئىراق، گۇرجىستان ۋە جەنۇبىي كاپكازنى قولغا ئالدۇ. غەربتە ئوسمانلىقلار، شەرقىي شىمالدا ئۆزبېكلەر (شەيبانىلار) بىلەن كۈرەش قىلدۇ، دۆلەت تىلى تۈركچە ۋە پارسچە بولدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئاققويلۇق ئىدارە ئورگانلىرىنى ئۆرنەك قىلدۇ. چالدىراندىن كېيىن، ئوسمانلىقلارنىڭ رەھبەر- لىك ئۇسۇلىدىن پايدىلاندۇ. سافەۋىلەر زامانىدا شاھ مۇتلەق ھاكىم بولدۇ، بىر مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلدۇ. شاھ ئابباستىن ئاۋۋالقىلىرى ئەنئەنىلەرگە ماس كەلگەن ھالدا شىئە مۇتەۋەللىرىنىڭ پىكىرلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بەزى رەھبەرلىك ئورگانلىرى ئاتىدىن بالىغا قالدۇ. دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋەزىرى بۇزۇرۇق بولدۇ، بۇ ۋەزىرگە ئىتىمادۇددەۋلە ياكى نۇۋۋابى ئىران مەدارى دېيىلدۇ، ئۇنىڭ تامغىسى بولمىغاندا ھەر قانداق ھۆكۈم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئاندىن كېيىن مالىيە ئىشلىرىغا نازىر بويۇتات مەسئۇل بولدۇ، دىۋان بېگى ئادالەت دىۋانىغا باشلىق بولدۇ. مىرشىكار ۋە مىراھۇرباشى (ئىمرا ھۇر باشى) شاھنىڭ مەخسۇس خىزمىتىنى قىلدۇ. ئاققويلۇق تەشكىلاتىغا ئاساسەن قۇرۇلغان ھەربىي قوشۇننىڭ نۇقسانى چالدىران ئۇرۇشىدا ئاشكارا بولۇپ قالدۇ، شاھ ئابباس ياۋروپادىن مۇتە- خەسسىسلەر كەلتۈردۇ، يېڭى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان بىر قوشۇن قۇردۇ. «دۆلەت ئارمىيىسى»، «شاھ ئارمىيىسى» دەپ ئىككى ئارمىيىگە بۆلۈندۇ، دۆلەت قوشۇنى تەرىقەت ئىگىلىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

## ئالەۋىلىك:

ئەلىنى باشقا ساھابىلەردىن ۋە ئۈچ خەلىپىدىن ئۈستۈن قويىدىغان مەزھەپ ۋە ئۇنىڭغا ئائىت تەرىقەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى — ئالەۋىلىكتۇر.

ھەزرىتى مۇھەممەتتىن كېيىن ئابابەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنى قوبۇل قىلغۇچىلار خەلىپىلىك ۋە ئىماملىق ئورنىغا ئابابەكرىنىڭ ئەمەس، ئەلىنىڭ ئۆتۈشىنى ھىمايە قىلغانلارغا «ئەلىگە مەنسۇپ» ئېتىقاد جەھەتتە «ئەلى تەرەپدارلىرى» مەنىسىگە كەلگەن «ئالەۋى» لەر دەپ نام بېرىشتى. ئالەۋىلىك خەلىپىلىكتە ئەلىنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى، ئابابەكرىنىڭ خەلىپىلىككە سايلىنىشىنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ يولىغا ۋە ئۆزىگە خىيانەت مەنىسىگە كېلىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئالەۋىلەر ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى ئۈچۈن ئورغۇن سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەلى — پەيغەمبەرنىڭ تەبىئىي ۋارىسىدۇر. مۇسۇلمانلىقنى ھەممىدىن ئاۋۋال قوبۇل قىلغۇچى ئەلى ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەم كۈيئوغلى ئىدى. ئىسلام ئورۇشلىرىنىڭ قەھرىمانى دەپ ئاتالغان ئەلى پۈتۈن ھاياتى بويىچە ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولغان، مۇھەممەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا قارىغان.

ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلىگە بولغان يېقىنچىلىقىنى ۋە ئىشەنچىنى كۆپلىگەن ۋاقىتلاردا بىلدۈرگەن، ۋاپاتىدىن كېيىن ئەلىنىڭ ئىمام بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋاستە ئارقىلىق ئۇممەتلەرگە ئۇقتۇرغان. بۇ قاراشقا ئىشەنگەنلەر ئىماملىقتا ئەلىنىڭ ئورنىغا ئابابەكرىنىڭ، ئاندىن ئۆمەرنىڭ ۋە ئوسماننىڭ ئۆتۈشىنى ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ يولىغا زىت ۋە «باتىل» دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار «باتىل» (شەرىئەت قائىدىلىرىگە، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئويغۇن بولمىغان) لار بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىدۇ.

ئالەۋىلەر، ئەلىدە باشقا خەلىپىلەردە بولمىغان بەزى تەڭرىشۇمال خۇسۇسىيەتلەر بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇنداق قاراش ۋە ئىشەنچنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەڭرىنىڭ ئەلى زامانىدا ئىنسان قىياپىتىدە پەيدا بولىدىغانلىقىنى، ئۇ «تەڭرى ئىنسان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ياقلاپ چىققۇچىلارمۇ بولىدۇ. ئۇلارغا «ئەلى ئاللاھلار» دېيىلىدۇ. ئۇلارچە، ئەلى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغانلار (ئون ئىككى ئىمام) مۇقەددەستۇر. بۇ قاراش، بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنى ئىچىدە بىر-بىرىدىن پەرق بولغان ئېتىقاد گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، بىريۈرۈش سىياسىي ئايرىملىق گۇرۇپپىلىشىشقا يول ئاچىدۇ.

ئەلى ۋاپاتىدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، بولۇپمۇ كەربالا ۋەقەسى — ھۈسەيىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى — ئالەۋى جامائەتچىلىكىنىڭ سىياسىي بىر قاراش ئەتراپىدا

بىرلىشىشكە سەۋەب بولىدۇ. ئاندىن شىئە (شىئىلىك) دەپ ئاتالغان ۋە كۆپىنچە
ئىراندا راۋاجلانغان ئالەۋى مەزھىپىنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى تولۇقلىغان بولۇپ ئۆتىدۇ.
ئالەۋىلىك ئىراندىن كەلگەن كونا دىنىي قاراشلار بىلەن چىرمىشىپ كېتىدۇ. ئىسلام
دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى — ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونا دىنلارنى ئاجىزلاشتۇرىدى-
غانلىقىنى؛ ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئالغا بېسىشىنى بولسا بەزى شەرق دۆلەتلىرىنى
ئىستېلا قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىران-
لىقلار ئىسلاملىقنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇپ راۋاجلانغان بۇ كۆز قاراشنى قەدىمىي دىن
ۋە سىياسەتلەر بىلەن بىللە ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئالەۋى ئېتىقادىنىڭ ئۈچ مۇھىم
تارمىقىدىن بىرى بولغان شىئە تارمىقى مەيدانغا كېلىدۇ. ئالەۋى ئېتىقادى مۇشۇ نام
بىلەن تېزلا تەرەققىي قىلىدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يېڭى بىر مەزھەپ خاراكتېرىنى
ئالىدۇ. بۇ ئىشەنچ روھىنىڭ بەدەندىن بەدەنگە كۆچۈشىنى قوبۇل قىلغان ھىندى ئىشەنچ-
لىرىمۇ ئىراننىڭ تەسىرى بىلەن بۇنىڭغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئالەۋى ئېتىقادى بىر
تەرەپتىن كونا ئاناتولىغا، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندىستان ۋە ئىرانغا، بىر تەرەپتىن
ئىسلام دىنىنىڭ تۇغۇلۇپ راۋاجلىنىشىنى مۇمكىن قىلغان ئەرەب ۋە يەھۇدى ئەنئەس-
گە تايانغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن
ئالەۋىلىك VIII—IX ئەسىرلەردە، سۈننىيلىكنىڭ ئېغىر بېسىمى ئارقىسىدا راسا كېڭىيەل-
مەيدۇ. پەقەت X-، XI-، XII-، XIII- ئەسىرلەردە، بولۇپمۇ XV-، XVI- ئەسىرلەردە
تېز راۋاج تاپىدۇ. ئانا تولى، ئىران، تۈركىستان، مىسىر، يەمەن ۋە ئىراقتا كېڭى-
يىدۇ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ يارىتىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.
XIV—XV ئەسىرلەردە ۋە XVI - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئانا تولى ئالەۋىلىك چۈشەن-
چىسىنىڭ ئەڭ كۆپ تەرەققىي قىلغان بىر رايونى بولۇپ قالىدۇ (ئىراندىن قالسا).
بولۇپمۇ XIII - ئەسىردىن كېيىن، ئالەۋىلىك ئانا تولىدا تېخىمۇ كۆپ خەلق تەرىپىدىن
قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ.

ئالەۋى ئىشەنچىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى: ئالەۋى ئىشەنچىسىگە قارىغاندا،
ئاساسىي نەرسە ئىماملىقتۇر. ئىماملىق تەڭرىدىن ۋە ھەزرىتى مۇھەممەتتىن كېيىن
كەلگەن ئەڭ مۇھىم ماقامدۇر. ئىماملىق سايلام يولى بىلەن ئەمەس، تەڭرىنىڭ ئەم-
رى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەت نەسلىدىن بولغان بىرسىگە بېرىلىشى شەرت. ئەلىگە
ئىماملىق تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەن بولىدۇ. ئىماملىق ئاتىدىن ئوغلىغا قالىدۇ،
سايلام يولى بىلەن نەسىل ۋارىسلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئىمام — يەر يۈزىدە تەڭرىنىڭ
ۋەكىلى بولۇپ، تەڭرىگە ئەڭ يېقىن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەلى ئىنسان قىياپىتىگە
كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلمەستۇر، سۆزلىرى، بۇيرۇقلىرى شۈبھىسىز كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۇجەھەتتە، تەڭرىنى سۆيۈش — ئەلنى سۆيگەنلىك؛ ئەلنى سۆيۈش — تەڭرىنى سۆيگەنلىك بولىدۇ. ئەلنى سۆيمىگەن تەڭرىنى؛ تەڭرىنى سۆيمىگەن ئەلنى سۆيمەسلىك بىلەن تەڭ. ئەلنى سۆيگەننى سۆيۈش، سۆيمىگەننى سۆيمەسلىك كېرەك (تەۋەللا ۋە تەبەررا).

ئەلىدىن كېيىن، ئىماملىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا كۆچىدۇ. ھەققىي ئىمام 12 دۇر. ئۈنجى ئىمام — ئەلى، ئاخىرقى ئىمام ئەلىنىڭ نەۋرىسى مەھدىدۇر. مەھدى «ئۆلمىگەن» بولۇپ، باشقىلار ئارىسىغا «سىڭىپ كەتكەن» بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەڭرىدىن چۈشكەن بىر ئەمر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرىدۇ، ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ، ئەسكىلىكلەردىن ساقلاپ قالىدۇ. ئىماملىق ئورنى مۇقەددەستۇر، ئىمام گۇناھ قىلمايدۇ، كەمچىلىك ئۆتكۈزمەيدۇ، ھەر قانداق گۇناھتىن، كەمچىلىكتىن خالىي بولىدۇ، شۇڭا ئىمامنىڭ سۆزى تەڭرىنىڭ سۆزىگە تەڭ. چۈنكى ئۇ تەڭرىنىڭ تىلى ۋە ئىرادىسى بىلەن سۆزلەيدۇ. 12 ئىمامغا قارشى قىلىنغان ھەر قانداق گۇناھ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى 12 ئىمامنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئايرىم مۇقەددەسلىكى بار. تۈرلۈك ئارماقلارغا بۆلۈنگەن ئالەۋىلەر ئۇمۇمەن ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئان بىلەن ئۇقتۇرۇلغان پۈتۈن پىرىنسىپلىرىنى «توغرا» دەپ تونىغان ھالدا ئالەرگە ئىشىنىدۇ. تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى، ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ رەسۇلۇللا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. سۈننىي مەزھەپلىرىنىڭ ھېچبىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ مازىرىنى، ئىماملارنىڭ يېرىنى زىيارەت قىلىدۇ، بەزى ئالەۋىلەر ھەجگە بارىدۇ، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، ئىبادەت يوسۇنلىرى پەرقلىق بولىدۇ، بەزى ئالەۋىلەر ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ، ئىنساننى تەڭرى بىلەن ئوخشاش كۆرۈپ، ئوتتۇرىدا پەرق يوق دەپ تونۇيدىغان، روھى كۆچكە ئىشىنىدىغان، قىيامەتكە، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ئالەۋىلەر ئىسلام دىنىغا ئائىت زۆرۈرى ئىبادەتلەرنىڭ ھېچبىرىنى قىلمايدۇ، ئالەۋى ئېتىقادىدا، ئەلى — ئاللاھى چۈشەنچىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەھدى ئەپسانىسىنى يوققا چىقىرىدىغان ۋە بەش ئەزا بىلەن ئىدراك قىلىدىغان دۇنيانىڭ سىرتىدا بىر ھەقىقەتنىڭ، ماددىدىن باشقا ياراتقۇچى بىر كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئەر - ئايال دەپ ئايرىمايلا ئىچىملىكلەر ئۇيۇشتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېچىش قىلىدۇ. ئەمما، بۇنداق سورۇنلاردا ئاسىلىق قائىدە-يوسۇنلارنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ.

## باھائىلىق

باھا ئۇللانىڭ ئوغلى ئابدۇلباھا ئابباس ۋە نەۋرىسى شەۋقى رەببانى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ئىشەنچىدۇر. بۇ ئىشەنچىگە قارىغاندا، پۈتۈن دىنلار

چوڭ پەرقلەرگە قارىماي بىرلا ھەقىقەتنى ئۆگىتىدۇ. باھائىلەرنىڭ غايىسى — ئىرق، دىن ۋە جىنسىي پەرقلەرنى تۈگىتىپ قېرىنداشلىق يارىتىش، دىنىي ۋە مىللىي ئېتىقادقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىبادەتلىرى پەرقلىقتۇر. ھەر يىلنىڭ ئاخىرقى 19 - كۈنى روزا تۇتىلىدۇ، مەخسۇس نامازلىرى بولۇپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ ئوقۇلىدۇ. ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى « زىيافەتى روزنوزده هوم يەنى 19 - كۈننىڭ زىياپىتى دېگەن نام بىلەن يىغىلىش ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇ كۈنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي كىتابلىرىدىن پارچىلار ۋە دۇئالار ئوقۇلىدۇ. توي قىلىش، نىكاھتىن ئاجراش، زىنا ۋە مىراسقا ئوخشاش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىسلاملىقتىن پەرقلىق ئالاھىدە دىنىي يوسۇنلىرى بولىدۇ.

بۈگۈن باھائىلار دۇنيانىڭ كۆپلىگەن يېرىدە ياشايدۇ. گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھرىدە، ئاۋستىرالىيىنىڭ سىيدنەي رايونىدا، ئۇگاندانىڭ كامپالا شەھرىدە، ئامېرىكىنىڭ ۋىلمەت رايونىدىمۇ يىغىن مەيدانلىرى بار. بۇ يىغىلىش مەيدانلىرىغا «ھازىرە تۇلقۇددوس» دېيىلىدۇ. 1902 - يىلى ئاشىخا باتىتا، 1953 - يىلى چىكاگو ئەتراپىدا ئىككى چوڭ ئىبادەتخانا قۇرۇلغاندى. چىكاگودىكى ئىبادەتخانىسى «مەشرىقۇلئەزكار» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

باھائىلىق ئۆزىگە قەدىمىي چوڭ دىنلارنىڭ زورۇر خاتىمىسى ۋە تولۇقلىغۇچىسى دەپ قارايدۇ.

## درۇزىلىق ۋە درۇزىلەر

سۇرىيە ۋەلىۋاندا ياشايدىغان درۇزىلەر مۇسۇلمانلىقنىڭ فاتىمى ئالەۋى تارىقىدىن ئايرىلىپ چىققان ئالاھىدە ئىشەنچكە ئىگە جامائەت. بولۇپمۇ، ھەۋران، جەبەلى — درۇز رايونىدا ئولتۇرىدىغان، ئېتنىك مەنبەسى ئېنىق بولمىغان درۇزىلەر ئۆزلىرىنى «ئەرەب» دەيدۇ، ئىسمىنىڭ مانا مۇشۇ ئېتىقاد قۇرغۇچىلىرىدىن — «ئانۇشتىگىن دەرەزى دىن ئېلىنغانلىقىنى ھېسابلايدۇ.

درۇزىلەرنىڭ ئىشەنچىدىن ئېيتقاندا، ئاللا يەتتە ئىمامدىن كېيىن فاتىمى خەلىپىسى ھاكىم بىئەمرۇللائىل مەنسۇر ئىبنى ئەزىزبىللاھ «ھاكىم بىئەمرىيە» ئىسىم بىلەن ئىنسان خاراكتېرىدە كۆرۈنگەنمىش، خەلىپىنىڭ ۋەزىرى ھامزابىن ئالىي ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىش.

درۇزىلىقنىڭ تۆت شەرتى — ھاكىمنىڭ ئاللا، بولغانلىقىغا ئىشىنىش، بۇيرۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، چەك - چېگرىسىنى بىلىش، پەند - نەسىھەتكە ماسلىشىشتىن ئىبارەت. «ھاكىم» — ھەم ئاللا، ھەم ئىنساندۇر. پەقەت ئىككى خىل كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، ئالاھۇـ

تى» (ئاللا)، ناسۇتى (ئىنسان) دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل كۆرۈنۈش بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەقىل بىلەن چۈشىنىشكە بولمايدىغان «ھاكىم» بىر نەچچە قېتىم ئىنسان قىياپىتىدە كۆرۈنگەن بولىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار پىتنە - ئىغۋا تارقىتىشقا باشلىغان ھامان يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققىنىدا دىرۇزىلەرگە مۇكاپات بېرىدۇ، ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلەرنى جازالايدۇ. «ھاكىم» ئىلاھلىقنى ۋەزىرى ھامزىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھامزا ئىنسانلارنىڭ جەۋھىرى ۋە ئەڭ شەرەپلىسىدۇ. كائىنات ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان بولۇپ، تۇنجى يارالغۇچى ئەنە شۇدۇر. روھلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان، گۇناھ ۋە ساۋابلارنى ھېسابلايدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى قولىدىن ئۆتكۈزىدىغانمۇ ئەنە شۇ. ئىلاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۆگىتىدىغان ۋەزىرلەرنىڭ باشلىقىمۇ يەنىلا ھامزادۇر.

دىرۇزىلەرنىڭ ئەخلاقىدا يەتتە نەسىھەت بولىدۇ: تەۋھىت ئىل - ھاكىم (ھاكىمنى ئاللا دەپ تونۇش)، سىدىقۇدلىسان (توغرا سۆزلۈك بولۇش)، ھافىزىل - ئىخۋان (دىنىي قېرىنداشلارنى ئاسراش)، تەركىشى ئىبادەتىل - ئادەم ۋەل - بۆھتان (ئادەمگە، بۆھتانغا ئىشىنىشتىن ۋاز كېچىش)، ئەر - رىزالىھۆكمى ھاكىم ۋە فىلىھى (ھاكىمنىڭ ھۆكمىگە ۋە ھەرىكىتىگە رازى بولۇش)، تەبەررى مىنەلئاباس ۋەتتۇھۇت (ئىبلىسلار ۋە ۋەھشىيلەردىن يىراق بولۇش)، تەسلىمى نەفس (بويۇن ئېگىش).

ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ تۈپ شەرتلىرىنى ئۆزگەرتىدىغان دىرۇزىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا «ھالاۋات» دېيىلىدۇ. ئۇلار شەرىئەت يولىنىمۇ، شىئى - باتىنى ئىشەنچلىرىنىمۇ رەت قىلىدۇ. ئۆز ئىچىدە دىنىي ئىشلارنى بىلىدىغانلار ۋە بىلمەيدىغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ئىشەنچلىرىنى - ھەقىقىي بىر خۇدا ئىشەنچىسى، ئۆزلىرىنى بولسا «مۇۋاھىت» دېيىشىدۇ. قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتقا ئوخشاش ئىككى ھېيتى بار.

دىرۇزىلىق 1217 - يىلدىن ئېتىبارەن سۈرىيە تاغلىرىدا ياشىغان ئىسمائىلىلەرنىڭ ھاكىمنىڭ تەڭرىلىكىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە كۆچەنگەن ئانۇشتىكىن دەرەزى، ھامزا بىن ئەلى تەرىپىدىن يېڭىلىگەندىن كېيىن، بېيرۇت، سايدا، ۋادىئەت - تەيىم ۋە شام رايونلىرىدا تېزلا كېڭەيدى. بۇ يەردىكى دىرۇزىلەر ۋە ئىسمائىلىلەر ھاجلى سەپەرلىرىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى خىرىستىئانلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇستۇنلۇك قازانغان ھامان ھاجلىلار بىلەن ھەمكارلاشقانلار فرانكلار بىلەن بىللە «ئانتى - لوبنان» تاغلىرىغا چېكىنىدۇ، 1287 - يىلى سۈننىيلەر بىلەن دىرۇزىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىقلار تۈپەيلىدىن سۈركىلىشلەر بولىدۇ، مىسىر - مەملۇك قوشۇنلىرى 1293 - يىلى بۇ ئىسـ

يانى باستۇردۇ. سۈننىي - درۇزى توقۇنۇشى خرىستىئان مارۇنىلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ، درۇزىلەر باشقا نۇرغۇن ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئوخشاش «قايسى» ۋە «يەمانىي» دېگەن ئىككى رەقىب گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1516 - يىلى بىر تەرەپ ئوسمانلىقلارنىڭ، يەنە بىر تەرەپ مەملۇكلارنىڭ تەرىپىنى تۇتىدۇ. ياۋۇز سۇلتان سەلىم سۈرىيىدە يېڭى بىر دۆلەت رەھبەرلىكىنى قۇرغاندا، ھەربىي قوشۇنلارنى ئۆز تەرەپدارى بولغان درۇزىلەرنىڭ ئەمىرى پەخرەدىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. 1660 - يىلى شامنىڭ ئوسمانلىق ۋالىيسى فازىل ئەخمەت پاشا سىھابى ئەمىرى بەشىرنى ۋەكىللىككە تاللايدۇ. 1697 - يىلى بەشىر دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەبەلدە بىر قانچە يۈز يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن رەھبەرلىك سىستېمىسى بۇزۇلىدۇ ۋە يېڭى بىر فېئوداللىق سىستېمىسى پەيدا بولىدۇ. ھەر قايسى جەمەتلەر ھەر قايسى جايلاردا ھاكىمىيەت قۇرىدۇ. لىۋاندىكى شەھەرلەردىمۇ بارغانسېرى كۈچلەنگەن ئوسمانلىقلارنىڭ كونترولى ئاجىزلىشىدۇ. XVII - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ خرىستىئان مىسسىئونېرلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان بەزى درۇزى ئەمىرلىرى خرىستىئان دىنىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان - خرىستىئان توقۇنۇشىغا ئۇرۇق چېچىلىدۇ.

جەززار ئەخمەت پاشا بىلەن ئىبراھىم پاشا (مۇھەممەت ئەلى پاشانىڭ ئىسيانىدىن كېيىن) دايىما درۇزى توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمىر بەشىر بەزىدە ئوسمانلىقلارنىڭ، بەزىدە ئىبراھىم پاشانىڭ تەرىپىنى تۇتۇپ ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مەلۇم مۇددەت پايدا كۆرىدۇ. ئابدۇمەجىدنىڭ تەختكە چىقىشى ۋە لوندون كېلىشىمىدىن كېيىن، ئىززەت مۇھەممەت پاشا سۈرىيىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئەمىر بەشىرنى خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بەشىر قاسىم مەلىكەنى قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەبەلى درۇزىدىكى مۇھەممەت ئەلى پاشانىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئوسمانلىقلار دايىما مارۇنىلار بىلەن دۇرزىلەر ئوتتۇرىسىدا چىققان قانلىق ۋەقەلەرنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. سايدا ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بېيرۇتقا كۆچۈرۈلىدۇ. ئالۋان - ياساقلار ئازايتىلىدۇ. مۇشۇنداق تەدبىرلەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، توپىلاڭلار ۋە قالايمىقانچىلىقلار تۈگىمەيدۇ. بىر مەزگىل يەرلىك ئەمىرلەرنىڭ ئورنىغا مەركەزدىن ئەمىر تەيىنلەش بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ سۈرىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا مۇداخىلە قىلىشقا كىرىشكەن ئاۋستىرىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرى بۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ. مەشھۇر دىپلومات شەكىنى ئەپەندى (1846 - يىلى) مەركەزگە قاراشلىق بىر رەھبەرلىك سىستېمىسى قۇرۇپ، خەلقنى ۋە باشقا دۆلەتلەرنى خۇشال قىلىدۇ. 1861 - يىلى جەبەلنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى

ئوسمانلىقلارغا تەۋە بىر خرىستىئان ۋالىيسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدۇ. خەلق ۋەكىللىرى بۇ ۋالىيلىقتا ۋەزىپىگە تەيىنلەندۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دىرۇزلەر ئوسمانلىقلارغا قارشى ھەرىكەت قىلمايدۇ. پەقەت 1918 - يىلى ئېنگلىز - فرانسۇز قوشۇنى شامنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇلار بۇيېگى تۈزۈمنى قوبۇل قىلىپ، فرانسۇزلارغا بويۇن ئېگىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، 1925 - يىلغا كەلگەندە، فرانسۇزلارغا قارشى ھەرىكەتكە كىرىشىشكە باشلايدۇ. بۇ توپىلاڭ 1926 - يىلى گېنېرال كامالنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوشۇنلار تەرىپىدىن باستۇرۇلىدۇ. 1939 - يىلى جەبەلى دىرۇز ئەمىرلىكى ئېلىپ تاشلىنىپ، سۈرىيە ھۆكۈمەتلىرىدىن بىرسىگە قوشۇلىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى لىۋان جۇمھۇرىيىتىگە باغلىنىدۇ. بۈگۈن سۈرىيىدە 160 مىڭ، لىۋاندا 106 مىڭ، ئىسرائىلىيىدە 23 مىڭ دۇرزى بار.

## خارىجىلەر — خارىجىلىق

خارىجىلەر — ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن سوتچىلارنى تەيىنلەشكە قارشى تۇرغۇچىلار. ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سىففىن ( Siffin ) سوقۇشىدا (1658 - يىلى) مۇئاۋىيە قوشۇنلىرى چېكىنگەندە، ئەمىر ئىبنولئاش ئەسكەرلەرنىڭ نەيىزىلىرىگە قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرىنى ئاستۇرۇپ: «سىز ۋە بىز بىر - بىرىمىزنى يوقاتقاندىن كېيىن چېگرىنى كىم مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئوتتۇرىمىزدا ئاللانىڭ كىتابى سوتچى بولسۇن» دېگەن ۋاقىراشلارنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەلى ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇرۇش توختىتىشقا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سايلىغان سوتچىلىرىنىڭ ھۆكۈملىرىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىشقا رازى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىكى تەمىم قەبىلىسىدىن كەلگەن بۇ گۇرۇپپا ئاللادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھۆكۈم چىقىرالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئاللانىڭ ھۆكمىنىلا ئاڭلايدىغانلىقىنى (لاھۆكمە ئىللالىللاد) بىلدۈرۈپ سوتچى تەيىن قىلىنىشقا قارشى چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن، ھەربىي قوشۇندىن ئايرىلىپ كۇفە ناھىيىلىرىدىن بىرى - خارۇراغا يىغىلىشقا باشلايدۇ. ئەلى ئۇلارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ئەۋەتىدۇ، ئەمما، بۇنىڭدىنمۇ بىر نەتىجە چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلى خارىجىلەر توپلانغان يەرگە كېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا خىلاپ بىرەر ئىش قىلمىغانلىقىنى قۇرئان سۈرىلىرىدىن ستاتا كەلتۈرۈپ ئىسپاتلايدۇ. شۇندىن كېيىن خارىجىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەلى بىلەن بىللە كۇفەگە قايتىدۇ، بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ۋەقە ئاخىرلاشىدۇ. بۇ مۇئاۋىيەگە پايدىلىق بولىدۇ. ئاندىن خارىجىلەر ئابدۇللابىننى ۋەھىپ ئەرراشىبنىڭ ئۆيىگە يىغىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ (658 - يىلى 21 - مارت). ئابدۇل-

لابىن ۋەھبىنى «خەلىپە» دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئاندىن كۇفەدىن چىقىپ دىجلە دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى نەھرەۋاندا يىغىلدى. باسرادىن كەلگەن خارىجىلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئەلى نەھرەۋانغا يىغىلغان خارىجىلەرگە بىر پارچە خەت يېزىپ سوتچىلارنىڭ قارارىنى قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، مۇئاۋىيە بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، خارىجىلەر بۇ خەتكە: «سەن سوتچى تەيىن قىلغانلىقىڭدىن كاپىر بولغانلىقىڭنى ئېتىراپ قىل، تەۋبە - ئەستەغپۇر ئېيت، بولمىسا سېنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىمىز. چۈنكى ئاللاھ خائىنلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. نەھرەۋاندا توپلانغان خارىجىلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇرۇشتا خارىجىلەرنىڭ ئاز قىسمىلا قۇتۇلۇپ قالىدۇ (17 - ئىيۇل 658 - يىلى). لېكىن پات - پات خارىجى ئىسيانلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، دائىما يېڭىلىپ تۇرغان خارىجىلەر مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارغا مۇئاۋىيە، ئەلى ۋە ئەمىر ئىبنۇلئاس سەۋەبچى بولغان، دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈشكە ئۈچ كىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئەلى كۇفە مەسچىتىدە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا، خارىجى ئىبنى مولجەم تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمىر ئىبنۇلئاس شۇ كۈنى بامدات نامىزىغا بارمىغانلىقى ئۈچۈن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. مۇئاۋىيە بولسا يارىلىنىدۇ.

مۇئاۋىيە دەۋرىدە، خارىجى قوزغىلاڭلىرى، فەرۋەبنى نەۋفەل ئىسيانلىرى كۇفەلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن خېلى قىيىندا باستۇرۇلىدۇ. لېكىن يەزىت I - نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خارىجى ئىسيانلىرى يەنە كۆپىيىدۇ.

نافى بىن ئەزراق، شەبىنى بىن يەزىد ئەش - شەيبانى، ئەبۇتالىب، نەجدەبىن ئەمىر ۋە ئەبۇ فۇدەيلىكلەرنىڭ ئىسيانلىرى خېلى ۋاقىت غەلىبە قىلىدۇ. بەزى شەھەرلەر مەلۇم مەزگىل خارىجىلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ھەججاج ئۇرغۇن ئىسيانىنى باستۇرىدۇ. ئابباسلار دەۋرىدە خارىجىلەر تىركىشەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئىسيانلىرى باستۇرۇلىدۇ. شۇندىن كېيىن خارىجىلىق خىزۇنۇك بىر مەزھەپ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ تارماقلىرىدىن ئىبازىيە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالدى. شىمالىي ئافرىقىدا زەنگىبارنىڭ رەسمىي مەزھىپى ئىبازىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ رايوندا خارىجى مۇراسىملىرى، ھەرىكىتلىرى، ئېتىقادلىرى، شەرىئەت قائىدىلىرى بارلىققا كېلىدۇ.

خارىجىلەرنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي كۆز قاراشلىرى خارىجىلىق تارىخىدا بىر قانچە تارماققا بۆلۈنگەن (مۇھاكىمە - ئۇللا، ئەزارىكا)، مەجەدات، سۇفرىيە ياكى زىيادىيە، ئاجارىدە، ئىبازىيە) . ئۇلاردىن ئىبازىيە ئەھلى - سۈننەتكە ناھايىتى يېقىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي كۆز قاراشلىرىدا تۈرلۈك پەرقلەر بار.

خارىجى مەزھىپىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ دىنىي، سىياسىي كۆز قاراشلىرى مۇنداق:

١. مۆمىن بولغانلار ھارام ۋە گۇناھلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىشى لازىم، چوڭ گۇناھ قىلغانلار دىندىن ئايرىلىدۇ؛

2. خارىجى بولمىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار دىنسىز ھېسابلىنىدۇ؛

3. توغرا يولدىن چىققان دۆلەت رەئىسىگە قارشى ئىسيان قىلىش ۋاجىپتۇر؛

4. كەمچىلىكسىز كۈچلۈك بىر مۆمىن (نېگىر ئەسىر بولسىمۇ) دۆلەت رەئىسى بولالايدۇ؛

5. ئەلى سوتچى تەيىن قىلىشتا خاتالاشقان دەپ سانىلىدۇ. ھۆكۈمنى پەقەت ئاللا بېرەلەيدۇ، سوتچى تەيىن قىلىشقا رازى بولغانلار كاپىردۇر؛

6. ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن، بەدەن پاكىزلىقى بولۇش بىلەن بىللە، قەلب (يۈرەك) پاكىزلىقىمۇ بولۇش كېرەك.

## يەزىدىلىك — يەزىدىلەر

خارىجىلەر ئارىسىدىكى پارچىلىنىشلاردىن مەيدانغا كەلگەن ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرىگە مەنسۇپلارغا يەزىدىلەر دېيىلىدۇ.

خارىجىلەر قۇرغان ۋە ئىسلام ئېتىقادىدىن ئۇزاقلاشقان مەزھەپلەردىن بىرى — ئىبادىيەدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر تارمىقى يەزىدىلىك دېيىلىدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ مەنسۇپلىرى ئەلىنى ئىنسان قىياپىتىگە كىرگەن «تەڭرى» دەپ قارايدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ تەڭرى — ئەلى تەرىپىدىن پەيغەمبەر سۈپىتىدە دۇنياغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

يەزىدىلەر تەڭرىنىڭ ياخشىلىق - يامانلىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىغانلىقىنى ھېسابلايدۇ. تەڭرىنىڭ ياخشىلىقتا، شەيتاننىڭ بولسا يامانلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىغا، تەڭرى بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق توقۇنۇش، زىددىيەت بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ زىددىيەتكە تەڭرىنىڭ دەستلەپتە ئۆزى بىلەن باراۋەر بولغىنىغا قارىماي قىزغانچۇقلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، شەيتاننى مۇقەددەس نەرسە دېيىشتىمۇ ۋە جەننەتتىن يىراقلاشتۇرغانلىقى سەۋەب بولغان، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، شەيتانغا ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ تەڭرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مەلىك تۇزى دەپ نام بەرگەن شەيتاننى كۆكلەرگە چىقىرىدۇ، مۇقەددەس كىتابلىرىنى «جەلدە» دېيىشىدۇ. يەزىدىلەر بۈگۈن تارقاق ھالدا ھالەپ ۋە باغدادتا، ئەزەربەيجاندا، تۈركىيىدە ياشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەر مەسىلىسىنى پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى بويىچە توغرا بىر تەرەپ قىلىش — مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا، ھەر قايسى دىن ۋە ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. شۇڭا دىنىي مەسىلىگە نىسبەتەن ئېھتىياتچان ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ سۇفى مەزھىپىنىڭ كونىلىقىنى ساقلاش، تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بوغۇشتەك پاسسىپ تەرىپىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى، ئاممىۋى ئاساسى ۋە مۇئەييەن تارىخىي مەزگىلدىكى ئوينىغان رولىنى كۆرمەي، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا «ئەكسىيەتچى» دېگەن قالپاقنى كەيگۈزۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇش چارىسىنى قوللىنىش ماركسىزملىق ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس. بىز دىنىي مەسىلىنى ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى يېتەكچى قىلغان ھالدا تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارقىلىشى، ئۇلارنىڭ تەرغىپ قىلىپ كەلگەن دىنىي ئەقىدىلىرى، بۇ مەزھەپلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 1. ئەمەلىي تەرىقەتچىلىك (سۇفىزم)

سۇفىزم — ئىسلام دىنىنىڭ بىر مەزھىپى، بۇ مەزھەپنى «روھانىستلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى — ئىستىقامەت بىلەن ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى يېتىلدۈرۈش، بىدئەتلىكنى تاشلاپ، نىيەت ئىقبالىنى توغرىلاپ ساپلاشتۇرۇش، تۇرمۇشتا رىيازەت چېكىش، ... قىسقىسى، تەركىدۇنياچىلىق يولىغا مېڭىشتىن ئىبارەت.

سۇفىزم ۋە تەرىقەتچىلىك ئىسلام دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، VII – VIII ئەسىرلەردە — ئىراقنىڭ باغداد ئۇمەييا خەلىپىلىكى دەۋرىدە — پەيدا بولغان. ئۇ چاغدا ئۇمەييا خەلىپىلىكىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار يۇڭ رەختىدىن كېيىم كىيگەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇلارنى «سۇف» لەر دەپ ئاتىغان. مىلادى VIII — IX - ئەسىرگە كەلگەندە، ئەرەب مەدەنىيەت تارىخىدا بىر خىل سۇفىزملىق ئىدىيىۋى تەسىر پەيدا بولۇشقا باشلاپ، تەدرىجىي يوسۇندا بىر خىل ئىدىيىۋى ئېقىم بولۇپ راۋاجلىنىپ، ئاخىرىدا بۇ خىل ئىدىيىۋى ئېقىم

دىكىلەر ئىجتىمائىي گۇرۇھ-بولۇپ ئۇيۇشقان ھەمدە ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئىسلام
دىنىنىڭ بىر خىل مەزھىپى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ ئەسلىدە بىر خىل سوپىزملىق
ئىدىيىۋى سىستېما بولۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىكى روھانىزىم بىلەن ئەمەلىيەتتىكى زاھىتلىق
ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇ بارلىق نەيش-ئىشرەتتىن خالاس بولۇش، زاھىتلىق تۇرمۇش
ئۆتكۈزۈپ تەركىدۇنياچىلىققا بېرىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. ئىسلامىيەتنىڭ
11-ئەسىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ زاھىتلىقى روھانىزمغا تەرەققىي قىلدى. رىيازەت چېكىش،
ئارزۇ-ھەۋەسلىرىدىن ئۆزىنى چەكلەشنى بىر خىل ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى
قىلدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت — روھانىي سىرلىق ئاڭ سېزىم ئارقىلىق ئاللانى بىلىپ،
ئاللانى سۆيۈپ، ئاللانى سېغىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ بىر بولۇپ
كېتىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە مەدەت ئىزلەشتىن ئىبارەت.

تەرىقەتچىلەر ۋە ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى ئوبرازلىق ھالدا ئاللانى
گوياكى كۆيۈۋاتقان شامغا، ئۆزىنى پەرۋانىغا ئوخشىتىدۇ، پەرۋانە ئۇچۇپ كېلىپ
شام يالقۇنىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ تۈگەشكەندەك روھىي خى-
لەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. روھانىزمچىلار: پەقەت ئاللا ھەقىقىي مەۋجۇتتۇر،
ئاللادىن باشقا ھەر قانداق نەرسە گوياكى ئەينەك يۈزىگە چۈشكەن كۆلەڭگۈگە
ئوخشاش چىن ئەمەستۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلار دىنىي جەھەتتە، دىنىنىڭ سىرتقى
قائىدە يوسۇنلىرىغا سەل قارايدۇ. كۆڭۈل قەلبى جەھەتتىن ئىخلاسمەنلىك ئېتىقا-
دىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردە، روھانىزملىق ئىدىيىنىڭ ۋەكىللىك
قىلغۇچىلىرى بىر قىسىم تەپەككۇر ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك، ئەقىل پاراسەت
سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ دەۋر-
دە سوپىزملىق (روھانىيلىق) ئەقىدە-كۆز قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن،
ئىسلامىيەت ئەھلى ئۇلارنى «مۇشرىكلەر» دەپ ئاتىغان. سوپىزم دەسلەپكى باس-
قۇچىدا ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، شەخلەر
پائالىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر خىل تەشكىلسىز ھەرىكەت بولۇپ، بەزى كىشىلەر
بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىشتا يەككە ھالدا ياكى بىر كىچىك گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ
ھەر قايسى جايلاردا ھەرىكەت قىلغان، روھانىزمنى ئۆزىنىڭ بەلگە ئالامىتى قىلغان.
بۇ سوپى مەزھىپىنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي بولماستىن، شۇ ۋاقىتتىكى جەمئىيەت-
نىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى
ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ كەسكىن كۈرەشلىرى ئارقىسىدا، تەشكىلسىز ھەرىكەت ئېلىپ
بېرىۋاتقان سوپى مەزھىپى تەشكىللىك بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشقان.
بۇ مەزھەپ ئاساسلىقى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ،

ئۇلار قانۇنىي ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ھۆكۈمران گۇرۇھ بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بارغان. تۆت چوڭ خەلىپىلىكتىن كېيىن، ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇرۇشنىڭ ئازىيىشى ۋە بايلىقنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، ئىسلام دىنى دەسلەپكى مەزگىلدە تەشەببۇس قىلغان دىيانەتلىك بولۇش، غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈش، ساداقەتمەنلىك بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىش، تۈرلۈك ئىشلاردىن پەرھىز تۇتۇشتەك زاھىتلىق تۇرمۇش شەكلىدە پەيدىنپەي ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئومۇمەن مۇسۇلمان بولغانلار بىردەك تەڭ باراۋەر بولىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە پەيدىنپەي بۆلۈنۈشكە باشلىدى. ئەرەب مۇسۇلمانلىرى بىلەن غەيرى ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ۋە بويسۇندۇرۇلغان ئىتائەتمەن پۇقرالار ھەممە تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك پەرقلەر كېلىپ چىقتى. شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دىنىي ئەقىدە-تەلىماتلىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان تۈرلۈك تۇرمۇش شەكىللىرى ئۇمەييا پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا قانۇنلىشىپ قالدى، بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدا بۇ تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. ئۇمەييا پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى كىشىلەر تەرىپىدىن مەيخور (ھاراقكەش) يەزىد دەپ ئاتالدى. كېيىن ئۇنىڭ ئىزىنى باسقۇچىلارمۇ ئوردا ئىشى بىلەن كارى بولماي، ناھايىتى كۆپ ۋاقتىنى ئوۋچىلىق قىلىش، يەپ-ئىچىپ ئەيش-ئىشرەت قىلىشقا سەرپ ئەتتى ھەمدە زور تۈركۈمدە خانىش، تۇقال كېنىزەكلەرنى ئالدى. يېڭىدىن بويسۇندۇرۇش، بايلىق توپلاش، قۇلدارلىق ۋە زۇلۇم-بالايىئاپەتلەر داۋاملىشىۋەردى. ئەرەبلەر ھۆكۈمران سىنىپلار ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغان تۇرمۇش شەكلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان پاك، دىيانەتلىك بولغان تۇرمۇش ئۆلچىمىنىمۇ ساقلىيالمىدى. رىيازەت چېكىپ، غۇربەتچىلىككە كۆنۈپ ئۆتىدىغان تۇرمۇش ئۆلچىمىدىن سۆز ئېچىشقا مۇمكىن بولماي قالدى. شۇنىڭدەك يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر چوڭ-چوڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تاماشا سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەشەمەتلىك كۆڭۈل ئېچىش سارايلىرىنى سالدۇردى... بۇنداق ئىشلار داۋاملىشىۋەردى. كېيىنكى كىشىلەر ئۇمەييا پادىشاھلىقىنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بىرياقتا قايرىپ قويغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېس قىلىشقان. ئاببا س پادىشاھلىقى تىكلەنگەندىن كېيىنمۇ، يۇقىرى تەبىقە گۇرۇھلىرىنىڭ چىرىكلىكى ئاخىرلاشمىدى.

ئىككىنچى خەلىپە — ئىبنى جاپپار ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇرغۇن پۇل ۋە ئادەم كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا بويىچە كاتتا

مەركىزى شەھەر — ئابباس شەھىرىنى ياساتقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىمۇ ئاغايىتى ئۇرغۇن پۇل-بايلىقنى بۇزۇپ چاچقان، ئىيتىشلارغا قارىغاندا، خەلىپە ھارۇننىڭ خاتۇنى زەبىدە ئىشلەتكەن قاچا-قۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت جاۋاھىرلاردىن ياسالغان ئىكەن. ھارۇننىڭ ئوغلى مۇئمىن توي قىلغاندا، كېلىنچەك سانسىزلىغان مەرۋايىت-گۆھەر سېلىنغان تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ-كىچىك ئېسىل مەرۋايىتلاردىن ياسالغان تاج كەيدۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ چېكىدىن نەقەدەر ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە، پاكىستانلىق تارىخشۇناس سەئىد مۇھەممەت ئۆزىنىڭ «ئىسلام قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدا، جانلىق ھالدا مۇنداق تەسۋىرلەپ يازغان: «قىلچە مۇبالىغە قىلمىغان ھالدا ئېيتقاندا، ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ ئوردا تۇرمۇشى، ئوتتۇرا ئەسىردە ياكى پۈتكۈل تارىختا، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپادا ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ، بىرەر پادىشاھنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ دەل مۇشۇنداق بولغانلىقىدىنمۇ ئۆز جىنايىتى تۈپەيلىدىن جاجىسىنى يىدى.» ئەينى ۋاقىتتىكى زۇلۇم ۋە خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىشى، ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاقلىرى ئاياق-ئاستى قىلىنىشى، تۆۋەن قاتلامدىكى ئىسلامىيەت ئەھلىنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. مانا مۇنداق كەسكىن سىنىپىي زىددىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، سۇفى مەزھىپى ئەينى يىللاردىكى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ دىنىي ئەمەلىيىتىنى ئۆرنەك قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ماددىي مەنپەئەتنى قوغلاشماسلىق، رىيازەت چېكىپ، ئۇرۇبەتچىلىكنى خالاشتەك تۇرمۇش شەكلىنى قوللانغان. شۇنىڭ بىلەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەشەمەتچىلىك، بايلىقنى قوغلىشىپ ھەددىپ كەيپ-ساپا بىلەن بولۇپ كېتىش، دىنىي ئەقىدىلەرگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، دىنىي ئەھكاملارغا ئەمەل قىلماسلىقتەك ھادىسىلەرگە نارازى بولۇش ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈش شەكىللىنىپ ئۇلغايغان. ئۇلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، سۇفىنى مەزھىپى خەلىپىنىڭ پەقەت ماڭىلا ئىتائەت قىلىسەن، دېگەن ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇپ، ھەر قانداق كىشى بەلگىلىك مەزگىلدىكى ئىستىقامەت ئارقىلىق، قەلبىدە روھ بىلىملىرىگە ئېرىشىپ، ئادەم بىلەن روھ-قوشۇلۇپ كەتكەن دەرىجە-مەرتىۋىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

سۇفىزىم تەرەپدارلىرىنىڭ بىر خىل ئىدىيىسى ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەن تەبىقىدە ياشاۋاتقان كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن-

لاشقانلىقتىن، ناھايىتى تېز تارالغان ھەمدە بۇ مەزھەپكە ئەگەشكۈچىلەر ئۈزلۈكسىز
كۆپەيگەن. شۇڭا، بۇ مەزھەپنىڭ پائالىيىتىنىڭ جانلىنىپ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى خەلـ
پە ھۆكۈمرانلىرىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق
ئورنى ۋە دىنىي ئىمتىيازلىرىغا بىۋاستە تەھدىت سالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابباس
خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى سۇفى مەزھىپىدىكىلەرنى دەھشەتلىك باستۇرغان.
ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئاتاقلىق سۇفى، روھانىزم پائالىيەتچىسى مەنسۇر ھاللاجى
(مىلادى 825 — 922) ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن، جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى چېچىۋەتكەن. سۇفى مەزھىپىنىڭ باشقا ئەزا-
لىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى زىندانغا تاشلىغان. سۇفى مەزھىپىدى-
كىلەر مىسلىسىز ئېغىر دەرىجىدە باستۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزھەپنىڭ قالدۇق
ئەزالىرى جاي-جايلارغا تارقاپ، مەخپىي كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. XII
ئەسىرگە كەلگەندە، ئىراندا سۇفى مەزھىپىدىكى روھانىزمچى ئىمام غەززالى (مىلادى
1058 — 1111) دېگەن كىشى تەرىقەت يولىدىكى سۇفى مەزھىپىنى سۈننىي مەزھىپىگە
كىرگۈزۈپ، ئىسلامىيەت دۇنياسىدا قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلغاندىن كېيىن، سۇفى
مەزھىپى ئاندىن ئاشكارا پائالىيەتكە قەدەم قويۇپ، قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىغان.
يىغىپ ئېيتقاندا، ئەھلى تەرىقەتچى سۇفى مەزھىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئاساسلىقى،
ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب خەلىپىلىكى ئىمپېرىيىسىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ
كەسكىنلەشكەنلىكى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ
تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇنداقلا، سىرتتىن
كەلگەن خىلمۇ خىل ئىدىيەلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى
ئارقىسىدا، ئەرەب مىللىتى ۋە ئەرەب ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى
باشقا مىللەتلەرنىڭ تۆۋەن قاتلام مۇسۇلمانلىرى دىنىي مەزھەپ
شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى سىنىپىغا بولغان قاتتىق
نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى بىلدۈردى. ئەينى زاماندا سۇفى مەزھىپىنىڭ تەرەققىياتى
ئەرەب جەمئىيىتىدە بۇ مەزھەپنىڭ ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالەتنى
شەكىللەندۈردى. جەمئىيەتتىكى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئارقا-ئارقىدىن سۇفى مەز-
ھىپى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ تەرىقەت يولىغا ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان
ئاممىۋى خاراكتېرلىك سۇفىزم تەشكىلاتلىرى بارلىققا كەلدى. بۇلار روھانىزملىق
دىنىي گۇرۇھلار بولۇپ، بۇ گۇرۇھتىكىلەرنى ئەرەبلەر «تەلقە»، «تەرىقەت» دەپ
ئاتىدى. بۇنىڭ مەنىسى — يول، يەنى قەلبنى پاكلاندۇرۇپ ئاللاغا يېقىنلىشىش
يولى دېگەندىن ئىبارەت. سۇفى مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا،

تەرىقەت يولىغا ماڭغۇچىلار، تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەل قىلىشى، قەلب روھىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەزمەن ئاقىلانە ئۇستاز — ئىشان ۋە خەلىپىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئېرىشىشى كېرەك. ئۇستاز بولغۇچى كىشى ئاللاغا يېقىنلىشالايدىغان زات، شۇڭا تەرىقەت ئىزدىگۈچىلەر ئۇستاز بولغۇچىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى، ھەر قانداق ئىشتا ئۇستازىنى ئۈلگە تۇتۇشى شەرت. ئۇ يەنە تەركىدۇنياچىلىقنى، يەنى بايلىقتىن ئۆزىنى چەتلىتىش، ھوقۇق-مەرتىۋىدىن ئۆزىنى چەتلىتىش، بارلىق ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى چەكلەش، رىيازەت چېكىپ، باقىي دۇنيادىكى روھىي ئالەمگە ئۆزىنى بەخشەندە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سۇفىزم ئەقىدىسى بويىچە، بۇ دىنىي گۇرۇھنىڭ باشچىسى بولغان كىشى ئۆمۈر بويى نامراتلىقتا رىيازەت چېكىش بىلەن بىللە، خەلىپە تەربىيىلەپ، مۇرىت تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ۋەھالەنكى، بۇ دىنىي گۇرۇھلارنىڭ باشلىقلىرى مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە سۇفىزم ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا، تەركىدۇنياچىلىقتىن يەنى ھوقۇق، مەرتىۋە، بايلىقتىن ئۆزىنى چەتلىتىشتىن ئۆزگىرىپ، دۇنيا تۇتۇشقا قاراپ ماڭغان. بەزى دىنىي باشلىقلار فېئودال پومېشچىك بولۇپ قالغان، بەزىلىرى ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا كىرىپ ئەمەلدار بولغان. ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى دىنىي گۇرۇھلار فېئودالىزملىشىپ كەتكەن، دىنىي گۇرۇھنىڭ باشلىقى شۇ مەزھەپنىڭ باش ئاقساقىلى ۋە قوشۇمچە پومېشچىك بولۇپ قالغان. دىنىي گۇرۇھنىڭ فېئودالىزملىشىش جەريانى جايلاردىكى فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى، يەرلەرنىڭ مەركەزلىشىشىگە ئەگىشىپ پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. دىنىي خوجىدارلىق ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇقىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارغان.

## 2. سۇفى مەزھىپى ياكى تەرىقەتچىلەر

سۇفى مەزھىپى — سۈننىي مەزھىپىدىكى بىر خىل ئېقىم. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىدە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. سۇفىلارنىڭ «تەلقە» ياكى زىكىر-سامالىرى ئۇلار ئۈچۈن ئېتىقاتىدا ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە كوللېكتىپ ھالدا زىكىر-ساما ئۆتكۈزۈش ئومۇملىشىپ كەتكەن. لېكىن بۇ مەزھەپنىڭ ھەر قايسى گۇرۇھلىرىنىڭ دىنىي مۇراسىم، تەلقە-سامالىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تەلقە، زىكىر-سامالىرى سۇفى مەزھىپىدىكىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىر دىنىي مۇراسىم

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۇفى مەزھەپدىكىلەرنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۆز ئېتىقادىنى مەخپىي ساقلاشتىن ئىبارەت. سۇفى مەزھىپىنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) سۇفى مەزھەپدىكىلەر ئۆزىنى «ھەقىقىي مۇسۇلمان» دەپ قارايدۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2) ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە تولۇق قاتنىشىدۇ ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ.

3) «قۇرئان»، «ھەدىس» لەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى دەپ ھېسابلايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇلار تۆۋەندىكى بەش ئاساسىي نۇقتىغا ئېتىقاد قىلىدۇ: بىرىنچى، ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا؛ ئىككىنچى، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە؛ ئۈچىنچى، پەيغەمبەرلەرگە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى، بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە؛ تۆتىنچى، قىيامەت كۈنىگە؛ بەشىنچى، تەقدىرگە ئىشىنىدۇ.

4) ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن بەش پەرزنى ئادا قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى تەرىقەتچى سۇفىلار ئىخچاملاپ «ئۈچ ئېتىقاد» (ئىمان، ئېھسان، ئىسلام) دەپ ئاتايدۇ. يۇقىرىقى ئەھكاملار سۇفىلارنىڭ سۈننىي مەزھەپتىكىلەر بىلەن ئورتاقلىق جايلىرى. ئوخشىمايدىغان جايلىرىمۇ بار. بۇلاردىكى ئوخشىماسلىق تۆۋەندىكى مەسىلىلەردە:

1. سۈننىي مەزھىپى ئاللا بىر دەپ قارايدۇ، تەرىقەتچى سۇفىلار بولسا ئاللا بىلەن ئادەمنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئاللا بىلەن بەندىنىڭ يەنى ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىنى «ۋە ھىدە تۇل ۋۇجۇد» (ۋۇجۇدنىڭ بىرلىكى) دەپ ئېيتىدۇ.

2. سۈننىي مەزھەپدىكىلەر ئالەم — مەخلۇق، بەندە — يارالغۇچى، دەپ قارىسا، تەرىقەتچى سۇفىلار ئالەمنىڭ ھەرخىل كۆرۈنۈشى — ئاللانىڭ ئىدىيىسىزدىكى ئىنىكاسى، دەپ قارايدۇ.

3. سۈننىي مەزھەپدىكىلەر ئېتىقادنىڭ ئاخىرقى چېكى — ئاللانىڭ بىرلىكىنى تونۇش، ئاللانىڭ ئەمرىگە شەرتسىز بويسۇنۇش، دەپ قارىسا؛ تەرىقەتچى سۇفىلار ئاللا — بىردىنبىر ھەقىقەت، ئۇنى تونۇش ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتكە يەتكىلى ۋە تونۇش ئارقىلىق ئاللاغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ، مۇتلەق ھەقىقەتكە «مۇراقىبە» (ئۆزىنى ئۇنۇتقان) ھالدا ئىبادەت قىلسا ئاندىن يەتكىلى بولىدۇ، سۇفى بولغۇچى كىشى «مەن» دېگەن نەرسىدىن ۋە پۈتۈن مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىپ ئىبادەت قىلسىلا، ئاندىن

مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

4. تەرىقەتچى سوپىلار ناماز قائىدىلىرىگە دىگەندەك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىردەك ئەھمىيەت بېرىدىغىنى — زىكىر - ساماغا چۈشۈپ ئاللانى ياد ئېتىش. ئۇلار ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇشنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ناماز ئىبادىتىنى ساپلاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ.

سوپى مەزھەپىدىكىلەر قۇرئاننىڭ 33 - ئايەت 41 - ، 42 - سۈرىلىرى ۋە 72 - ئايەت 25 - ، 26 - ۋە 29 - سۈرىلىرىدىكى: «سىلەر ئاللانى دائىم ياد ئېتىڭلار، ئۇنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا تاۋاپ قىلىپ مەدھىيە ئوقۇڭلار، سىلەر ئۆز ئىگەڭلەرنىڭ ھۆرمەتلىك نامىغا تاۋاپ قىلىپ ياد ئېتىڭلار، كىچىك ئازراق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ، سەجدە قىلىپ، كۆپرەك ۋاقىتتا ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇڭلار» دېگەن تەلىمات بويىچە، تەرىقەتچى سوپىلار زىكىر - ساماغا چۈشۈپ ئاللانى ياد ئېتىپ مەدھىيە ئوقۇشنى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتى، دەپ قاراپ كەلمەكتە. ھەمدە بۇ ئۇسۇلنى ئاللاغا يېقىنلىشىشنىڭ يولى، كىم بۇنى ئۆز ئېگىدە ئەكس ئەتتۈرۈشنى خالىسا، شۇ كىشى ئۆز ئىگىسىنىڭ قېشىغا بارالايدىغان ۋە ئاللاغا يېقىنلىشالايدىغان يولنى تاللىيالىغان بولىدۇ، دەپ قاراپ، ھەربىر ئىشان بولۇپ مۇرىت تەربىيىلىگۈچى بۇ ئۇسۇلنى بىر خىل مۇھىم تەلىم سۈپىتىدە تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلار: ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۆز مەيلىچە ئاللاغا يەتكىلى بولمايدۇ، ئاللاغا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشان بولغۇچى كىشىگە قول بېرىپ سوپى بولۇپ، شۇ مەزھەپنىڭ تەلىماتلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، چەكسىز سادا قەتمەن بولغاندىلا، ئىشان بولغۇچى ئۇستازنىڭ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىشى ئارقىسىدىلا، ئاندىن ئاللاغا يېقىنلاشقىلى يەنى مۇتلەق ھەقىقەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، سوپى بولغۇچى كىشى ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغاندا، چەكسىز سادىق بولۇشى، قول بېرىشنىڭ ئۆزىنى مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىشى، ئىشاننىڭ ھەر بىر سۆزى ۋە تەلىماتلىرىنى قەلبىدە چىڭ ساقلىشى، مەخپىيەتلىكنى ھەرگىز ئاشكارىلىماسلىقى، ئەگەر ئىشان زۆرۈر دەپ قارىغاندا، مۇرىت بولغۇچى پۈتۈن ئائىلىسىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتماسلىقى لازىم.

سوپى مەزھىپىنىڭ تەلىماتىدا، مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھەربىر سوپى تۆۋەندىكى 4 باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى شەرت:

بىرىنچى باسقۇچ — شەرىئەت، يەنى شەرىئەت قانۇنلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇش. بۇنىڭدىن باشقا، تەرىقەت تەلىماتىدىكى ئېتىقاد، ئەدەب، ئىبادەت، مۇئامىلەت، ئۇقۇبەت (جازا) قاتارلىق بەش قانۇن - نىزاملارغا قاتتىق بويسۇنۇش لازىم.

ئىككىنچى باسقۇچ — تەرىقەت. تەرىقەت باسقۇچىدا، سۇفى بولغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۆز ئىختىيارىنى پۈتۈنلەي ئاللاغا بېغىشلاش؛ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، زاھىتلىقتا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ يېتىلدۈرۈش. بۇنى «مەھۇل ۋۇجۇد» دەپ ئاتايدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ — مەرىپەت. بۇ باسقۇچتا، سۇفى بولغۇچى كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللادىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدىغان، كۆڭلىدە ئاللادىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمايدىغان بولۇش.

تۆتىنچى باسقۇچ — ھەقىقەت. بۇ باسقۇچقا يەتكەندە، سۇفى بولغۇچى ئۆزىنى ئاللاغا يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇنداق قىيامغا يەتكەن سۇفىنى «ئارىف بىللاھ» دەپ ئاتايدۇ. ئارىف بىللا دېگىنى — خۇدانى تونۇغۇچى، بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگۈچى دېگەنلىكتۇر.

تەرىقەتچى سۇفى مەزھىپىدە دىنىي ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەرتىۋىسىمۇ ئوچۇق بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇلارنى بۇنداق بەش تەبىقىگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى تەبىقە — قۇتبىل ئەختاپ (قۇتۇپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ ئەڭ يۇقىرى تەبىقە بولۇپ، قۇتبىل ئەختاپ بولغۇچى كىشىنى ئاللانىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى دېيىلىپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق زات دۇنياغا مىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلەرمىش.

ئىككىنچى تەبىقە — «غەۋۇس» يەنى كىشىلەرنىڭ دەردۇ پارى، ئاھۇزارىغا يەتكۈچى ئاللانىڭ ۋاستىچىسى. بۇنداق زات يۈز يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا كېلەرمىش.

ئۈچىنچى تەبىقە — ئىشان، مۇرشىد، ئارىف. بۇلار خەلىپە تەربىيىلەپ، ئىرشات (گۇۋاھنامە) بېرىپ، جايلارغا خەلىپە تەيىنلەپ، شۇ خىل مەزھەپنىڭ پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا باشلامچىلىق قىلغۇچى.

تۆتىنچى تەبىقە — خەلىپىلەر. بۇلار ئىشانلارنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردا ئىشانلارنىڭ تەلىمى بويىچە ئىشلەپ، مۇرىت قوبۇل قىلىپ سۇفى تەربىيىلىگۈچىلەر.

### شىنجاڭ رايونىدىكى سۇفى مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى ۋە ھازىر پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزھەپلەر:

(1) قادىرىيە مەزھىپى، بۇ مەزھەپنى جەھرى دەپمۇ ئاتايدۇ. جەھرى دېگىنى — ئاۋازىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك تۋۋلاپ سەكرەپ سۇلۇك قىلىپ ئىبادەت قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ قويۇلغان نام، يەنە بەزى جايلاردا قادىرىيە مەزھىپىنى ئىسلامىيە دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاشتىكى سەۋەب، خۇراسانلىق ئىسلام شەيخ دېگەن كىشى جەھ-

نۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىشانلىق قىلىپ سۈنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر قىسىم خەلىپىلەرگە ئىبرشات بەرگەن ئىكەن، بۇ خەلىپىلەر ئۆز «پىرى» ئىسلام شەيخ خۇراسانىنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىنى «ئىسلامىيە مەزھىپى» دەپ ئاتىۋالغان. ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە تەشەببۇسلىرى يەنىلا قادىرىيە مەزھىپىگە تەئەللۇق. قادىرىيە مەزھىپى رايونىمىزدا بىر قەدەر تەسىرگە ۋە نامىۋى ئاساسقا ئىگە مەزھەپ بولۇپلا قالماي، تارىخىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن. بۇ مەزھەپ ئەڭ ئاۋۋال ئەبۇ يۈسۈپ ھەمدانى ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، كېيىن XII ئەسىردە ياشىغان ئابدۇقادىر جىلانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان. بۇ كىشى 1116 - يىلى ۋاپات بولغان. XIII ئەسىرلەردە بۇ مەزھەپ شىمالىي ئافرىقا، تۈركىيە ۋە ھىندىستانلارغا تارقىلىپ، ئۇ جايدىن ئاسىياغىچە كېڭەيگەن. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سەئىد جامالىددىن دېگەن كىشى شىنجاڭ رايونىغا كېلىپ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەرىقەت ئېقىمىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىرانلىق ھەبىب نەجمى دېگەن ئىشانلارمۇ شىنجاڭغا كېلىپ سۈفىزمنى تەشۋىق قىلغان. 1343- يىللىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان سەئىدجامالىددىننىڭ ئوغلى جالالىددىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ، بۇ مەزھەپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا — قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، بۈگۈر، كورلا، قاراشەھەرگە تارقالغان.

قادىرىيە مەزھىپىنىڭ تەلىماتى ۋە دىنىي ئەقىدىلىرىدە، تەرىقەتنى مۇھىم ئورۇندا قويىدۇ. ئۇلار: ئىسلام شەرىئىتىدىن باشقا پائالىيەتلەرنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق، پەقەت تەرىقەت يولى ئارقىلىقلا مۇتلەق ھەقىقەتكە يەتكىلى بولىدۇ. مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن، بارلىق شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن، مۈلۈك - مەرتىۋىلەردىن ۋاز كېچىش لازىم، دەپ قارايدۇ. ئۇلار جەھر قىلىپ يەنى ئاۋازىنى چىقىرىپ سەكرەپ ئىبادەت قىلىدۇ. جەھر قىلىش باشلانغاندا، ھاپىزلىرى ھېكمەت ئېيتىپ سۇلۇككە باشچىلىق قىلىدۇ.

قادىرىيە مەزھىپى ئۆز مەزھىپىنىڭ پىر - ئۇستازلىرىنىڭ نىسبەت تەرتىپىنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ:

مۇھەممەت پەيغەمبەردىن كېيىن

بىرىنچى يۈز يىل ئىچىدە — چاھاريار (تۆت دوست) ئەسھابى كىراملەر؛

ئىككىنچى يۈزدە — داۋۇدە تائىد؛ ئۈچىنچى يۈزدە — زۇننۇنى مىسرى؛
تۆتىنچى يۈزدە — ئەبۇلھەسەن خەرقانى؛ بەشىنچى يۈزدە — ئابدۇقادىر جىلانى؛
ئالتىنچى يۈزدە — مەۋلانى جالالىددىن رۇمى؛

يەتتىنچى يۈزدە — خوجا باھائىددىن نەقشىۋەندە؛

سەككىزىنچى يۈزدە — مەۋلانى ياقۇپ چەرخى؛

توققۇزىنچى يۈزدە — خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارى؛

مىڭدە — مەزرىق ئىمامى رەببانى؛

بىر مىڭ بىر يۈزدە — مەخدۇمى ئەزەم (سەئىد ئەخمەت كاسانى)؛

بىر مىڭ ئىككى يۈزدە — سەئىد ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا خوجا)؛

بىرمىڭ ئۈچيۈزدە — ئىسلامى شەيخ خۇراسانى؛

بىر مىڭ تۆت يۈزدە — مۇ ھەممەت نىياز مەرغۇلانى (دوس خۇدا ھەزرەت ئاتالغان پاشا ھەزرەتنىڭ دادىسى)

قادىرىيە مەزھىپى مانا بۇلارنى ئۆز مەزھىپىنىڭ پىر-ئۇستازلىرى دەپ قاراپ مەدھىيىلەيدۇ.

(2) خۇپپىيە مەزھىپى (نەقشىۋەندىيە مەزھىپى دەپمۇ ئاتايدۇ). بۇ مەزھەپ تەرىقەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئىبادەت ئۇسۇللىرى ۋە زىكرى-سۇلۇكلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بارىدۇ. رايونىمىزنىڭ تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق ناھىيە-شەھەرلىرىدە بۇ مەزھەپنىڭ مۇرىتلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. ئۇلار ئىبادەت قىلغاندا، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، ئاۋاز چىقارماي ئىچىدە زىكرى قىلىدۇ. پائالىيەتلەرنىڭ ناھايىتى مەخپىي ۋە سىرلىق ئېلىپ بارىدۇ. بۇ مەزھەپ سۈننىي مەزھىپىگە ناھايىتى يېقىن، شۇڭا سۈننىي مەزھىپىدىكى بىر بۆلۈم دىنىي ئۆلىمالار بۇ مەزھەپكە قول بېرىپ بەيئەت قىلغان.

خۇپپىيە مەزھىپى ئۆز تەلىماتىدا، تەرىقەت يولىغا مېڭىشتا، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تولۇق رىئايە قىلىش كېرەك، ئاللاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن بەش پەرزنى ئادا قىلىش لازىم، ئۇنى قۇربان قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەنلەرنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇلار كېچىلىرى قوپۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇلار بۇ ئىبادەتنى «تەھەججۇت» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەزھەپ دەسلەپتە ئەرەبىستاننىڭ شام شەھىرىدە ئوبۇلھاشىم ئىسىملىك بىر سوفى تەرىپىدىن تارقىتىلغان. ئۇ كىشى مىلادى 767 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەرىقەتچى زۇننۇن مىسرى قاتارلىق ئىشانلار بۇ مەزھەپنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادى 1300 — 1301 - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان روھانىزمچى خوجا باھائىددىن نەقشىۋەندە ئىشان تەرىپىدىن تارقىتىلغان. بۇ مەزھەپ شىنجاڭ رايونىغا مىلادى 1570 - يىللىرىدىن باشلاپ تارقىلىشقا باشلىغان، كېيىن بۇخارالىق مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەخمەت كاسانى)، خوجا مۇھەممەت قاتارلىق چوڭ ئىشانلار سۇلتان مۇھەممەت خان دەۋرىدە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، نەقشىۋەندىيە مەزھىپىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

1690 - يىللىرىغا كەلگەندە، مەخدۇم ئەزەمنىڭ 7 - ئوغلى ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ
چوڭ ئاكىسى خوجا كالان (مۇھەممەت ئىمىن) قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭ رايونىغا كېلىپ
نەقشىۋەندىيە مەزھىپىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، بۇ مەزھەپ ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا
ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئېتىقادچى ئاممىغا ئۇرغۇن
بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن.

(3) سۇھرى ۋەدىيە مەزھىپى. بۇ مەزھەپ ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان مەزھەپ
بولۇپ، ئەسلىدە باغدادلىق نەجمىددىن دېگەن كىشى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان. XII
ئەسىردىن كېيىن، باغدادلىق ئەبۇ نەجىب سۇھرى ۋەدى دېگەن كىشى كېڭەيتكەن.
بۇ ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئۆمەر سۇھرى ۋەدى كېڭەيتىش
بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزھەپ سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى شافىئى فىرقىسىدىن ئايرى-
لىپ چىققان بىر مەزھەپ بولغانلىقتىن، تەرىقەتتىكى ئىبادەت شەكىللىرى قادىرىيە
مەزھىپىگە ناھايىتى يېقىن. بۇ مەزھەپ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئافغانىستان ئار-
قىلىق شىنجاڭغا تارقالغان.

(4) چىستىيە مەزھىپى. بۇ مەزھەپ ئەسلىدە مەۋلانا جالالىددىن رۇمى دېگەن كىشى
تەرىپىدىن تارقىتىلغان. كېيىن ئۇنى ھازىرقى خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ چىستى دېگەن
جايىدا ئۆتكەن تەرىقەتچى ئىشان ئەبۇ ئىسھاق چىستى دېگەن كىشى كېڭەيتكەن.
كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇئىنىددىن دېگەن كىشى ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق
جايلارغا كېڭەيتكەن. كېيىن ئافغانىستان، ھىندىستان ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالغان.

بۇ مەزھەپنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار زىكىر - سۇلۇكلىرىنى
ھەر خىل مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئورۇنلاپ، ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ.
ھۆكمەت ۋە ناخشا ئېيتىپ سama قىلىدۇ، ئۇلار بۇ خىل ئۇسۇلنى خۇداغا سېغىنىش ۋە
يېقىنلىشىشنىڭ يولى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەر تەۋرىسە، چاقماق چاقسا ۋە باشقا
تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆرسە، بۇنى ئاللانىڭ بىر خىل كۆرۈنۈشى ۋە ئاللانىڭ بەندى-
لەرگە قىلغان بىشارىتى دەپ بىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار زىكىر سۇلۇكتىن باشقا
دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەھمىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتىدا: ئال-
لاغا چەكسىز ئېتىقاد قىلىش — ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى، مۇسۇلمان بولۇشنىڭ
شەكلى. ئاللاغا چەكسىز ئېتىقاد قىلغاندا، ئاندىن ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ،
دەپ قارايدۇ. بۇ مەزھەپ ئادەمنى ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈشىگە قارشى تۇرىدۇ ھەمدە
ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىش دېگەنلەرگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. بۇ مەزھەپ ھەر يىلى
رامزان ئېيىدا، ئادەم يوق پىنھان جايدا 40 كۈن ئىستىقامەت قىلىشنى تەرغىب
قىلىدۇ.

(5) ئىشقىيە مەزھىپى. بۇ مەزھەپ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى ئىسھاقىيە گۇرۇھىدىن ئايرىلىپ چىققان، ئۇچىغا چىققان تەركىدۇنياچىلىق مەزھىپى بولۇپ، ئۇلار جاھان كېزىپ يۇرتمۇ-يۇرت يۈرۈپ، ئۆي-جاي تۇتماي، خوتۇن-بالا-چاقىلىق بولماي، مازايى ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، چاچلىرىنى چۈشۈرمەي، جەندە كۆلا كىيىپ، كۈندە تاپقاننى كۈندە يەپ، ئاچلىقتا زارلانماي، خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىردىنبىر ئىبادەت ئۇسۇلى قىلغان. ئۇلار بۇنى خۇداغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋە ئەۋلىيالىققا يېتىشنىڭ يولى، دەپ قارايدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ سۇفىلىرىنى كىشىلەر «ئاشىق» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى «سۇفىلار» دەپ ئاتىماستىن، «ئاشىقلار» يەنى خۇداغا ئاشىق بولۇپ ياشايدىغانلار، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، سۇفىلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۆز گۇرۇھىنىڭ ئىشان-خەلپىلىرىنىڭ سىرىنى قاتتىق ساقلايدۇ.

يۇقىرىقىلار ئىسلام دىنىدىكى سۇفى مەزھىپىنىڭ بىر قانچە تارماق مەزھەپلىرى بولۇپ، بۇلار ئىسلام دىنىدىكى روھانىزمچى تەسەۋۋۇپ ئېقىمى. ئۇ پەيدا بولۇپ ھازىرغىچە 1200 يىللىق تارىخنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسلامىيەت دۇنياسىغا تارقىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەت ۋە خەلقلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

تۆۋەندە يېقىنقى زامان ئىسلامىيەت تەرەققىيات تارىخىدا پەيدا بولغان ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ۋە مۇنازىرىسىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان سۈننىي مەزھىپىدىكى «ۋاھابىي» مەزھىپىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 3. ۋاھابىي مەزھىپى

«ۋاھابىي» مەزھىپى سۈننىي مەزھىپى ئىچىدە خېلى تەسىركۈچكە ئىگە مەزھەپنىڭ بىرى بولمىسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ رايونىدا ئانچە زور تەسىر قوزغىيالماي كېلىۋاتقان ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەتراپلىق ئىزچىللىشىشى ئارقىسىدا، دىنىي ساھەدىكى ئۆلىمالارنىڭ ھەرقايسى دىنىي مەزھەپ ئەقىدىلىرى ئۈستىدە ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئەركىن بايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقى، يەنە كېلىپ، ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، «ۋاھابىي» مەزھىپىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تەسىرى كۈن ساناپ ئېشىپ، كۆپلىگەن دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ

مەزھەپكە بولغان ھېسداشلىق ۋە مايىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

«ۋاھابىي» مەزھىپى سۈننىي مەزھىپىنىڭ تۆت چوڭ مەزھىپى بولغان ئىمامى شافىئى، ئىمامى مالىك، ئىمامى ھەنىفە، ئىمامى ھەنبەلىلەرنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەھكام ۋە ئەقىدىلىرىنى ياقلايدۇ. دىنىي ئەھكام ۋە ئەقىدە مەسىلىسىدە «قۇرئان»، ھەدىسلەرگە ئەينەن ئەمەل قىلىشنى، دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ئەڭ تولۇق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان ھەر قانداق ئىمام ۋە شەيخلەرنىڭ تەلىماتىنى ئىنكار قىلىدۇ.

«ۋاھابىي» مەزھىپى ئۆز ئىجادچىسى بولغان ۋاھابىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى دىنىي ئۆلىما مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا ۋاھابى (مىلادى 1703 — 1791) ئىسلامىيەت تارىخىدا بىر قېتىملىق دىنىي ئىسلاھاتنى ئاساسىي بەلگە قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسى — ئەسلى ئىسلامىيەتتە بولمىغان ئىللەتلەر ۋە غەيرى ئەقىدىلەرنى بىكار قىلىپ، ھەقىقىي ئىسلامغا سادىقەتمەن بولۇش، دىنىي نىزامدا قۇرئاننىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا تولۇق ئەمەل قىلىش، مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىدىكى ساددا دىنىي ئەقىدە ۋە ئەھكاملىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كۆپ خۇدالىق خۇراپىي ئەسىر ۋە مازايى - ماشايىقلارغا چوقۇنۇشتەك يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئاللانىڭ بەرھەق بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي ئىسلام تەلىماتى يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەر بويىچە ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىزاھات: سۈننىي مەزھىپىدىكى مەشھۇر تۆت چوڭ مەزھەپ:

(1) ئىمام مۇھەممەت ئىبنى ئىدرىس شافىئى مەزھىپى؛
(2) ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس مەزھىپى؛
(3) ئەبۇھەنىفە - نوئمان يەنى ئىمام ئەزەم نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ بۈيۈك مەزھەپ. ھەنىفە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامى بولغان ئىمامى ئەزەم مىلادى 699 - يىلى تۇغۇلۇپ، 767 - يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان. بۇ مەزھەپ ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان مەزھەپنىڭ بىرى.
(4) ھەنبەلى مەزھىپى. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامى بولغان ئەھمەت ئىبنى ھەنبەل مىلادى 780 - يىلى باغدادتا تۇغۇلۇپ، 855 - يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان.

«ۋاھابىي» مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئەۋلىيا - ئەنبىيا، مازايى - ماشايىقلاردىن مەدەت تىلەپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئاللا ئالدىدا چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىق ھەم كۆپ خۇدالىق بولىدۇ؛ بەندە ئاللاغىلا سىغىنىش، ئاللادىنلا مەدەت تىلەش ھەم ئىككى قولغا تايىنىپ بەخت يارىتىش لازىم. مازايى - ماشايىقلارغا چوقۇنۇش، ئۇنى تاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ئېتىقادىنى خۇنۈكلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى تۈرلۈك خۇراپاتلىقنىڭ زەنجىرىگە باغلاپ، ئىسلامىيەتنى چەتلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر مۇسۇلمان بۇنداق خۇراپاتلىق ۋە كۆپ خۇدالىقتىن ئىبارەت بۇ خىل تەسىر ۋە ئىسلامىيەتتىكى غەيرى ئەھۋاللارنى تەرك ئېتىشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، XVIII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان «ۋاھابىي» ھەرىكىتى شۇ چاغدىكى ئىسلامىيەت ئۆز زاتىغا ئىسلامغا زىت كېلىدىغان ئىللەتلەرنى يوقىتىۋالغانلىقتىن، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چۈشكۈنلىشىش يۈز بېرىپ، ئىسلامىيەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان غەيرى ئىدىيىلەر ئەۋج ئالغان. ۋاھابىي مەزھىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەنە شۇنداق ھالەتكە نىسبەتەن بىلدۈرۈلگەن قارشىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب ئەللىرىنىڭ يۈرىكى بولغان سەئۇدى ئەرەبىستاندا بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇشى يالغۇز دىنىي مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ غەيرى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىدىن بولغان ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش چاقىرىق قىلىنغان قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان بىر قېتىملىق دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئىدى.

شۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ باشچىسى مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا ۋاھابىي سۈننىي مەزھىپىنىڭ تۆت چوڭ مەزھىپىنىڭ بىرى بولغان ئىمام ھەنبەلنىڭ سادىق مۇرىتى ئىدى. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن «قۇرئان» ۋە سۈننىي مەزھەپنى ئاساس قىلىپ، ھەر قانداق شەكىلدىكى چوقۇنۇش ھەرىكىتىگە، جۈملىدىن مۇھەممەت پەيغەمبەرگىمۇ ھەددىدىن زىيادە چوقۇنۇپ ھۆرمەتلەش، چاھار يار، ساھابە كىراملارگە ۋە مۇقەددەس جايلارغا چوقۇنۇش، مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان جەمەتلىرىنىڭ نامىدا قەسەم ئىچىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە دىنىي پائالىيەت ۋە شەخسىي تۇرمۇش قاتارلىقلاردا قەتئىي پاك بولۇش، دىيانەتلىك - ئەخلاقلىق بولۇش؛ ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش، ئۆسۈم ۋە قىمار ئويناش قاتارلىق قىلمىشلارنى مەنئى قىلىش؛ ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش، قۇرئاندا بەلگىلەنگەن ئەقىدىلەرگە ئەمەل قىلىش، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ

تەلىماتلىرىغا توغرا ۋارىسلىق قىلىش، قىسقىسى، ئىسلامنىڭ ساپلىقىنى قوغداش چاقىرىقى ئاستىدا ھەرىكەت قوزغىدى. بۇ ھەرىكەت ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن دىنىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگەن مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا ۋاھابىي دەۋرمۇ دەۋر ھوقۇق تۇتۇپ كېلىۋاتقان سەئۇدى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ۋاھابىي ھەرىكىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى. نەتىجىدە مىلادى 1801 - يىلى ۋاھابىي مەزھىپى ئىراق چېگرىسى ئىچىدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس جايى — كەربالاغا يۈرۈش قىلىپ، ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىننىڭ قەبرىگاھلىرىنى ۋەيران قىلدى.

1806 - يىلى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوسمان ئىمپېرىيىسى نامىدا، مەككە، مەدىنىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن مەككە، مەدىنىنى تارتىۋېلىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىگاھلىرىنى چېقىپ تۈزلىۋەتتى؛ مەدىنە ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان تۈركلەرنى ھەيدەپ چىقاردى؛ شۇنداقلا ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىكى «مۇقەددەس جاي» دەپ كىشىلەر چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مازارلارنى چېقىپ تاشلىدى. ۋاھابىي مەزھىپىنىڭ بىر قاتار غەلىبىلىرى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى ئالاقزادىلىققا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمران گۇرۇھ ۋاھابىي مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى دەھشەتلىك باستۇردى، لېكىن ۋاھابىي مەزھىپىدىكى ئېتىقادچى ئامما ۋە كەڭ ئەرەب خەلقى ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە قارشى كۈرەشنى توختىتىپ قويغىنى يوق. ئەرەب خەلقى ۋاھابىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە نۇرغۇنلىغان مۇشەققەتلىك، ئەگرى - توقايلىق كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرىدا سەئۇدى ئەرەب پادىشاھلىقىدىكى دۆلەتنى قۇرۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا 2 - قېتىملىق بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ۋاھابىي مەزھىپى ئىسلامىيەتنىڭ مەركىزى ۋە مۇقەددەس جاي بولغان سەئۇدى ئەرەبىستاندا تاكى ھازىرغا قەدەر ھۆكۈمران - ئورۇندا تۇرۇپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا بېرىش - كېلىشلەرنىڭ كۆپىيىشى، بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە ھەج قىلغۇچىلارنىڭ بېرىش-كېلىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ۋاھابىي مەزھىپىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى ناھايىتى تېز تارقىلىپ، مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋە ئېتىقادچى ئامما ئىچىدە مۇنازىر ۋە قوللىغۇچىلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. شۇنداقلا جەمئىيەتتە بىر قىسىم دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ قىزىقىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشمەكتە، بۇنداق يېڭى

ئەھۋالدا، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، دىنىي نىزالار تۇغدۇرۇپ، ئېتىقادچى ئاممىنى پارچىلايدىغان، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، مەزھەبلەر كۈرىشىنى قوزغايدىغان ھەر قانداق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ بىز دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى توغرا، ئەتراپلىق ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىق ۋەزىيەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم، بۇ نۇقتىنى چىڭ ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم.

## شىئە مەزھىپى

شىئە مەزھىپى — ئىسلام دىنىدىكى بىر مۇھىم دىنىي مەزھەپ. ئۇ سۈننىي مەزھىپى بىلەن قارىمۇ - قارشى. بۇ مەزھەپ ئەڭ دەسلەپتە سىياسىي گۇرۇھ شەكلى بىلەن مەيدانغا چىققان، كېيىن تەدرىجىي ھالدا دىنىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزھىپىگە ئايلانغان. مىلادى 632 - يىلى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئەۋج ئېلىپ، ئىسلام جامائىتىنىڭ پارچىلىنىش ئەھۋالى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن كېيىن، كىم ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقى بولۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆتكۈر تالاش - تارتىش ۋە كۈرەشلەر يۈز بەزى. بىر قىسىم كىشىلەر مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە كۈيئوغلى ئەلىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىز باسارى بولۇشى كېرەك، دەپ ئەلىنى ھىمايە قىلدى. ئەلى تەرەپدارلىرى كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان سابىق ئۈچ خەلىپە — ئەبۇ بەكرى (مىلادى 632 — 634)، ئۆمەر (634 — 644)، ئوسمان (644 — 655) لارنى بىردەك ئېتىراپ قىلماي، ئۇلارنى قانۇنسىز دەپ قارىدى. مىلادى 656 - يىلى ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى ۋە شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۈرىشى ئارقىسىدا، ئەلى تۆتىنچى خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلدى.

كېيىن ئەلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى سۈرىيە باش ۋالىيسى ئۇمەييا قەبىلىسىدىكى مۇئاۋىيەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مۇئاۋىيە ئەلىنىڭ خەلىپىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۇرۇش ۋە سۈركىلىشلەر كېلىپ چىقتى. ئەلى مۇئاۋىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەشغۇل بولۇپ، ئۇرۇشنى مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كېلىپ، مۇئاۋىيە بىلەن سۈلھى - مۇرەسسە قىلغانلىقتىن، ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قىسمەنلەر بۇنىڭغا نارازى بولۇپ ئەلىدىن

ئايرىلىپ چىقتى. بۇ ئايرىلىپ چىققانلار ئۆزلىرىنى «خاۋارىجلار» دەپ ئاتىدى. بۇ ئايرىلىپ چىققۇچى «خاۋارىجلار» ئەلىگە قارشى گۇرۇھقا ئايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەلى خاۋارىجلار گۇرۇھىنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن قەتل قىلىندى.

ئەلى ۋاپاتىدىن كېيىن، شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئەلىنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەننى خەلىپىلىككە تىكلىدى. لېكىن ئۇ چاغدا ھاكىمىيەت ئاللىقاچان مۇئاۋىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. مۇئاۋىيە مىسىر، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىكى قۇلدار ئاق سۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇمەييا خاندانلىقى (661 — 750) نى قۇرۇپ، دەمەشقنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىئە مەزھىپى ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شىئە مەزھىپى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

مىلادى 750 - يىللىرى ئابباس قەبىلىسى شىئە مەزھىپىنىڭ قوللىشى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ، ئابباس خاندانلىقى (750 — 1258) نى قۇردى. شۇنداقتىمۇ، شىئە مەزھىپى يەنىلا ئەمەلىي ياخشىلىققا ئېرىشەلمەي، كەمسىتىلىش ۋە ئېزىلىشكە ئۇچرىغانلىقتىن، ئابباس خاندانلىقىغا قارشى يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلدى. شىئە مەزھىپى سىياسىي جەھەتتىكى بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدە «سەۋر - تاقەت» قىلىش، «توۋا ئىستىغپار» بىلەن ئۆتۈش، سىياسىي مەقسەتتىن ۋاز كېچىپ ئىلاھچىلىق، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتەك پاسسىپ كۈرەش قىلىشقا يۈزلەندى.

VIII ئەسىرگە كەلگەندە، شىئە مەزھىپى ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىپ، زەيد گۇرۇھى ۋە ئىسمائىلىيە گۇرۇھى قاتارلىق دىنىي گۇرۇھلار مەيدانغا كەلدى. شىئە مەزھىپىدىكى قالغان مۇرىتلار ئىمامىيە گۇرۇھىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «12 ئىمام مەزھىپى» نى تەشكىل قىلدى. شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر قايسى تارماق مەزھەپ ۋە گۇرۇھلارنىڭمۇ ئۆز ئارا ئىختىلاپى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. ئىمام ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىش تەرتىپى، بويىچە ئاخىرقى ھېسابتا كىملەر شىئە مەزھىپىنىڭ ئىمامى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت توپ مەسىلىدە تالاش - تارتىشلار كېلىپ چىقتى. ئاساسىي گۇرۇھ — 12 ئىماملار مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئەلى ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئۆز نەسلىدىن بولغان تۇغقانلىرى ئىماملىق ھوقۇقىغا ئىگە دەپ قارىلىپ، 12 ئىماملىق نەسەبىنى ئېتىراپ قىلدى. زەيد گۇرۇھى بولسا، 3 - ئەۋلاد ئىمام ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسى زەيد ئىبنى ئەلى دېگەن نام بىلەن، زەيدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 - ئەۋلاد ئىمامنى ئېتىراپ قىلىپ، زەيدنى «زاھىدى» — ئاخىرقى ئەۋلاد ئىمام، دەپ جاكالىدى. ئىسمائىلىيە گۇرۇھى 7 - ئەۋلاد ئىمام ئىسمائىلنى قانۇنلۇق

ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى «زاھىدى» — ئاخىرقى ئىمام، دەپ جاكالىدى. ئىسمائىلىيە مەزھىپى كېيىن كارامات، دىرۇز، مۇستەئلى، نەسەيلى قاتارلىق كىچىك مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپى تارىختىن بۇيان بىر-بىرىنى غەيرى ئەقىدىدىكىلەر دەپ ئەيىبلىشىپ كەلدى. شۇڭا، سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ تۈپتىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ پەرقلەر 1) شىئە مەزھىپى ئىمام ھەققىدىكى دىنىي ئەقىدىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىلاھلاشتۇرىدۇ. ئۇلار: ئەلى — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قانۇنىي ۋارىسى ۋە ئىز باسارى، ئەلىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىماملارنىڭ نەسىل-نەسەبلىرىنى ئاللا بەلگىلەيدۇ؛ ئىمام بولغۇچى زات — ئىنسانلار ئارا ئەڭ ئۇلۇغ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئۇستاز بولۇپ، ئۇ — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ پۈتۈن ئىلىم-ھېكمەتلىرى، ئېسىل پەزىلەت-ئەخلاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىدۇر؛ ئىمام بولغۇچى ئادەتتىكى كىشى بولماستىن، بەلكى ئادەمدىن تاشقىرى ھېكمەتلىك زات بولۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاللانىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ھېچقانداق سەۋەنلىك ۋە خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئەلىنى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنى ئالدىن بىلگۈچى دانىشمەن دەپ بىلىپ، ئۇلارغا چوقۇنۇشى مۇھەممەت پەيغەمبەرگە بولغان چوقۇنۇشتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى مۇھەممەت پەيغەمبەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلار ئىماملارنى ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى، ئىماملارغا ئاللانىڭ خىسلىتى ئاتا قىلىنغان، دەپ قارايدۇ.

سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر: ئىسلام بەش تۈرلۈك ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان — ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەت بولسا ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ قارىسا، شىئە مەزھىپىدىكىلەر شىئە مەزھىپىنىڭ 6-ئىمامى جەئفىرى سادىقنى شىپە كەلتۈرۈپ ئىمان ئېيتىدۇ، يەنى «مەن ئۆزەمنىڭ دىنى ۋە ئېتىقادىنى سىزگە بىلدۈرۈپ ئۆتىمەن: سىز مېنىڭ ئىشەنچىمنى مۇستەھكەملىگۈچى، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەت بولسا ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە خىزمەتكارى؛ مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، قىيامەت كۈنىنىڭ كېلىشىگە، ئاللانىڭ قەبرىدىكى ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن؛ مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى بېجىرىمەن يەنى ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش؛ مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئەلى ئاللانىڭ خىسلىتى ۋە شان-شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان غايىۋى

قوماندان.» ئۇلار دۇنيادا ئاللانىڭ ۋە ھېيسىنى تارقاتقۇچى ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەين، ئەلى ئىبنى مۇھەممەدى جەففەر بىزنىڭ ئىمامىمىز، دەپ ئىمان كەلتۈرۈشىدۇ. شىئە مەزھىپىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ئىمام مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

2) شىئە مەزھىپىدىكىلەر «قۇرئان»، «ھەدىس»لەرنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ ئىشلىتىدۇ. قۇرئان، ھەدىس ۋە تەپسىرلەر — ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەھكام ۋە ئەقىدات، قانۇنلىرىنىڭ ئاساسى. ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا قۇرئاننى ئوچۇق مەنە ۋە يېپىق مەنىگە ئىگە دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. شۇڭا، شىئە مەزھىپىدىكىلەر قۇرئاننىڭ يېپىق يەنى يوشۇرۇن مەنىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەتتىكى كىشىلەر قۇرئاننىڭ «ئاشكارا» يەنى ئوچۇق مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئۇنىڭ «يېپىق» يەنى يوشۇرۇن مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئاللانىڭ خىسلىتىگە مۇيەسسەر بولغان، ئالدىن بىلەلەيدىغان ئىماملارنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ، قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ۋە تەپسىرلەش ھوقۇقى ئىماملارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن، دەيدۇ. «ھەدىس»، «تەپسىر» مەسىلىسىدە، شىئە مەزھىپىدىكىلەر سۈننىي مەزھىپىنىڭ «ھەدىس»، تەپسىرلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى ھەدىسشۇناس بۇخارىنىڭ ئەڭ مۇتىۋەر كىتابى — «سەھىھۇلبۇخارى»، سەھى مۇسلىم، تېرمۇزى، ئىبنى ماجى قاتارلىق ئالتە پارچە مەشھۇر ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھەدىس توپلىمىدىن ئىبارەت تۆت پارچە ھەدىسنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ ھەدىسلەر بويىچە ئۆز - كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەيدۇ.

سۈننىي مەزھىپى ھەدىس تەپسىرلىرىنى بايان قىلىش، توپلاشتا، ئاساسەن مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ بايان قىلغان سۆزلىرى ھەمدە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ئۇرۇق - تۇغقان ھەمراھلىرى ۋە قەدىناس دوستلىرىنىڭ ئەسلىمە بايانلىرىنى ئاساس قىلىدۇ.

شىئە مەزھىپىنىڭ ھەدىسلەر توپلىمىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر پۈتۈنلەي پەيغەمبەر جەمەتىدىن بولغان ئەلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرىنىڭ بايانلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. سۈننىي مەزھىپى دىنىي ئەھكام ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىنى تۈزۈش جەھەتتە، دىنىي ئۇقۇمۇشلۇق ئۆلىمالار ۋە مەشھۇر ھەدىسشۇناسلارنىڭ پىكىر بىرلىكىنى ئاساس قىلسا، شىئە مەزھىپى شەخسىي ئىمامنىڭ ھۆكۈمى، شۇنىڭدەك 12 ئىمامنىڭ سۆز - بايانلىرىنى ئاساس قىلىدۇ.

3) شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپىنىڭ ناماز ئادەتلىرىدە پەرق چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن مۇقەددەس جاي ۋە مېيىت ئەييام كۈنلىرى مەسىلىسىدە روشەن پەرقلەر مەۋجۇت.

سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ ۋە مەدىنىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ. لېكىن شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھەپنىڭ بۇ ئىككى جايغا بولغان ئېتىبار ۋە چوقۇنۇش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس، سۈننىي مەزھىپى: مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش — ئەڭ مۇھىم بەش پەرزنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەر: ئىمام ھۈسەيىننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش مەككىنى تاۋاپ قىلىشتىن ياخشى، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى ۋە مەككىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىمام ھۈسەيىننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. دېمەك، ھەج پائالىيەتلىرىدە ئۇلارنىڭ ئىمام ھۈسەيىنگە چوقۇنۇشى مۇھەممەت پەيغەمبەرگە بولغان چوقۇنۇشىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

شىئە مەزھىپىدىكىلەر ھەج تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي يالغۇز مەككە، مەدىنىلا ئەمەس دەپ قاراپ، مەشھەد، قۇم (ئىراندا)، ناجاپ، كەربالا، باغداد قاتارلىق جايلارنىمۇ مۇقەددەس جاي دەپ بىلىپ تاۋاپ قىلىدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەر بايرام ۋە خاتىرە كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندە، «ئاشۇرا» كۈنىنى ناھايىتى مۇھىم بىلىدۇ. بۇ كۈن ھىجرىيە 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ كۈن ئىمام ھۈسەيىننىڭ قازا تاپقان كۈنى بولۇپ، ئۇلار بۇ كۈننى ناھايىتى چوڭ خاتىرىلەيدۇ.

شىئە مەزھىپى ھازىر پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 86 مىليوندىن ئارتۇق مۇرىتقا ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئىران، ئىراق، جەنۇبىي يەمەن، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق مەملىكەتلەرگە تارقالغان.

شىئە مەزھىپىمۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە مەزھەپ ئەمەس، ئۇ تارىختا خېلى نۇرغۇن كىچىك گۇرۇھ ۋە دىنىي مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇڭا بۇ مەزھەپنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تىزىگە ئايرىش مۇمكىن:

ئىمامىيە يەنى 12 ئىمام مەزھىپى:

ئىمام مەزھىپى

| | | |
|---|---|---|
| زەيدىلەر، | ئۇسۇرى، | بابۇرلەر، |
| بىخارلەر، | ئەھبارلەر، | ھاجەرلەر، |

ئىسمائىلىيە مەزھىپى

| | | |
|---|---|---|
| كارمات، | ئەلى - ئىلاھىيە، | ئەلەۋىيە |
| دىرۇز، | نىزار | مۇستەئلى |

زەيد مەزھىپى

زەيد نۇقتەۋى

## 1. ئىمامىيە مەزھىپى

### (1) 12 ئىمام مەزھىپى

بۇ مەزھەپ شىئە مەزھىپى ئىچىدە ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان مەزھەپنىڭ بىرى بولۇپ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. 12 ئىمام مەزھىپى «قۇرئان» نى ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھى دەپ قارايدۇ. سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھەدىسلىرىگە نىسبەتەن پەقەت ئەلى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەدىسلەردىكى ئىبارىلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ مەزھەپ ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى قانۇنلۇق ئىماملار دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار يەنە «جاھاننى قۇتقۇزغۇچى ۋە ئادالەت ئورناتقۇچى» 12 - ئىمام مۇھەممەت ئەبۇلقاسىم مۇقتەۋىنى «ئاخىرقى زامان ئىمامى مەھدى» دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە چوقۇنىدۇ. بۇ كىشى 12 - ئىمام بولۇپ، مىلادى 873 - يىلى ئىراقنىڭ باغداد شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 12 يېشىدا «غايىب» بولۇپ كەتكەن.

شىئە 12 ئىمام مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، بۇ «غايىب» بولغان ئىمام ئەرسات قىيامەت كۈنى قايتىدىن دۇنياغا كېلىپ، پۈتۈن روھىي زېمىننى ئادالەت بىلەن تولدۇرارمىش. بۇ بىر ئەقىدات، بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسىي ئەھكاملىرىغا سىڭدۈرۈلگەن. بۇ خىل «غايىب» بولغان ئىمام توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بۇ مەزھەپنىڭ ئەھكاملىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، يەنىلا مۇرىتلارنىڭ سەۋر - تاقەت قىلىش بىلەن ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شىئە مەزھىپى ئۆز تارىخىدىكى سىياسىي كۈرەشلەردە مەغلۇپ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىماملار ۋە مۇرىتلار پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئەھكاملىرىدا سەۋر - تاقەت قىلىش، دۇئا - تەكبىر بىلەن تەلەپ قىلىش مۇھىم شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ «ئاشۇرا كۈنى» يەنى ئىمام ھۈسەيىننىڭ دەشت كەربالادا شېھىت بولغان كۈننى چوڭ مۇسىبەت كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ، دۇئا - تەكبىر بىلەن خاتىرىلىشى — ئىمامىيلەر مەزھىپىنىڭ ئەھكاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەر قېتىم «ئاشۇرا» كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ئىمامىيلەر بىر خىل سىرلىق ئويۇن كۆرسىتىدۇ. ئىمام ھۈسەيىننىڭ ۋاپات بولۇشى توغرىسىدىكى ئويۇن — ئۇلار ساقلاپ

كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى، «ئاشۇرا» كۈنى ئىمامىيلەر يەنە نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. نامايىش جەريانىدا ئەسەبىيلەشكەن مۇرىتلار بىر تەرەپتىن زارلىنىپ يىغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈر زەنجىرلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇرىدۇ ياكى بەدەنلىرىگە خەنجەر سېلىپ جاراھەت قىلىپ قان ئاققۇزىدۇ. بۇنداق نامايىشلاردا ياھۇسەيىن ! ۋاھ ھۇسەيىن! دەپ زارلىنىپ چۇقان سېلىشىدۇ. لىۋان ۋە سۈرىيىدىكى كىشىلەر ئۆز ئادەتلىرىدە 12 ئىمام مەزھىپىنى «مۇر تەزلەر» مەزھىپى ياكى «مەستۇئەلى» (ئەلىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار — ت) مەزھىپى دەپ ئاتايدۇ. بەھرەيىندە بولسا «باران» دەپ ئاتايدۇ.

12 ئىمام مەزھىپى ئۇشۇرىيە ئەھكامى ۋە ئىخبارىي ئەھكامى دېگەن ئىككى ئۆلىمالار پىرقىسى (گۇرۇھى) گە ئايرىلىدۇ. كۆپ ساندىكى مۇرىتلار ئۇشۇرى پىرقىسىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ گۇرۇھلار مۇھاكىمە ـ مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشنى قوۋۋەتلەيدۇ. «قۇرئان» نىڭ ئايەتلىرى ھەم پاك ھەم ئېنىق بايان قىلىنغان تۇرسا، باشقا ئادەملەرنىڭ شەرھلىشىگە ھاجەت قالمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىخبارى ئەھكامىنىڭ مۇرىتلىرى تالاش ـ تارتىش بولغان شەرىئەت قانۇنلىرىغا دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا «قۇرئان» نىڭ ئايەتلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈشكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇنداق ئىختىلاپلارنى ئۆزلىرىنىڭ «ھەدىس» لىرىگە، جۈملىدىن ئىخبارىگە ۋە ئۇندىن باشقا ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىغا ئاساسەن ھەل قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ پىرقە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا شىئە مەزھىپىنىڭ ھەدىس خاتىرىسى «تۆت كىتاب» بولۇپ، ئەمدىلا يېزىلىپ چىققان ئىدى.

12 ئىمام مەزھىپى ئاساسەن ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، لىۋان، كۇۋەيت، بەھرەيىن، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەتلەرگە تارالغان. مىلادى 1502 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىئە مەزھىپى ئىران پادىشاھلىق تارىخىدا دۆلەت دىنى بولۇپ كەلگەن.

## زەيدىي مەزھىپى

زەيدىي مەزھىپى دەسلەپتە XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراندا پەيدا بولغان بىر يېڭى مەزھەپ. ئۇنىڭ ئەھكام قائىدىلىرى 12 ئىمام مەزھىپىگە يېقىنراق كېلىدۇ. لېكىن بۇ مەزھەپ «غايىب» بولغان ئىمام ھەققىدىكى تەلىماتقا ئەمەل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. زامان ئاخىر بولغاندا ئالەمنى قۇتقۇزغۇچى ئاسماندىن چۈشۈپ، ئىنسانلار ئىچىدىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ

ئادالەت نۇرىنى چېچىپ، ئېزىلگەن مەزلۇم خەلقلەرنىڭ تەلىپىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ، دېگەن خەير - ئېھسانلىق، ئارزۇ - ئۈمىدكە ئىنتايىن ئېتىقاد قىلىدۇ. زەيدىيە مەزھىپى 12 ئىمام مەزھىپىنىڭ «مەدەس خانىرىسى» دېگەنلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ ئېتىقاد چەكلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، غەربىي ئاسىيا بويىچە شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئاران 2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئىران، ئىراق ۋە يەمەن دېگەن يەرلەرگە تارالغان.

## (3) بابۇر مەزھىپى

بابۇر مەزھىپى مىلادى 1844 - يىلى ئىراندا پەيدا بولغان. بۇ مەزھەپنىڭ ئىجادكارى بابۇر ئېتىقادىدىكى قوزغىلاڭچىلار باشلىقى مىرزا ئەلى مۇھەممەت شىرازى شەھىرىدە بىر كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا زەيدى مەزھىپىنىڭ ئەھكام قائىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلغان. ئۇ 1844 - يىلى ئۆزىنى «بابۇر» دەپ ئېلان قىلغان (بابۇرنىڭ مەنىسى «ئىشىك» دېگەننى بىلدۈرىدۇ). كىشىلەر تەشنا بولۇپ تۇرغان تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئەنە شۇ «ئىشىك» ئارقىلىق بەندىلەرگە يېتىپ بارغۇدەكمىش. مىلادى 1874 - يىلى ئەلى مۇھەممەت «دۇرۇت شېرىپ» نى يېزىپ چىققان. شۇنىدىن باشلاپ «دۇرۇت شېرىپ» بابۇر مەزھىپىنىڭ «مۇقەددەس نامە» سى بولۇپ قالغان. بابۇر مەزھىپىنىڭ بۇ كىتابىدا يېڭى ئەھكام قائىدە - تۈزۈملەر كونا قائىدە - تۈزۈم ۋە ئەھكام قانۇنلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن. لېكىن ئەھكام قائىدە ۋە قانۇنلار بۇ ئالەمدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلمەي، بەلكى ئاللا تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، دەپ تەرغىب قىلىدۇ. بابۇر مەزھىپى باراۋەرلىك، تىنچلىق، ئىجتىمائىي بايلىقلارنى تەڭ تەقسىم قىلىش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ. تىجارەت ئەركىنلىكى ۋە خوتۇن - قىزلارغا مەلۇم دەرىجىدە ئەركىنلىك بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ ۋە بىھۇدە دىنىي مۇراسىملىرىدىن ۋاز كېچىشكە چاقىرىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تەۋرات، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىنجىل، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ «قۇرئان» قاتارلىق دەستۇرلىرىنىڭ «دۇرۇت شېرىپ» كە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشىنى، بارلىق قائىدە - تۈزۈم ۋە قانۇنلارنى «دۇرۇت شېرىپ» بويىچە يېڭىدىن تۈزۈپ چىقىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

بابۇر مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىدا سودا بۇرژۇئازىيىسى، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا خىلاپ كەلگەنلىكىنى،

ئىران پادىشاھى 1847 - يىلى بابۇرنى قولغا ئېلىش توغرىلىق ھۆكۈم چىقىرىپ، 1850 - يىلى ئىراننىڭ تەبرىز شەھىرىدە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

1848 - يىلدىن 1852 - يىلغىچە، بابۇرنىڭ مۇرىتلىرى ئىراننىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشى بىلەن بابۇر مەزھىپى مۇرىتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يوقىتىلغان، قالغان ئاز قىسمى ئىراققا قېچىپ كەتكەن.

## (4) بەھار مەزھىپى

بابۇر مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىراندىكى سودا بۇرژۇئازىيىسى بىر خىل يېڭى دىنىي ئەھكام قائىدىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغداشقا مۇھتاج بولغان. بەھار مەزھىپى ئەنە شۇنداق ئېھتىياجنىڭ مەھسۇلى.

بۇ مەزھەپنىڭ ئىجادكارى مىرزا ھۈسەيىن ئەلى ئۆزىنى «بەھار ھۇللا» يەنى ئاللا ئاتا قىلغان «شانلىق نۇر» (ئاللانىڭ شۆھرىتى) دەپ ئاتىغان ھەم ئۆزىگە بابۇر مەزھىپىنىڭ «ۋەلى ئەھدىسى» (ۋارىسچىسى) دەپ نام بەرگەن. مىرزا ھۈسەيىن ئەلى ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە - ئەھكاملىرىدا بابۇر مەزھىپىنىڭ دىنىي قائىدە - ئەھكاملىرىدىكى دېموكراتىك ئىدىيەلەردىن ۋاز كېچىپ، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان.

بەھار ھۇللا ئۆزىنىڭ «ھەممىدىن ئەلا مەدىس» دېگەن كىتابىنى «قۇرئان» ۋە «دۇرۇت شەرىپ» نىڭ ئورنىنى باسىدۇ، دەپ تەرغىب قىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى ئادەمزاتلار ئىرق، مىللەت ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن - مەرتىۋىلەرگە ئايرىلماستىن، ئاكا - ئۇكىلاردەك قېرىنداش بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بارلىق دىنلار ۋە ئۇنىڭ مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى مۇتلەق كەڭ قوساقلىق (رەھىمدىل) پوزىتسىيىدە بولۇپ، «مۇسۇلمانلار مۇقەددەس غازات ئۈچۈن» دېگەن ئەقىدىنى بىكار قىلىشقا چاقىرىدۇ. تىنچ ۋاستىلەر ئارقىلىق «ئادالەتپەرۋەر» پادىشاھلىق دۆلىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا، بەھار مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسى يېقىن شەرقتىكى ھەر قايسى ئەللەر (تۈركىيە، ئىران، ئىراق، سۈرىيە) دە تارقالغان ئىدى. 1868 - يىلى ھۈسەيىن ئەلى پەلەستىننىڭ ئاكى شەھىرىدە ھىجرەت قىلدى. شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، بەھار مەزھىپى ئاستا - ئاستا پۈتۈن دۇنياغا تارالدى. بەھار مەزھىپىنىڭ ياۋروپادا، ئاساسەن غەربىي گېرمانىيىنىڭ شتۇتگارت شەھىرى، ئەنگلىيىنىڭ لوندون

شەھىرى، شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم شەھىرى، ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدە، ئاسىيا-
دا ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى، ئىسرائىلىيىنىڭ خەيفەر شەھىرىدە پائالىيەت ئېلىپ
بارىدىغان ئورۇنلىرى قۇرۇلغان. شىئە مەزھىپى مۇرىتلىرى ئىچىدە بىخار مەزھىپىنىڭ
مۇرىتلىرى ئاران 2% نى تەشكىل قىلىدۇ. بىخار مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ 95
پىرسەنتى ئىراندا، قالغانلىرى بولسا ئىراق، ئىئوردانىيە ۋە ئىسرائىلىيە قاتارلىق
مەملىكەتلەرگە تارقىلىپ كەتكەن. بىخار مەزھىپى ئىسلامىيەتنىڭ دىنىي ئەھكاملىرى-
دىن چەتلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى
مەزھەپ دەپ قارىمايدۇ.

## (5) ھەجەر مەزھىپى

ھەجەر مەزھىپىنى ئىجاد قىلغان مىرزا يەھيا—بىخار مەزھىپىنىڭ ئىجاد كارى
مىرزا ھۈسەيىنىنىڭ ئىنىسى ئىدى، بابۇر مەزھىپىنىڭ قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن
كېيىن، مىرزا يەھيا بابۇر مەزھىپىنىڭ قالدۇق مۇرىتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى رەھبىرى
بولۇپ، ئۆزىنى «سۇبھا ھەجەر» يەنى «مەڭگۈ ئۆچمەس تاڭ نۇرى» دەپ ئاتىۋالغان.
زەيدى مەزھىپىگە ئوخشاش، ھەجەر مەزھىپىمۇ «قۇرئان» ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى قوبۇل
قىلمايدۇ. پەقەت «غايىب بولغان ئىمام»غا چوقۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي قائىدە-
ئەھكاملىرى بابۇر مەزھىپىنىڭ «دۇرۇت شىرىپ» دىن ئېلىنغان. ھەجەر مەزھىپىنىڭ
مۇرىتلىرى ئىنتايىن ئاز ساندا بولۇپ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئومۇمىي مۇرىتلىرى سانىنىڭ
ئاران 3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇرىتلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئىراندا، شۇڭا
ئۇلار ئىراندىكى شىئە مەزھەپ مۇرىتلىرى سانىدا 96% نى تەشكىل قىلىدۇ.

## II ئىسمائىلىيە مەزھىپى

### (1) ئىسما ئىلىيە مەزھىپى

بۇ مەزھەپ VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئەرەبىستاندىكى خەلىپىلىك مەملىكەتلەردە
پەيدا بولغان. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۆز نامىنى شىئە مەزھىپىنىڭ 6 - ئەۋلادى ئىمامى
جەفەرنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسما ئىلىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان. جەفەر ئۆز ئوغلى ئىسما-
ئىلنىڭ ۋەلى ئەھدىلىك (ۋارىسلىق) ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندا، ئىسمائىلنى ھىمايە
قىلغۇچىلار جەفەرنىڭ بۇ قىلمىشى «قۇرئان كەرىم» نىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ھەرى-
كەت دەپ، ئىسمائىلنى ئىمام قىلىپ بېكىتكەن. شۇڭا ئىسمائىلنىڭ ھىمايىچىلىرى

«ئىسمائىلىيە مەزھىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسمائىل ئاتىسىدىن ئاۋۋال ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى ئىمام ھېسابلاپ، «يەت-تىنچى ئىمام» دەپ ئاتىغان. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تەشكىلاتلىرى بىر خىل مەخپىي جەمئىيەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى يەتتە دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. ناھايىتى ئاز سان-دىكى ئىككى ئالىي تەبىقە كىشىلىرى دىنىي مەزھەپ تەشكىلاتلىرىنىڭ يولباشچىسى بولىدۇ، ئوتتۇرىدىكىلىرى ئادەتتىكى خەلپەت، ئۇنىڭدىن قالغانلىرى ئاددىي مۇرىت دېيىلىدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ مەزھەپ X ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە (مىلادى 909 — 1171)، غەربىي ئافرىقادا پاتىمە پادىشاھلىقىنى قۇرغان. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەھكاملىرى ئاساسەن «ئاشكارا» ۋە «مەخپىي» دېگەن ئىككى تەرەپكە ئايرىلىدۇ. ئاشكارا ئەھكاملارنى ئادەت-تىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدۇ، مەخپىي ئەھكاملارنى بولسا، پەقەت ھوقۇق تۇتىدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر چۈشىنىدۇ. دېمەك، ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە يېڭى بەيتۇللا مەسلىكىنىڭ تەسىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئەھكاملىرى بويىچە: ئاللا (تەڭرى) ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بىلەن ھەممىگە قادىردۇر؛ ئاللا ئالەمدىكى ئەقىل - ئىدراكنى ياراتقان، ئەقىلدىن ئالەمدىكى روھ ۋۇجۇدقا كەلگەن، روھتىن ئەڭ دەسلەپكى ماددا - شەيئىلەر — كائىنات پەيدابولغان؛ پەيغەمبەرلەر بولسا ئالەمدىكى ئەقىلنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكۈچىلەر-دۇر، دېيىشىدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئادەم، ئىبراھىم، نوھ، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەت ۋە ئىسمائىلدىن ئىبارەت يەتتە پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار يەنە روھنىڭ دۇنيانى دەۋر قىلىدىغانلىقىغا، پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ، مۇھەممەت بىلەن ئەلىنىڭ روھى مەۋجۇت، يەنى دۇنياغا كەلگەن، دەپ قارىشىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە XI ئەسىردە بىرىنچى قېتىم چوڭ بۆلۈنۈش پەيدا بولغان. مىسىرنىڭ پاتىمە پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى خەلىپە مۇستەنشىر ئۆلگەندىن كېيىن، مەزكۇر مەزھەپ ئىككى مەزھەپكە ئايرىلىپ كەتكەن: بىرى، مۇستەنشىرنىڭ چوڭ ئوغلى نىزارنىڭ خەلىپە بولۇشىنى ھىمايە قىلغاچقا «نىزارى مەزھىپى» (شەرق قىسمىدىكى مەزھەپ) دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى مۇستەنشىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇشتارىنىڭ ئاتىسىنىڭ خەلىپىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى ھىمايە قىلغانلىقتىن «مۇشتا-رى مەزھىپى» (غەرب قىسمىدىكى مەزھەپ) دەپ ئاتالغان.

نىزارىچىلەر ئاساسەن سۈرىيە، ئىراقتا تارقالغان. ئۇلار ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق ۋە مۇتەئەسسىپ بىر فىرقە ھېسابلىنىدۇ. نىزارىچىلەر ھوقۇق-نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە مەغلۇپ بولغان. نىزارى بولسا

سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن ساباھ باشچىلىقىدىكى نىزارىچىلەر مىسىرنى تاشلاپ چىقىپ، شىمالىي ئىرانغا كۆچۈپ كېلىپ، ئارام تېغىدىكى شەھەرنى مەركىزىي قەلئە قىلىپ، تەشكىلاتى مەخپىي، تەرتىپ ئىنتىزامى كۈچلۈك دىنىي مەزھەپنى تەشكىللىگەن. بۇ مەزھەپنىڭ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان بىر مۇنچە ئورۇنلىرى سۇفىلارنىڭ خانىقاسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شەيخلىرى، ئىشانلىرى مۇتلەق ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنى «غايىب» بولۇپ كەتكەن ئىمامنىڭ ۋەكىلى، دەپ بىلىشىدۇ. مۇرىتلىرى شەيخلەرگە چەكسىز سادىق بولۇشى لازىم. شەيخلەر مۇرىتلارنى دىنغا ئەسەبىيلەرچە ئەقىدە باغلىغۇچى قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، شەيخلەر ئۆزلىرىنى مەلۇم قىياپەتتە سىرلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئادەتتىكى چاغلاردا مۇرىتلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى ئانچە كۆرسەتمەيدۇ. بۇ ئادەملەر دائىم يوشۇرۇن تېررورلۇق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ياۋروپادا بۇ مەزھەپنىڭ ئادەملىرىنى «ھاشىشچىلار» (يوشۇرۇن تېررورچىلار) دەپ ئاتىشىدۇ. مىلادى 1256 - يىلى ئالاموت (شىمالىي ئىراندا) قەلئەسى موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ مەزھەپتىكى قىسمەن مۇرىتلار ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقى ھەجەرخان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەزھىپىنى ھەجەر دەپ ئاتىغان. مەزكۇر مەزھەپ ھىندىستاننى ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەز قىلغان. مۇشتارى مەزھىپى ھوقۇق تالىشىش كۆرىشىدە غەلىبە قىلىپ خەلىپىلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان. مەزكۇر مەزھەپنىڭ كىشىلىرى ئاساسەن مىسىردا جەملەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىچىدە «مۆتىدىل» فىرقە بولۇپ قالغان. پاتىمە خەلىپىلىكى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، مۇشتارى مەزھىپىدىكى بىر قىسىم مۇرىتلار يەمەنگە ھىجرەت قىلىپ كەتكەن. بۇ مەزھەپنىڭ يەنە بىر قىسىم مۇرىتلىرى بولسا ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، ئۇيەردە «بوخارىلەر» دەپ نام ئالغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ھەر قايسى مەزھەپلەر ئىچىدىن بەزى كىچىكرەك دىنىي فىرقىلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغان. بۇيەردە شۇنى شەرھلەيمىزكى، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئەللەردە، ئۇلارغا قارىتا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ناملار بېرىلگەن. مەسىلەن «ئاكاخان مەزھىپى»، «مەۋلانا» (مەۋلائى)، «پىياكتان»، «سۇلايمانىيە»، «داۋۇدىيە» دېگەنلەرگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىغان.

ھازىرقى زاماندا، ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىچىدە «نىزارىلار» تەخمىنەن ½ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. «مۇشتارىلار» تېخىمۇ ئازساننى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى غەربىي ئاسىيادا شىئە مەزھىپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ

7.2 پرىنسىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردە، مەزكۇر مەزھەپتىكى ئادەملەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇلار ئاساسەن ئافغانىستان، ئىران، سۈرىيە، پاكىستان قاتارلىق مەملىكەتلەرگە تارالغان.

### (2) كاراماتىيە مەزھىپى

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىراقنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا كاراماتىيە مەزھىپىنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى بولغان، بۇ قوزغىلاڭنى مىلادى 891 ـ يىلى دېھقانلاردىن كېلىپ چىققان مىسمۇنىر ھامۇرۇن ئۇيۇشتۇرغان. مەخپىي دىنىي مەزھەپ ئىچىدە ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان، ئومۇمەن ئىشتىراك قىلغۇچىلار ئىئانە قىلغان كىرىمنىڭ بىر قىسمىدىن مەزھەپ ئەزالىرى ئورتاق بەھرىمەن بولغان. كۆپلىگەن دېھقان ۋە قولھۈنەرۋەنلەر ئارقىمۇ ئارقا ئىشتىراك قىلغانلىقتىن، قوزغىلاڭ ئەرەب، ئىران، سۈرىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېزدىن كېڭەيگەن. مىلادى 899 ـ يىلى كاراماتىيە مەزھىپى ئەرەبلەرنىڭ شەرقىي تەرىپى بولغان پارس قولتۇقىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى ھەبىبى دېگەن جاينى مەركەز قىلغان ھالدا ھاكىمىيەت قۇرغان. تارىختا بۇ كاراماتىيە مەزھىپىنىڭ بەھرەين دۆلىتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. شۇ يەردىكى ئادەملەر كاراماتىيە مەزھىپىنىڭ مۇرتلىرى دەپ ئاتالغان.

كارىمات مەزھىپى بۇلارنى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى مۇتەئەسسىپلەر، دەپ قاراپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئاساسىي دىنىي ئەھكاملىرى يەتتە ئىمام ۋە ئالەمنى قۇتقۇزغۇچى ئىمام مەھدى ئاخىر زاماننىڭ تەلىماتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقلا دۇنيانىڭ مەخپىيەتلىكى ھەققىدىكى ئەقىل ئىدراكى بىلەن روھ توغرىسىدىكى دىنىي ئەھكاملارنى ئېتىراپ قىلىپ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ دىنىي مۇراسىملىرى (مەسىلەن روزا تۇتۇش) ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا مۇرەككەپ دىنىي نىزاملىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە قارشى تۇرىدۇ. بۇ مەزھەپ ھازىر دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس.

### (3) ئەلى يۇللا مەزھىپى (ئەلى ھۇللا مەزھىپى، ئەلى مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

بۇ مەزھەپ XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراننىڭ غەربىي قىسمى ۋە تۈركىيىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا پەيدا بولغان. ئەلى ھۇللا — «ئەلىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر مەزھەپ ئەلىگە گويا ئاللاغا ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەلىنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ ئۆزگەرمەس گەۋدىسى، دەپ قارايدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ ھىمايىچىلىرى، دەپ ئاتايدۇ. ئەلى ھۇللا مەزھە-

پىنىڭ ئەھكاملىرىدا ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەلىماتلىرىنىڭ تەسىرلىرى قوبۇل قىلىنغان. ئۇلار بىۋاسىتە مالائىكە ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە ئىشىنىدۇ. بارلىق پەيغەمبەر، ئىماملار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى ئەلىنىڭ روھىغا ئىشىنىدۇ، ئۇنى روھتىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك «دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى» ئىمام مەھدى ئاخىر زامان پانىي ئالەمگە قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل بىلەن نەپسى ئوتتۇرىسىدا كۈرەش يەنى توقۇنۇش بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەلى ھۇللا مەزھىپى قىيامەتنىڭ بولۇشى، جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى تەلىماتلارغا ئىشەنمەي، روھ ئالەمنى دەۋر قىلىدۇ، دېگەن تەلىماتقا ئىشىنىدۇ. ئەلى ھۇللا مەزھىپىنىڭ ئەھكاملىرىدا ئىسمائىلىيە مۇتەئەسسىپ مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەھكام ـ قائىدىلىرىنى ئاساس قىلغاندىن تاشقىرى، ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى خرىستىئان دىنىنىڭ ساقىندىلىرى، قەبىلىلەرنىڭ چوقۇنۇش ھەرىكىتى، مەسىلەن دەرەخ، تاشلارنى مۇقەددەس بىلىش، ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرىغا تاۋاپ قىلىدىغان دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەندە ئەۋلىيالار ھەققىگە ئاتالغان تاماق ـ غىزالارنى ئاۋۋال يېيىش، ئەۋلىيالار ئۈچۈن سەدىقە قىلىنغان ھاراقلارنى ئاۋۋال ئىچىشكە ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئەلى ھۇللا مەزھىپىنىڭ ئادەم سانى شىئە مەزھىپىنىڭ ئومۇمىي مۇرىتلىرى ئىچىدە 1/10 قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەلى ھۇللا مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى ئاساسەن تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق يەرلەرگە تارالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەزەربەيجان ۋە ئەرمېنىيە ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرىدىمۇ ئاز ساندىكى مۇرىتلىرى بار.

### (٤) ئالاۋىيە مەزھىپى

ئالاۋىيە مەزھىپى «نۇسۇر» مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئالاۋىيەنىڭ مەنىسى «ئەلىگە چوقۇنغۇچى» دېگەن سۆز، ئۇنىڭ يەنە «نۇسۇر» دەپ ئاتىلىشى ـــ مەزكۇر مەزھەپنى ئىجاد قىلغان مۇھەممەت ئىبنى نۇسۇرنىڭ ئىسمى زاتىدىن كېلىپ چىققان.

ئالاۋىيە مەزھىپىنىڭ ئەھكام ـ قائىدىلىرى ئىسمائىلىيە مەزھىپى بىلەن، شەرقتىكى خرىستىئان دىنى ھەم قەدىمكى يۇلتۇز پەرەسلەر (يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار) نىڭ دىنىي تەركىبلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ مەزھەپنىڭ مەركىزىي يادروسى ـــ «ئەقىل»، «نام» ۋە «ئېتىقاد» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچىنىڭ بىرتەن

بولۇشىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئۇچىنىڭ بىر تەن بولۇشى ئىدىيىسى ئۈچ پەيغەمبەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەلى — ئاللا بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىدىغان، مەخپىي بېشارەت بېرىدىغان «ئەقىل» دۇر، «نام» ئەنە شۇ ئەقىلدىن كېلىپ چىققان. ئۇ ئەقىلغە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ «نام» مۇھەممەتنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئەقىدە» (ئېتىقاد) سولمان پارس ساھابىنى كۆرسىتىدۇ. ئاخىرقىسى سەئىد بولغان ئەگەشكۈچىلەردىندۇر. بۇ ئۇچىنىڭ ئىچىدە ئەلى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالاۋىيە مەزھىپى ئىچىدە قۇياش، ئاي، شەپەققە (ئەتىگەن، ئاخشامدىكى) چوقۇنىدىغانلىرىمۇ بار، بۇلار ئالاۋىيە مەزھىپىنىڭ ئۇچىنىڭ بىر تەن بولۇشى توغرىسىدىكى ئوقۇمىنىڭ ماھىيىتى بولۇشى مۇمكىن. ئۇندىن تاشقىرى، روھنىڭ ئالەمنى دەۋر قىلىش تەلىماتىغا ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلىپ، ئادەمنىڭ روھى ئەسلىدە ئەرشتە تۇرىدۇ. ئەلى كۆڭلىنى پانىي ئالەمگە ئېلىپ كەلگەن. ئېتىقادچىلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى ئەرشىئەلاغا چىقىپ كېتىپ، ئەلىنىڭ روھى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. گۇناھ قىلغان ئادەملەرنىڭ روھى پانىي دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ھايۋاناتلارنىڭ تېنىگە كىرىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئالاۋىيە مەزھىپىدىكىلەر دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە، خرىستىئان دىنىنىڭ ئىنجىل كىتابىنى ئوقۇيدۇ. ئەۋلىيالار ئەرۋاھىغا ئاتاپ ھاراق ئىچىشىدۇ. ئالاۋىيە مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى يەنە ماتەي، چېڭخەي، خەنلۇنغا ئوخشاش خرىستىئان دىنىدىكى مۇرىتلارنىڭ ئىسملىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ئەھكام-قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئاز ساندىكى يۇقىرى تەبىقىلەر (مەخپىيەتلىكنى بىلگۈچىلەر) چۈشىنىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن مۇددەت مەخسۇس تەربىيىلەنگەن. بۇ مەزھەپنىڭ مۇرىتلىرى خوتۇن-قىزلارنى ھەددىدىن ئارتۇق پەس كۆرىدۇ. خوتۇن-قىزلارغا مەخپىيەتلىكنى يەتكۈزۈش قەتئىي مەنئى قىلىنغان. ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدە-ئەھكاملىرى بويىچە خوتۇن-قىزلارنىڭ روھى بولمايدۇ، دەپ تونۇيدۇ.

ئالاۋىيە مۇرىتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1 مىليوندىن ئاشىدۇ. 1972-يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئالاۋىيىلەر غەربىي ئاسىيادىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېقىن شەرقتىكى شىئە مەزھىپىگە تەۋە مۇرىتلار ئومۇمىي سانىنىڭ 2.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئاساسەن سۈرىيە (بۇ جايدىكى شىئە مەزھىپى مۇرىتلىرىنىڭ 72.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، تۈركىيە (بۇ يەردىكى شىئە مەزھىپى مۇرىتلىرىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، لىۋان (بۇ يەردە شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سانى ئانچە جىق ئەمەس) قاتارلىق ئەللەرگە تارالغان.

دروز مەزھىپىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىجادكارى مۇھەممەت ئىبنى ئىسمائىل ئارادارچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىن ئايرىلىپ چىققان بىر فىرقە بولۇپ، ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بەزى دىنلارغا ئەسەبىيلەرچە ئېتىقاد قىلىشقان. ئۇلار مىسىردىكى پاتىمە پادىشاھلىقىنىڭ خەلىپىسى ھېكىمنى «ھايات خۇدا» دەپ ھۆرمەتلەپ كەلگەن. مەزكۇر مەزھەپ مىسىر زېمىنىدا كەڭ تارقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن لىۋاننىڭ قىسمەن تاغلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە تارالغان.

دروزىيە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىچىلىرى ئارىسىغا ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئېتىقاد قىلىش قائىدىلىرى ۋە خرىستىيان دىنىدىكى ئاتەشپەرەسلەر، ھەمدە ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى قەبىلىلەرنىڭ بەزى تەركىبلىرى سىڭىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقاد قىلىش قائىدىلىرىدە، ھېكىمنىڭ روھىنى بىردىنبىر خۇدا دەپ چوقۇنىدۇ (ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەۋلىيانىڭ مۇرىتلىرى دەپ ئاتايدۇ). دروز مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى «غايىب بولغان ئىمام» نى پانىي ئالەمگە قايتىپ كېلىپ مەزلۇملەرنى قۇتقۇزىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ دۇر مەزھىپى تەلىماتلىرىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى شۇكى، ئۇ، روھنىڭ ئالەمنى دەۋر قىلىش توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، دروز مەزھىپىدىن بىر ئادەم ۋاپات بولسا، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر بوۋاق دۇنياغا كېلەرمىش، ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بەدىنىگە كىرىپ كېتەرمىش. دروز مەزھىپىدە ناماز مۇراسىملىرىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ، دىنىي مۇراسىملىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلمايدۇ، مەسچىت سالمايدۇ؛ ئۆلگەن ئادەملەر ئۈچۈن نەزىر - چىراق ئۆتكۈزمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ زىيارەتمۇ قىلمايدۇ؛ دروز مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى خەتنە قىلدۇرمايدۇ، چوشقا گۆشى يېيىش ۋە ھاراق ئىچىشكە يول قويۇلىدۇ. ئۇلار داۋاملىق سۈننىي ئەرشاتچىل مەزھىپىنىڭ بېسىمى زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكتىن، ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئېتىقادى ۋە سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى ۋاقىتىنچە يوشۇرۇشقا يول قويۇپ كەلگەن. ئۇلار «تاجىيە» لەر دەپ ئاتىلىدۇ.

دروز مەزھىپى ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ سانى ئاز بولۇپ، ئاساسەن لىۋان، سۈرىيە ۋە ئىسرائىلىيەگە تارالغان.

## III سەئىدىيە مەزھىپى

### (1) سەئىدىيە مەزھىپى

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى 5 - ئەۋلاد ئىمامنى ھىمايە قىلىپ تىكلەش مەسىلىسىدە بۆلگۈنچۈلۈك پەيدا بولغاندا، بىر قىسىم كىشىلەر ئەلىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد نەۋرىلىرىدىن سەئىد ئىبنى ئەلىنى ھىمايە قىلىپ، سەئىد مەزھىپىنى ئۇيۇشتۇرغان. سەئىد مەزھىپى پەقەت 5 ئىمامنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن، 5 ئىمامىيە مەزھىپى دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپ دىنىي ئەھكام - قائىدىلىرى جەھەتتە سۈننىي مەزھىپىگە يېقىنلىشىدۇ، شۇڭا «مۆتىدىللەر» مەزھىپى - دەپمۇ ئاتالغان. سەئىدىلەرنىڭ دىنىي قائىدىلىرى مۇرتەجىلەر مەزھىپى تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، «قۇرئان» نى ساختا نەرسە، دەپ ھېسابلايدۇ. شىئە مەزھىپىنىڭ قائىدىلىرى باشقا دىنىي فىرقىلەر بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ.

سەئىدىلەر «غايىب ئىمام» نىڭ تەلىماتىغا ئىشەنمەيدۇ، ئەۋلىيالارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە. شۇنىڭدەك سۇفىلارنىڭ سىرلىق يول تۇتۇشىغا قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىچىدىن كىشىلەرنىڭ نەپسى شەھۋەت پەرەسلىكلەرنى چەكلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداش تەشكىلاتى ۋە دىنىي مۇئەسسەسەلەر پەيدا بولمىغان. سەئىد ئۆلگەندىن كېيىن، ئىمامنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىمامىيلەر — ئېتىقادنى قوغدىغۇچى، دېيىشىدۇ، لېكىن ئىمامنىڭمۇ ئەڭ يۇقىرى ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار بىر نەچچە ئىمامنىڭ تەڭلا بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، ھەر قايسى ئۆز دائىرىسى، ئۆزلىرى ياشىغان جايلاردا، ئىمتىيازلىرىنى يۈرگۈزۈشىگە يول قويىدۇ.

سەئىدىيە مەزھىپى IX ئەسىردە يەمەن، ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان ئىدى. بۇ مەملىكەت تا ھازىرغىچە شۇ يەرلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ تەخمىنەن 4 مىليون مۇرىتى بار، ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب مەملىكەتلىرىدىكى سەئىدىيە مەزھىپىنىڭ ئاز سانلىق مۇرىتلىرى يەمەنگە كۆچۈپ كەلگەن.

### (2) نۇقتاۋى مەزھىپى

نۇقتاۋى مەزھىپى سەئىدىيە مەزھىپىدىن ئايرىلىپ چىققان تارمىقى بولۇپ، سەئىد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىسمەن ئەگەشكۈچىلىرى سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىراننىڭ تەبرىز شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. سەئىدنىڭ بىر

( داۋامى 81 - بەتتە )

# ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى

ماپىڭيەن

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىنى ئاساسەن تۆت باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى باسقۇچى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن غەربىي لياۋنىڭ ھالاك بولغىنىغا قەدەر، ئاساسەن شىنجاڭنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ — ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى. ئىككىنچى باسقۇچى، يۈەن دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ چاغاتاي خانلىقى بىلەن چاغاتاي كېيىنكى خانى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ زور تەرەققىي قىلغان مەزگىلى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ۋە چاغاتاي موغۇللىرى ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان، شىنجاڭدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن دىنغا ئايلانغان. ئۈچىنچى باسقۇچى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولۇپ، بۇ باسقۇچ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى فېئوداللىق يانچى تۈزۈمى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى — خوجىلار كۈچىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىش ۋە زەئىپلىشىش جەريانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بۇ مەزگىلنى خوجىلار مەزگىلى دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ. تۆتىنچى باسقۇچى، XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان مەزگىلگىچە. بۇ مەزگىلدىكى ئەھۋاللار بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئىسلام دىنى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش تۇغى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلا ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭمۇ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتىكى مۇھىم قورالى بولۇپ قالغان.

بۇ ماقالەمدە، پەقەت بىرىنچى باسقۇچ، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارقىلىش مەزگىلى، روشەن ھالدا ئوخشاش بولمىغان مۇنداق ئۈچ مەزگىل بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ: تارقىلىپ كىرىش مەزگىلى، قوراللىق كۈچ بىلەن تارقىتىش مەزگىلى، تىنچ يول بىلەن تارقىتىش مەزگىلى. بۇ دەۋردىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت تەتقىقات، ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قاراخانىلار سۇلالىسى تارىخى توغرىسىدىكى

تەتقىقاتقا ئوخشاش، تولىمۇ يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب-
لەرنىڭ بىرى شۇكى، يازما تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل، ساقلىنىپ قال-
غان ئازراقىنىمۇ ئىلمىي يېزىقتىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى قويۇق دىنىي ئەپسانە
تۈسىنى ئالغان رىۋايەتلەردىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، ھازىرغىچە تەتقىقاتچى خادىم-
لارنىڭ يېتەرلىك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغان. بۇنداق بولسا ئادىللىق بول-
ماي قالىدۇ. ئەگەر بىز بۇرژۇئايەت تۈسىدىكى ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن
تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىدىغان بولساقلا، ئۇنىڭ «يادروسى مۇتلەق ھالدا رېئال
ئاساسقا ئىگە» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ①. بۇ ماقالىمىدە، ئىسلام دىنى-
نىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى ۋاقتى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا بىر ئاز يېڭى
نەتىجە ھاسىل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى
قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، ئىلمىي يېزىقتىكى ماتېرىياللاردىن توغرا پايدىلىنىشقا
تىرىشتىم.

---

(بېشى 79 - بەتتە) ئەگەشكۈچىسى ھاسان بىن سەئىد مىلادى 864 - يىلى تەبەرىزدە
ئىلاھىي ھوقۇق دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەت تاكى XII ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.
نۇقتاۋى مەزھىپىنىڭ ھازىرقى مۇرىتلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئىراندىكى
قەدىمكى سەئىدلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
مىلادى 1972 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، نۇقتاۋىچىلەرنىڭ ئومۇمىي مۇرىت-
ى ئاران 300 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، غەربىي ئاسىيادىكى شىئە مەزھىپىدىكى ئاھالى-
لەر سانىنىڭ 7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ھەممىسى دېڭىزدىكى ئىراندا ئورۇنلاشقان.

ئىلاۋە:
چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان بەزى كىتاب، ژۇرناللاردا، دىرۇز مەزھىپىنى ئىسلام
دىنىدىكى مەزھەپ قاتارىدىن چىقىرىپ ئايرىم مۇستەقىل دىندىكى مەزھەپ، ھەت-
تا بەزىلەر دىرۇزلەرنى بىر مۇستەقىل مىللەت، دەپ ھېسابلىغان. مەسىلەن: ئىس-
رائىلىيەدىكى دىرۇزلەر جەمئىيىتىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دىنىي تەشكىلات دەپ،
باشقا مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ئايرىۋەتكەن. دىرۇزلەر شىئە مەزھىپى ئىچىدى-
كى بىر مۇتەئەسسىپلەر فىرقىسىمۇ، ياكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قۇرۇلغان بىر
دىنىي تەشكىلاتمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت.
لېكىن بۇ مەزھەپ يەنىلا ئىسلام دىرۇز مۇسۇلمانلىرى دېگەن نام بىلەن لىۋان
ۋە ئىسرائىلىيەلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا.

( ا )

مىلادى VII ئەسىردە ئىسلام دىنى دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدىكى جايلىرىغا ۋە ئىچكى رايونلارغا كىرگەن. تەخمىنەن ئۈچ ئەسىردىن كېيىن، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن. كىرگەن ۋاقتى ۋە يولى، ئىچكى رايونلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

ئىسلام دىنى مىلادى VII ئەسىردە، ئەرەب تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن. IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلدى. تاجىكلار بۇ يەردە ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىرىنچى ئىسلام پادىشاھلىقى — سامانىي خانلىقىنى قۇردى. سامانىي خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارا ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەركىزى ئىدى. سامانىي خانلىقى باش كۆتۈرۈپ چىققىنىڭ ئالدى - كەينىدە، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، ماۋارا ئۇننەھر رايونىدىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ غەربىي قىسمىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىمۇ، بىر يېڭى ھاكىمىيەت — قاراخانىلار سۇلالىسى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر خانلىقي ھالاك بولغاندىن كېيىن قۇرغان ئىككىنچى ھاكىمىيەت ئىدى. مىلادى 840 - يىلى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقتا جايلاشقان ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقتىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھەدەپ كۆچۈشكە باشلىغان، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئۈز سەردارى ساج بىلەن پان تېكىننىڭ باشلامچىلىقىدا، ئىلى دەرياسى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان قارلۇقلار قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. كېيىن يەنە پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەر رايونىغا كىرگەن. مانا مۇشۇ غەربكە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار كېيىنكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا «غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان. قاراخانىلار سۇلالىسىنى ئەنە شۇلار، قارلۇقلار ۋە قەشقەر ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياغمىلارنىڭ بىر نەچچە قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق قۇرغان.

قاراخانىلار سۇلالىسى «قوش خانلىق تۈزۈمى» نى يولغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئەجدادى بىلگە قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى تەختكە چىققان. چوڭ ئوغلى بازىر چوڭ قاغان بولۇپ، بالا ساغۇن «قوس ئوردو دېمۇ ئاتالغان، ھازىرقى (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇقماق دېگەن يېرىنىڭ ئەتراپى) دا تۇرغان؛ ئۈچىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق مۇئاۋىن قاغان بولۇپ، تالاس دېگەن جايدا (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جامبۇل شەھىرى) تۇرغان. كېيىن ئوغۇلچاق سامانىي خانلىقى بىلەن بولغان

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ، تالاس شەھىرى قولدىن كېتىدۇ. 893 - يىلى شۇنىڭ بىلەن پايتەخت قەشقەرگە كۆچىدۇ. [4] ئىسلام دىنىي ئوغۇلچاق پايتەختنى يۆتكەپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. XI ئەسىردە يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» [5] دا خاتىرىلىنىشىچە، ئوغۇلچاق پايتەختنى يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن، ساماني خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىلخاننىڭ ئىنىسى شاھزادە ئىبنى مەنسۇر ئىچكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقتىن قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ پانا ئىزدىگەن. ئوغۇلچاق بۇ شاھزادىنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ھەمدە قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا بەرگەن. كېيىن يەنە ئۇنىڭ ۋە ساماني خانلىقىنىڭ ئىسلام سودا كارۋانلىرىنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن شۇ چاغدا جامە سېلىشىغا يول قويغان. مانا بۇ، ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان ئىسلام دىندارلىرىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇن يېزىپ قالدۇرۇلغان يازما خاتىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە، ئېھتىمال بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئەرەب ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىندارلىرى، مەسىلەن، مۇسۇلمان سودىگەرلەر شىنجاڭغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ تېخى ئىسپاتلانمىغان بىر تەسەۋۋۇردىنلا ئىبارەت. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، «قەشقەر تارىخى» دا بېرىلگەن بۇ مەلۇمات بىزنى تامامەن ھەقلىق يوسۇندا تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ: ئىسلام ئېتىقادچىسى شاھزادە ناسىرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە جامە سالدۇرۇشى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ساتۇق بۇغرا خاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بۇ دىننىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىمۇ ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ساتۇق بۇغرا خاننى پەقەت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خانى، شۇنداقلا بىزگە مەلۇم بولغان شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغان بىر مۇسۇلماندىنلا ئىبارەت، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ساتۇق بۇغرا خان — شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى دەسلەپتە تارقاتقان بىر مۇھىم شەخس. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. بەزىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان ساماني خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ناسىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېسە، بەزىلەر سوفى مەزھىپىنىڭ تارقاتقۇچىسى نىشاپۇرلۇق ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەت كاراماتىنىڭ ۋەز - نەسىھەتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دېيىشىدۇ. ئىبنى ھاشىرنىڭ «كامىل-ئۇت - تۋارىخ» دېگەن

كىتابىدا بولسا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى ساتۇق چۈشىدە ئاسماندىن چۈشكەن بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ، ئۇ كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تۈرك تىلى بىلەن ئۇنىڭغا: ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ پانىي دۇنيادىمۇ، باقىي دۇنيادىمۇ نىجاتلىق تاپىسەن، دەپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان «بۇغراخان تەزكىرىسى» [1] دە خاتىرىلىنىشىچە، ساتۇق 16 ياشقا كىرگەن چېغىدا، بىر قېتىم ئۇ 39 نەپەر ياش دوستلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ، ئاتۇشنىڭ باغۇ دېگەن يېرىدە سامانىي خانلىقىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار مال كۆرۈۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر كىشى ئەزان توۋلاپتۇ، بۇ مۇسۇلمان سودىگەرلەر دەرھال ماللىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ھېچنىمىگە قارىماي ناماز ئۆتەشكە باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ساتۇق ھەيران بوپتۇ، ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلاردىن سوراپتۇ. بۇ چاغدا سودىگەرچىلىكنى نىقاب قىلغان دىن تارقاتقۇچى ئەبۇل ناسىر سامانىي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋازكېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا دالالەت قىپتۇ. ساتۇق ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھىتى ئارقىسىدا، 39 ئاغىنىسى بىلەن بىراقلا ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ.

بۇ رىۋايەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئانچە كۆپ تارىخىي ماتېرىيال يوق. لېكىن مۇشۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان رىۋايەتلەر ئارىسىدىن يەنىلا ئەڭ ئاساسىي پاكىتقا ئىگە بولالايمىز. خۇددى پىرىتساك ئېيتقاندەك: «بۇ خاتىرىلەرنىڭ يادروسى مۇتلەق ھالدا رېئال ئاساسقا ئىگە. شۈبھىسىزكى، قاراخانىلار دۆلىتى تىنچلىق ئۇسۇلى، بەلكى ئىسلام دۇنياسى (سودا كارۋانلىرى، ئىسلام شاھزادىسى قاتارلىقلار) بىلەن ئۇچرىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئىسلاملىشىشقا باشلىغان» [2]. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە شۇنداق قاراشقا ھەقلىقمىزكى: 1) ساتۇق — قاراخانىلار سۇلالىسىدا ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خان جەمەتى؛ 2) شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار قورۇقلۇق يولى ئارقىلىق كىرگۈزگەن.

ساتۇق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئابدۇكېرىم دەپ ئىسىم قويغان. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدا سىياسىي مەقسىتى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ساتۇق ئەسلىدە خانلىقنىڭ ۋارىسى بولسىمۇ، لېكىن ئاتىسى ۋاپات بولغاندا ئۇ تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق ۋاقىتىنچە خانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىكەن. كېيىن ساتۇق چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە، ئوغۇلچاق ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىمىغان [3]. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغان، ئېھتىمال شۇ چاغدا بولسا كېرەك،

ئۇ ساماني خانلىقىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ چىڭ ئىنتىزامى ۋە ئىتائەتمەنلىكى ئۇنى جەلپ قىلغان. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ساتۇق ياشلار ئارىسىدا پائال تۈردە مەخپىي يوسۇندا مۇرىت قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. مىلادى 915 - يىلى [10]. ساتۇق ساماني خانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا، خان ئوردىسى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئاغدۇرۇپ، قەشقەردە خانلىق تەختىگە چىققان ۋە ئۆزىنى «بۇغراخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىغان.

سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى يىگىردىن تەختكە چىققان بۇ ياش پادىشاھنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىغا ئىلھام بەرگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ساماني خانلىقى ئىگەللىۋالغان تالاس شەھرىنى قايتۇرۇۋالغان. كېيىندىنلا يەنە «غازات جېڭى» قوزغاپ، تېخى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان چوڭ خاننى مەغلۇپ قىلىپ، بالاساغۇننى تارتىۋالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ چوڭ خانى بولغان. ساتۇق بۇغراخان تەختتە 40 يىل ئولتۇرۇپ [11]، ھىجرىيە 344 - يىلى (مىلادى 56 / 955 - يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغان، ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ بار [12]. ساتۇق بۇغراخان گەرچە ئۆمۈر بويى ئۆز خانلىقىنى ئىسلاملاشتۇرۇش ۋە ئىسلام كۈچىنى كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 40 يىل جەريانىدا، ئىسلام دىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقالمايلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاملىشىشمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان. بۇ مەزگىلدە، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى پەقەت قەشقەر بىلەن ئاتۇشتىلا چەكلىنىپ قالغان.

(2)

ساتۇق بۇغراخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، «ئارسلانخان» دەپ ئاتالغان ۋە مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم دېگەن دىنىي ئىسمىنى قوللانغان. مۇسا ئارسلانخان ئاتىسىنىڭ ئورۇنلىيالمىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۇفى مەزھىپىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى نىشاپۇرلۇق كاراماتنىڭ ياردىمىدە، خانلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان [13]. ئىبنى ھاشىرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، 960 - يىلى 200 مىڭ چېدىرلىق تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىكەن. ئەگەر ھەر بىر چېدىردىكىلەرنى تۆت ياكى بەش جان دەپ ھېسابلىغاندا، دىنغا كىرگەنلەرنىڭ سانى 800 مىڭ دىن بىر مىليونغا قەدەر

بولىدۇ. بۇ ئەينى چاغدا خېلىلا چوڭ سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقە مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ، مۇسا يولغا قويغان خانلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇشنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھېسابلىنىشىچە، شۇ يىلى مۇسا ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان [1]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاراخانىلار سۇلالىسى شىنجاڭ تارىخىدىكى بىرىنچى ئىسلام خانلىقى بولۇپ قالغان.

يېقىندىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىسلام قاراخانىلار سۇلالىسى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇدۇن خانلىقى ۋە قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى شۇ دەۋردە شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇنداقلا ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىدىن ئىبارەت قارىمۇ-قارشى ئىككى چوڭ لاگېر شەكىللەنگەن.

قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى — 840-يىلى تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئەينى زاماندا جىمسار ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەردە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت. ئۇنىڭ غەربىي قىسمى كۇچا، باي ئارقىلىق قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن تۇتىشاتتى. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ناھايىتى تېزلا بۇددا دىنىغا كىرىپ كەتكەن. ھازىر تېپىلغان نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە بۇددا دىنىي خارابىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى بۇددا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. گەرچە ئۇلار قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرغۇچىلار بىلەن بىر مىللەت بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغانلىقى ھەمدە قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى قورال كۈچى ئارقىلىق كېڭەيتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ ئىزچىل تۈردە قارىمۇ-قارشىلىشىش ھالىتىدە تۇرغان، كېيىنكى چاغلاردا قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئۇلارمۇ ئۇدۇن دۆلىتىگە تەرەپدار بولغان.

ئۇدۇن ئەينى زاماندا شىنجاڭدىكى بىر چوڭ بۇددا دۆلىتى بولۇپ، «كىچىك غەرب» دېگەن نامى بار ئىدى. مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى بۇددا دىنى بۇ جايغا كىرگەندىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. بۇددا راھىبلىرىمۇ بۇ جايدا خېلى يۇقىرى ئورۇن تۇتقان. ئۇدۇننىڭ ھەر يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىققا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپى راھىبلار بولغان ياكى راھىبلار بىرگە ھەمرا بولۇپ بارغان. VII ئەسىردىن كېيىن، ئۇدۇندىكى بۇددا دىنى زەئىپلىشىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ

قالغان، راھىبلار سىياسىي جەھەتتە داۋاملىق مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن ۋە رول ئوينىغان. 971 - يىلى ئۇدۇن ھاكىمىيىتىگە ۋەكالىتەن سۇڭ سۇلالىسىغا قاراخانىلار سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى جىشياڭ ئىسىملىك بىر راھىب يەتكۈزگەن.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سەردارلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا «غازات» تۇغىنى كۆتۈرۈپ، قورال كۈچى ئارقىلىق دىن تارقىتىشنى يولغا قويغان. ئىچكى جەھەتتە بولسا بۇددا دىنىي مەدەنىيىتىنى ھەدەپ ۋەيران قىلىپ، خەلقنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن قاراخانىلار سۇلالىسىدا تارقالغان قوشاقلار شۇ دەۋرنىڭ ئەھۋالىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

«ئاتلارغا بەلگە تاقاپ،
ئۇيغۇر (ئېلى) دىكى تاغلارغا،
ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا (قاراپ)،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق.»

«كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقتۇق.
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق»

ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرى تەبىئىي ھالدا خانلىق دۆلىتى ئىچى - سىرتىدىكى بۇددىستلارنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان. خانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان قەشقەردە بۇددىستلارنىڭ كۆپ قېتىملىق توپىلىڭى يۈز بەرگەن، ھەتتا توپىلاڭچىلار بىر مەھەل بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغان [17]. قەشقەر توپىلىڭى ئېھتىمال بۇددىستلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن [18] بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتكەن. مۇسا ئارسلانخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئاخىرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغان.

بۇ، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، بۇددا دىنى بىلەن بولغان بىرىنچى قېتىملىق، شۇنداقلا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ سىياسىي جۇغراپىيىسىنى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر

كۆرسەتكەن. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەھۋالى ھەققىدە، ھازىرغا قەدەر خەلق ئىچىدە ئۇزۇن رىۋايەتلەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، شىنجاڭ تارىخى ۋەدىن تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە. ستېين — بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئەڭ بالدۇر باشلىغان ھەمدە نەتىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «قەدىمكى خوتەن» دېگەن مۇھىم ئەسىرىدە، شۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىر قەدەر تەپسىلىي خەۋەر قىلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان، كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئۇنىڭكىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن. لېكىن ئۇ خەلق ئارىسىدىكى بەزى رىۋايەتلەرنى ھەمدە يىل - دەۋرى، تارىخىي پاكىتلىرى مۇجمەل بولغان ۋە بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان ئىسلام ھۆججەتلىرىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرالمىغان، ھەتتا خاتالىق چىققان. مەسىلەن، يىل مەسىلىسىدە، ئۇ ئۇدۇن 24 يىل مۇھاسىرە قىلىنغاندىن كېيىن، 1006 - يىلى مۇنقەرز قىلىنغان، دەپ قارىغان ①. بۇ «24 يىل» ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، گويا ئۇ بىر مۇقىم ھۆكۈمگە ئايلىنىپ، ئۇنى ھازىرغا قەدەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى يەنىلا قوللىنىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنىڭ ھېچقانداق ھۆججەتلىك ئاساسى يوق. مەيلى «24 يىل» پۈتكۈل ئۇرۇشقا قارىتىلغان بولسۇن ② ياكى ئۇدۇننىڭ مۇھاسىرە قىلىنغان ۋاقتىغا قارىتىلغان بولسۇن، ھەممىسى تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۇرۇشنىڭ قوزغالغان ۋە ئاخىرلاشقان ۋاقتى ھەققىدە، ئىلىم ساھەسىدە نەچچە خىل ئېيتىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئىختىلاپ پەقەتلا ئۇدۇننىڭ مۇنقەرز قىلىنغان ۋاقتى مەسىلىسىدە. ئۇرۇشنىڭ پارتلىغان ۋاقتىنى ھەممەيلەن مىلادى 971 - يىل دەپ ئېتىراپ قىلماقتا. بۇنىڭدا «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دىكى مۇنۇ خاتىرە ئاساس قىلىنغان: كەيباۋنىڭ 4 - يىلى (971 - يىل)، «(ئۇدۇن) دۆلىتىنىڭ راھىبى جىشياڭ دۆلەت پادىشاھىنىڭ خېتىنى ئېلىپ كېلىپ، قەشقەر دۆلىتىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان بىر دانە پىلنى ئېلىپ كېلىپ ھەدىيە قىلماقچى بولدى، پادىشاھ پەرمان چىقىرىپ بۇ ئىشنى ماقۇل كۆردى.» يېڭى تارىخىي ماتېرىيال تېپىلىشتىن ئىلگىرى، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دىكى خاتىرە گەرچە يېگانە بىر دەلىل بولسىمۇ، لېكىن شۈبھىسىزكى، بۇ پاكىت ئۇرۇشنىڭ پارتلىغان ۋاقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئاساسدۇر. بەختكە يارىشا، بىز ئاخىرى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىنى ئىسپاتلىيالايدىغان ھەمدە ئۇرۇشنىڭ پارتلىغان ۋاقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان يېڭى تارىخىي ماتېرىيالنى تاپتۇق. بۇ ماتېرىيال — پارىژدا ساقلىنىۋاتقان، پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن ئوغرىلاپ كەتكەن خوتەن ھۆججىتى «ئۇدۇن پادىشاھى

ۋەسارانىڭ شاجۇ پادىشاھى ساۋيېزەنجۇڭغا ئەۋەتكەن خېتى» دۇر [21].

مەزكۇر خەتتە ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن: «ئۇدۇن قوشۇنلىرى مىلادى 969 - يىلى 7 - ئايدا، قەشقەرنى ئېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى «تاجىك» TSunHien نىڭ ئۇرغۇن بايلىقلىرى، خوتۇنى، پىلى، ئېسىل ئاتلىرى ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلىرىنى، يەنە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئولجىغا ئالغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (بۇ چاغدا ئۇدۇن قوشۇنى تېخى چېكىنىپ چىقمىغان)، ئۇدۇن پادىشاھى ۋەسارا ئانىسىنىڭ تاغىسى — شاجۇنىڭ چوڭ خانى ساۋيۈەنجۇڭغا خەت يېزىپ بۇ خەۋەرنى مەلۇم قىلغان. بۇ بىر زور غەلىبە بولغاچقا، ۋەسارا ساۋيۈەنجۇڭغا مەلۇم قىلىش بىلەن بىللە، شىمالىي سۇڭ خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مەكتۇپ يوللىغان، شۇڭا «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا، تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ خەتتە يېزىلغان ئولجا ئېلىنغان پىل «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى ئۇدۇن دۆلىتى «ھەدىيە قىلماقچى» بولغان «ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان پىل» بولۇشى ئېھتىمال. «پىلنى ھەيدەپ ماڭغاندا يۈرۈش بەك ئاستا بولغاچقا، 971 - يىلى كەيفېڭغا ئاران يېتىپ بارالىغان، بۇنىڭدىكى ئادەم، چاي، ۋاقىت، ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى دەلىللەپ تەمتىلەشتۈرۈلدى» [22].

ۋەسارا ئۆز خېتىدە يەنە: «ئەۋەتكەن قوشۇنىمىز ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردىكى تاجىكلار ئىچىدىكى بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز TSunHien شەپىسىنى ئاڭلاپلا قېچىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ ھازىرغىچە قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ۋە باشقا ئىشلاردا يەنىلا ئۇرغۇن چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىمىز (كونتروللۇقىمىز ئاستىدا ؟) كېيىنكى ئىشلارغا كەلسەك، بىز ھازىر دۆلەت سىرتىدا تۇرۇۋاتىمىز، خان جەمەتلىرىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە ئىش كۆرۈۋاتقىنىمىزغا سەككىز يىلى بولدى» دەپ يازغان. بۇ يەردىكى «خان جەمەتلىرىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە ئىش كۆرۈۋاتىمىز» دېگىنى روشەنكى، قەشقەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خەت 970 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، كەينىگە 8 يىل سۈرگەندە 963 - يىلى بولىدۇ. ئۇ ھالدا شۇنداق دەپ قاراشقا ھەقلىقمىزكى، قارا خانىلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىغان ۋاقتى، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 963 - يىلدىن كېيىن بولمايدۇ، يەنى مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكالىغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا پارتلىغان.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇدۇن دۆلىتى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تۈبۈتلارنىڭ يار‌دىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن، روشەن

ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە، ھەر ئىككى تەرەپتە غەلىبىمۇ، مەغلۇبىيەتمۇ بولۇپ، ئۇزاققىچە تىركىشىش ھالىتىدە تۇرغان. 998-يىلى ئۇرۇش يەنە كەسكىنلەشكەن، ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەينى چاغدىكى چېگرىسى — يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدا كەسكىن جەڭ قىلغان. ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى — قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەلى ئىبنى مۇسا ئارسلانخان شۇ جەڭدە ئۆلگەن [1]. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇق ئىچىدىكى ئوردا مازىرى — ئەلى ئارسلانخان شۇ يىلى ئۆلگەن جاي. بۇ «شېھىت» دەپنە قىلىنغان بۇ مازارنى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھازىرغا قەدەر ھۆرمەتلەپ ۋە تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە [2]. ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئۆلگەن ۋاقتى ۋە جايى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، X ئەسىر ئاخىرلىشىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرىكىچە، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى شەرق تەرەپتە تېخى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدىن چىقالمىغان.

ئەلى ئارسلانخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇدۇن قوشۇنى غەلىبە سېپىرى قوغلاپ قەشقەرغىچە بېرىپ، بۇ شەھەرنى قايتا ئىشغال قىلغان. «بۇغراخان تەزكىرىسى»دە، بۇ چاغدا قاراخانىلار سۇلالىسى بىر تەرەپتىن داۋاملىق ئۇدۇن قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلى ئارسلانخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى يۈسۈپ قادىرخاننى بۇخارادىكى ئىمامغا دوكلات قىلىش ۋە ياردەم سوراشقا ئەۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. «ئۇدۇن - پەيزئاۋاتنىڭ جايلار تەزكىرىسى» دىمۇ بۇ ۋەقە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «يۈسۈپ قادىر غەربىي دۆلەتكە ئەسكەر سوراپ باردى، سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى جېنزۇڭنىڭ داجۇڭشياڭفۇ 2-يىلى ئىمام بۇخارادىن 100 مىڭ ئەسكەر باشلاپ قەشقەرگە كەلدى» [1]. قاراخانىلار سۇلالىسى بۇ تۈركۈم مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇدۇنغا قارشى ئۇرۇشتا ناھايىتى تېزلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئاللىقاچانلا ھېرىپ چارچىغان ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئىسلام قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. يۈسۈپ قادىرخان غەلىبە قازانغان قوشۇننى باشلاپ جەنۇب تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، يول بويى يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. XI ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەن شەھىرىنى ئالدى، خوتەن شەھىرى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتنى ستېيىن ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، 1006-يىلى دەپ ھۆكۈم قىلغان [2]. ياپونىيىلىك جۇچيەندى «1000-يىلى (ياكى 1001-يىلى)» دەپ ھۆكۈم قىلغان [3]. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە: «داجۇڭشياڭفۇنىڭ 2-يىلى (1009-يىلى) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇر رۇزغۇن (؟) قاتارلىق كىشىلەرنى يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى» دەپ

خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە گەرچە بىزنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرەلمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئاساسەن، ئۇدۇننىڭ مۇنەقەرز قىلىنغان ۋاقتىنىڭ 1009 - يىلدىن كېيىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

خوتەن شەھىرى گەرچە ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش تېخى ئاياغلاشمىغان. ئۇدۇن قوشۇنى بىلەن ئامما ھەرقايسى جايلاردا ئىسلام قوشۇنلىرىغا قارشى داۋاملىق كۆرەش قىلغان. چىرىيە رايونى ئىڭ ئىدىتىمي، ئىڭ ئۇزاققىچە تاقابىل تۇرغان. يۇسۇپ قادىرخان بۇخارادىن يۆتكەپ كەلگەن ئىسلام قوشۇنىنىڭ تۆت نەپەر سەركەردىسى يەنى ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىدا «تۆت ئىمام» دەپ ئاتالغانلار ئەنە شۇ چىرىيەدىكى قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا قەتل قىلىنغان. ھازىرقى چىرىيە ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى كوئىنلۇن تېغىنىڭ ئاستىدىكى بوستان يېزىسىدا ئۇلارنىڭ قەبرىسى — «تۆت ئىمام مازىرى» ھېلىمۇ بار. چىرىيەدە يەنە بىر «ئۇزۇنتات» دېگەن جاي بار «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئىزاھلىشىچە «تات» دېگەن سۆز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلار ياكى ئارىيانلارغا قارىتىلغان. «ئۇزۇن» دېگەن سۆز «ئۇزۇن»، «ئۇزاققىچە»، «ئېگىز - بۆيۈك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، «ئۇزۇن تات» نىڭ مەنىسى «غەيرى دىنىنى ئۇزاققىچە ساقلىغان جاي» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ جايدا ھازىرغىچە ئورغۇن مازار بار، بۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى قارشىلىقنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، داۋام قىلغان ۋاقتىنىڭ نەقەدەر ئۇزۇن بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە، قارا خانىلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدا يۈز يىللاپ ئۇرۇش بولغان، دېگەن رىۋايەتلەر بار، بۇ رىۋايەتلەرنى پۈتۈنلەي توقۇپ چىقىلغان، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغانلىقىنى بىزگە ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئەسلى خاتىرە 14 — 17» دە، دا جۇڭشياڭفۇنىڭ 4 - يىلى (1009 يىلى) دىن جىايۇنىڭ 8 - يىلى (1063 - يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا، پەقەت تيەنشېڭنىڭ 3 - يىلى (1025 - يىلى) لا «ئۇدۇندىن سوغات كەلگەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. دېمەك، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئۇدۇن دۆلىتى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن پەقەت بىر قېتىم ئالاقە قىلغان. لېكىن جىايۇنىڭ 8 - يىلىدىن تاكى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ھالاك بولغىچە بولغان بۇ ئارىلىقتا، ئۇدۇن كەينى - كەينىدىن سوغات تەقدىم قىلغان، بەزىدە بىر يىلدا ئىككى قېتىم قىلغان. بۇ ئەھۋال قارا خانىلار سۇلالىسى خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تەخمىنەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىيەلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قارا خانلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيران قىلغان، خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈرگەن، يۈز مىڭلىغان كىشىلەر ئۆز ماكانىدىن ئايرىلغان ياكى جەڭدە ئۆلگەن. ھازىرمۇ قەشقەردىن يېڭىسار، يەكەن، خوتەنگىچە بولغان ھەر قايسى ناھىيىلەردە نۇرغۇن مازارلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ مازارلار شۇ چاغدىكى جەڭ مەيدانلىرى ئىدى.

ئۇدۇننىڭ مەغلۇپ بولۇشى شۇ جايدىكى بۇددا دىنى كۈچىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىدى. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنى ئۈستىدىن قىلغان تۇنجى قېتىملىق، شۇنداقلا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىسى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدا، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بازىسى بارلىققا كەلگەن.

(3)

قارا خانلار سۇلالىسى خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دەرھاللا ئىچكى ماجىراغا پېتىپ قالدى. «خوتەننى بويسۇندۇرغۇچى» دەپ داڭ چىقارغان يۈسۈپ قادىرخان، كېيىن خوتەن ھۆكۈمرانى بولۇشقا ۋە مۇئاۋىن خانلىق ئورنىغا رازى بولماي، ئۇلۇغ خان مەنسۇرنى ئەمەلىي كۈچ بىلەن قىستايدۇ، ئاخىرى مەنسۇر 1024 / 25 ـ يىلى «ئورۇن بوشىتىش» قا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قادىرخان قارا خانلار سۇلالىسىنىڭ رەسمىي ئۇلۇغ خانى بولىدۇ [1]. يۈسۈپ قادىرخان 1032 ـ يىلى ئۆلىدۇ، جەسىتى قەشقەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆلۈپ توققۇز يىلدىن كېيىن، قارا خانلار سۇلالىسى رەسمىي تۈردە شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. شەرقىي قىسىمدىكى ئۇلۇغ خاننىڭ تۇرۇشلۇق جايى يەنىلا بالاساغۇن بولۇپ، مۇئاۋىن خان قەشقەردە تۇرىدۇ. لېكىن قەشقەر يەنىلا شەرقىي خانلىقنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي مەركىزى بولۇۋېرىدۇ. شەرقىي قىسىمنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتەسۇ رايونى، قەشقەر، خوتەن ۋە پەرغانىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۆلۈنگەندىن كېيىنكى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسىمدىكىلەر ئارىسىدا ۋە ئىچكى جەھەتتە دائىم ماجىرا تۇغۇلۇپ تۇردى، زېمىن تالىشىپ قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر

ئىككى تەرەپ ئۆزلۈكسىز تۈردە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاش - تارتىشلىرىغا ئارىلاشقانىدى. بۇ ئەھۋال ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى، شەرقىي خانلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك «غازات جېڭى» قوزغاشقا ماجالى يەتمەي، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققىچە تىركىشىش ھالىتى شەكىللەندى، تاكى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي لياۋ خانلىقى قوزغۇلغىچە، ئىسلام دىنى قارا خانىلار خانلىقىنىڭ چېگرىسى سىرتىغا چىقالمىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ خانلىق ئىچىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ باردى.

ئىسلام دىنى سىياسىي ساھەدە بارغانسېرى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە رول ئوينىغان بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلار قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ئەرەب ئۈرنىكى بويىچە تۈزۈلگەن ⁽¹⁾ دەپ قارايدۇ. ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشلەردە، دىنىي ساھەدىكىلەر مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ مەزگىلدە، خان ئوردىسى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىشكە باشلىغان. خان ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرەشتە ئاددەتتىكى ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، ئاقسۆڭەكلەر بولسا دىنىي قاتلامدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. كۈرەش نەتىجىسىدە، خان مەغلۇپ بولغان. بۇنىڭدىكى بىر تىپىك مىسال شۇكى، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا زور ئابرۇيى بولغان سەمەرقەندىكى ئەخمەتخان 1095 - يىلى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن دىنىي قانۇن بويىچە خانلىقتىن قالدۇرۇلغان ۋە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ⁽²⁾. دىنىي كۈچنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشى خاننى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىشقا مەجبۇر قىلغان، جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىدا، ئۇلار ئاھالىلەر ئارىسىدا غايەت زور تەسىر بولغان ھۆكۈمەت سىرتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇخلىسلارنىڭ ياردىمىگە پائال تۈردە مۇراجىئەت قىلغان ⁽³⁾.

مەدەنىيەت جەھەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان. قارا خانىلار سۇلالىسى ئىلگىرى سوغد ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، تەدرىجىي يوسۇندا ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان. XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەن بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئاپتور قەشقەردە ئەرەب يېزىقىدا يازغان. ئەرەب تىل - يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىر مەھەل تەڭ قوللىنىلغان. بۇ دەۋردىكى خەت - ئالاقىلاردا، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ئىمزالىرىنىڭ بەزىلىرى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان، بەزىلىرى ئۇيغۇر يېزىقى

بىلەن يېزىلغان، لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھۆججەت - ئالاقىلار ئەرەب تىل - يېزىقىدا يېزىلغان. يېزىلىش شەكلى ئىسلام دىنىدا قوللىنىپ كەلگەن ئوڭدىن سولغا يېزىش قائىدىسى بويىچە يېزىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بىر دەۋردىكى بولغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغدادتا يازغان نادىر ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي تىلنى ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاھلىغان لۇغەتتۇر. ئەنە شۇ دەۋردە، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نامايەندە قىلغان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى قەد كۆتۈرۈپ گۈللىنىشكە باشلىغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا مەسچىت، مەدرىس ۋە مازارلار ئىسلام دىنى تارقاپ بارغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە بارلىققا كەلگەن. «غازات چېكى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جەڭدە ئۆلگەن «شېھىتلار» ئۈچۈن مازار ياساش باشلانغان. نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ساتۇق بۇغراخان مازىرى، ئەلى ئارسلانخان مازىرى، يۈسۈپ قادىرخان مازىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ چاغدا ياسالغان. شۇ مەزگىللەردە ياسالغان مەسچىت ۋە مەدرىسلەر شىنجاڭ رايونىدا قالمىغان. جامال قارشى «سۇراخ لۇغىتىنىڭ قوشۇمچىسى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە، ئۆزىنىڭ «سۇراخ لۇغىتى» نى ئۇزۇن ۋاقىت ئىزلىگەنلىكى، ئاخىرى قەشقەر شەھىرىدىكى ئاتاقلىق مەدرىسەلەردىن بىرى بولغان ساجىدىيە مەدرىسىنىڭ كىتاب ئامبىرىدىن تاپقانلىقىنى ئېيتقان. مەن 1981 - يىلى قەشقەرگە تەكشۈرۈشكە بارغاندا، شۇ جايدىكى يولداشلار ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپنىڭ ئورنى ئەينى چاغدىكى ساجىدىيە مەدرىسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھازىرمۇ يەنە شۇنداق دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق مەدرىسى ئىكەنلىكىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ مەدرىستە ئوقۇغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مەسچىت، مەدرىس ۋە مازارلارنىڭ كۆپلەپ ياسىلىشى بىلەن دىنىي كەسپتىكىلەر قوشۇنى بارغانسېرى زورايغان، مەسچىت - مەدرىس ئىقتىسادىمۇ ئۇلغايغان.

قارا خانىلار سۇلالىسى ئىچكى تالاش - تارتىشتا پېتىپ قالغان چاغدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شىنجاڭ تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقە يۈز بەردى. مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارغا 200 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان لياۋ سۇلالىسى (كىدان) خاندانلىقى 1125 - يىلى جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى، كىدان خاندانلىقىدىكى ياللۇغ تاشى بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە قاچتى. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىدىقۇتتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ چېگرىسى

ئىچىگە كېلىپ جايلاشتى. ياللۇغ تاشىن ئۆزى پادىشاھ بولۇپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى (قارا كىدان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇردى. كىدانلارنىڭ قوشۇنى داۋاملىق غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. لېكىن قەشقەرگە بىر نەچچە كۈنلۈك يول قالغاندا، قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ئارسلانخانى ئەخمەت ئىبنى ھەسەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى[1]. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئىمىل دەرياسى ئەتراپىدا تۇرۇپ قالدى. كېيىن، بالاساغۇندىكى ئىبراھىم خان بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قارلۇقلار ۋە قانقلىلارنىڭ سەردارلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، كىدانلاردىن ياردەم سورايدۇ. كىدانلار قوشۇنى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەتتىسۇ رايونىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بالاساغۇن كىدانلارنىڭ پايتەختى بولۇپ قالدى. ئىبراھىمنىڭ خانلىق ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلىنىپ، كىدانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. 1211 - يىلى، شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسى ھالاك بولدى.

كىدان ھۆكۈمرانلىرى ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، دىنىي ھېسسىيات جەھەتتىكى قارىمۇ قارشىلىق، بولۇپمۇ ئىسلام قوشۇنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا قاتتىق تاقابىل تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار قارا خانىلار سۇلالىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. كېيىن ئۇلار دەرھال پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىغا قارىتا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆشرە - زاكات ئېلىشىغا، دىنىي سوت (مەھكىمە شەرئىيە) نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، «شەرىئەت» (ئىسلام قانۇنى) بويىچە مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا، مىراسلارنى تەقسىم قىلىشقا، نىكاھ ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا يول قويىدۇ. كىدانلارنىڭ دىنغا قارىتا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى ئىسلام دىنى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. كىدان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسمى ئىسلام دىنىدىكى ئاللا ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى بىلەن بىر قاتاردا ھەرقايسى جامەلەرنىڭ «خۇتبە» لىرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ قالدى؛ ئىسلام دىندارلىرى ھەتتا كىدان خاندانلىقىدا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ[2]. بۇ مەزگىلدە، ھەر قايسى جايلاردا مەسچىت، مەدرىسەلەر ۋە مازارلار سېلىنىدۇ ھەم كېڭەيتىپ ياسىلىدۇ. شۇ قاتاردا يالغان مازارلارمۇ پەيدا بولدى. مازارغا تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرى ئەۋج ئالدى.

غەربىي لياۋنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ئالتاي تېغىدىن باشقا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ پۈتۈن قىسمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى قاراخانىلار خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئىلگىرى قارا خانلار خانلىقىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش پائالىيىتى قوچو ئىدىقۇتىنىڭ قەتئىي چەكلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كىدانلار يېتىپ كەلگەنگە قەدەر زادىلا ئىلگىرىيەلمىگەن. غەربىي لياۋنىڭ بىر تۇتاش مەمۇرىي باشقۇرۇشى ئاستىدا، توساق ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسلام دىنى تىنچ يوسۇندا ئەسلىدىكى ئىدىقۇت خانلىقى چېگرىسى ئىچىدىكى كۇچا رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن. يوشىياۋتى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە يېزىلغان داجۇڭشياڭفۇ 3 - يىلى (1009) كۇسەن خانلىقىنىڭ قاغانى ئۆز دۆلىتىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تەقدىم قىلغان، دېگەن خاتىرىگە ئاساسەن، «كۇسەن دۆلىتى مىلادى X ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقتىن، پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان» [*] دەپ قارىغان. ئەمۋالدىن قارىغاندا، يوشىياۋتى كۇسەن دۆلىتى پادىشاھىنىڭ «قاغان» دېگەن ئۇنۋانى بولغانلىقىغا قاراپلا يۇقىرىقى خۇلاسىنى چىقارغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: دەسلەپتە «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە، قەبىلىلىرى تارقاپ كەتكەن. شۇڭا گەنجۇدا 可汗王، شىجۇدا 克韩王، شىنفۇجۇدا 黑汗王 بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى (خەنزۇچە) ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدىكى «قاغان» دېگەن سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرپ بىلەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ، تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرى ئومۇميۈزلۈك قوللانغان ئۇنۋانى. شۇڭا، كۇسەن پادىشاھىنىڭ «قاغان» دېگەن ئۇنۋانى بولغانلىقىغا قاراپلا، كۇسەنلىكلەر «پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان» دەپ قاراش، روشەنكى، يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

ئېلىمىز ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى، ۋاڭ رىۋېي ئەپەندىلەر ئىسلام دىنىنىڭ كۇچاغا كىرگەن ۋاقتى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ لىزۇڭ يىللىرى (1225 — 1263 - يىللار)غا توغرا كېلىدۇ [*] دەپ قارىغان. مەن ئىسلام دىنىنىڭ كۇچاغا كىرگەن ۋاقتى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولۇش كېرەك، دەپ قارايمەن. راھىب چيۇچۇجى (1148 — 1227) نىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرى توغرىسىدا يېزىلغان «چاڭ چۈن جېنرىنىنىڭ غەربىي رايونلارغا قىلغان سەپەر خاتىرىسى» دە: 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى غەربكە قاراپ ماڭدۇق، 4 - كۈنى لۇنتەيىنىڭ شەرقىگە چۈشۈپ قوندۇق، ئۇ يەرنىڭ چوڭ - كىچىك باشلىقلىرى بىزنى كۈتۈۋالدى، يەنە ئىككى شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، 9 - كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ جانبالىق شەھىرىگە يېتىپ باردۇق، ئۇ يەرنىڭ ئۇيغۇر خانى جېنرېندىن بىلەن بۇرۇندىن تونۇشلۇقى بولغاچقا، ئۆز قەۋملىرى ۋە ئۇيغۇر

راھىبلىرىنى باشلاپ، يىراق يولدىن ئالدىمىزغا كېلىپ قارشى ئالدى ... ئىبادەت قىلىۋاتقان بىر راھىبتىن تەرجىمان ئارقىلىق ئۇنىڭ نېمە كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئۇستازى: «چاچنى چۈشۈرۈپ پەرھىز تۇتۇپ، بۇدداھقا ئىبادەت قىلدۇ، دېدى. ئۇ يەرنىڭ شەرقىي تەرىپى ئىلگىرى تاڭ خاندانلىقىغا تەۋە ئىكەن. غەرب تەرىپىدە راھىبلار يوق ئىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىبادىتى غەربنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن لۇنتەي (轮台) دېگىنى ئۈرۈمتاي بولۇپ، ھازىرقى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا، جانبالىق — ھازىرقى سانجى. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، XIII ئەسىردە ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئۈرۈمچى ۋە سانجىنى چېگرا قىلغان، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى بۇددا دىنى بولۇپ، غەرب تەرىپى كۇچادىن باشلىنىپ ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلىغىچە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ بولغان. «غەربتە راھىب يوق ئىكەن، لېكىن ئىبادەت ئىشلىرى غەربنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن» دېگىنى، روشەنكى، ئۇ يەرلەردە ئەمدى بۇددا ئېتىقادچىلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى كىرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئەمەس. ھەممىگە مەلۇم، كۇچا قەدىمكى زاماندا كۈسەن دەپ ئاتىلاتتى، بۇ رايون ئۇزاق بۇددا تارىخىغا ۋە پارلاق بۇددا مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرى، خوتەن، قوچولار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئۈچ چوڭ بۇددا دىنى مەركىزىنىڭ بىرى ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تىنچ ئۇسۇل بىلەن بۇ يەردىكى بۇددا دىنىنىڭ كۈچ تەسىرىنى ئۈزۈل-كېسىل سىقىپ چىقىرىشى ھەتتا «راھىب يوق» دەرىجىگە ئەكىلىپ قويۇشى ئۈچۈن، ئاز دېگەندە نەچچە ئون يىل ۋاقىت بولمىسا، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. كۇچانىڭ سىم ۋە قىزىل قاغا قاتارلىق جايلىرىدىكى بۇددا مىڭئۆيلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل مىڭئۆيى كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندىمۇ، تەخمىنەن غەربىي لياۋ خانلىقى قۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي (تەخمىنەن XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا)، ئىسلام دىنى بۇ يەرگە كىرىپ بولغان①. ھازىر بۇ تېخى پەقەت بىر خىل ئەقلىي يەكۇن. بۇندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەرزىيدۇ.

«غەربكە ساياھەت» تىكى خاتىرىلەرگە ئىشىنىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئاللىقاچانلا ئىلىغا كىرىپ بولغان، كىم دېگەندىمۇ XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جاي ئىسلام رايونى بولۇپ بولغان. غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى گۈرخان

ھۆكۈمرانلىق قىلغان سالمانچىلىق دەۋرىدە، ئەينى چاغدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىي-شىمال قىسمىدىكى ئىلى رايونىدا، بۇزار قۇرغان بىر ئىسلام بەگلىكى مەيدانغا كەلگەن[1]. ئىلى رايونىغا ئىسلام دىنى قەشقەردىن كىرگەنمۇ ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەنمۇ، دېگەن مەسىلە ھازىرچە تېخى ئېنىق ئەمەس.

1211-يىلى، كۈچلۈك غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، غەربىي لياۋنىڭ خانى گۈرخان تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى سەردارى مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپنى قويۇۋەتكەن. لېكىن مۇھەممەت قەشقەرگە قايتىپ بارغاندا، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا شۇ جايدىكى ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كۈچلۈك بۇنىڭغا ئىنتايىن غەزەبلەنگەن. شۇندىن ئېتىبارەن، ئۇ ئىسلام دىنىنى چەقشىپ ئۆتۈشكە مۇتلەق بولمايدىغان ئەشەددىي دۈشمەن دەپ قاراپ، كەڭ مۇسۇلمانلارغا ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىك قىلغان ۋە ئۇلارنى باستۇرغان. ھەر يىلى ئورۇم-يىغىم پەسلىدە قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، زىرائەتلەرگە ئوت قويغان. شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار نەچچە يىلغىچە بىر تالمۇ ئاشلىق يىغالمىغان، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى بويسۇندۇرماقچى بولغان. ئۇ يەنە ئەسكەرلەرنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىگە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى نازارەت قىلدۇرغان ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ خالىغانچە بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا يول قويغان. كۈچلۈك ئەسكەر باشلاپ خوتەنگە بارغاندا، جايلاردىكى ئىسلام مەدرىسلىرىنى دەرھال پېچەتلەش، مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق دىنىي پائالىيەتلىرىنى مەنئى قىلىش ھەمدە ئۇلارنى بۇددا دىنىغا ياكى نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا (كۈچلۈكنىڭ ئۆزى ئەسلىدە نېستورىيان مۇرتى ئىدى — ئاپتور)، كىدانچە كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇ يەنە خوتەندىكى بارلىق دىنىي كەسپتىكىلەرگە شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۆزى بىلەن ئاتالمىش «دىنىي مۇنازىرە» قىلىش ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پوپوزا قىلىش-قورقۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئاخىردا ئۇ، ئۆزى بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە جۈرئەت قىلغان ۋە قاتتىق جازا ئاستىدىمۇ بويسۇنمىغان ئىمام ئالائىددىن مۇھەممەتنى ئاچقان مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا مىقلاپ ئۆلتۈرگەن[2].

كۈچلۈك ھۆكۈم سۈرگەن سەككىز يىل ئىچىدە، ئىسلام دىنى بۇ رايونغا تارقىلىپ كىرگەندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان، ئېغىر بېسىم ئاستىدا، ئىسلام دىنىنىڭ راۋاج تېپىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ئەھۋال موڭغۇللار كەلگىچىلىك داۋام قىلغان.

ئىزاھات :

① پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىلار سۇلالىسىگىچە»، ئەسلى ماقالە «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 101 توپلىمىغا (1951 - يىل) بېسىلغان. خەنزۇچە تەرجىمىسىنى شىنجاڭ تارىخشۇنۇلوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى يولداش جياڭ چىشياڭ ئىشلىگەن.

② «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى» 217 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى». «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

③ ۋاڭ رىۋبىنىڭ «پامىر ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش» كە قاراڭ، «يۈگۈڭ» ژۇرنىلىنىڭ 4 - توم 5 - سانىدىن.

④ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىلار تارىخى» 1986 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 73 — 74 - بەتلەر؛ گېڭ شىمىن: «قاراخانىلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىل 1 - سان.

⑤ ئاپتورى XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئابدۇل جاپار بۇ كىتاب يوقاپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت بىر قىسىم بابلىرى XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخشۇناس جامال قارشىنىڭ «سۇراخ لۇغىتىنىڭ تولۇقلىمىسى» دە ساقلىنىپ قالغان.

⑥ خەلق ئىچىدىكى قول يازمىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، م. گرېنارد «بۇغراخان تەزكىرىسى» گە ئاساسەن، «ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» دېگەن ماقالىسىنى يازغان، «ئاسىيا خەۋىرى» گە بېسىلغان، 1900 - يىل، XV، 1 — 79 - بەتلىرىگىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىخونوۋ دېگەن ئالىمى «بۇغراخان تەزكىرىسى» نى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسىرى دەپ ئاتىغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ كىتابنىڭ قايسى نۇسخىسىنى ئاساس قىلغانلىقى نامەلۇم. بۇ ماقالىدە موللا ھاجىنىڭ «بۇغراخان تەزكىرىسى» ئاساس قىلىندى. ئاپتورنىڭ ئەھۋالى ۋە كىتابنىڭ يېزىلغان يىلى ئېنىق ئەمەس.

⑦ موللا ھاجى: «بۇغراخان تەزكىرىسى».

⑧ پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىلار سۇلالىسىگىچە»: يەنە بىر خىل ئېيتىلىشتا، 910 - يىلى دېيىلىدۇ. ليۇ جۈشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» غا

قارالۇن، 1985 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 147 ـ بەت.

①— گە ئوخشاش، 74 ـ بەت.

«قارلۇقلاردىن قاراخانىلار سۇلالىسىگىچە»: يەنە بىر خىل «بۇغراخان تەزكىرىسى» دە، 45 يىل دېيىلگەن.

بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە»، لۇ جۈپىڭ تەرجىمىسى، 1984 ـ يىل، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشرى، 80 ـ بەت.

«قارلۇقلاردىن قاراخانىلار سۇلالىسىگىچە»: بارتولد: «موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى تۈركىستان».

— [illegible] گە ئوخشاش، 78 ـ بەت.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى».

بۇ يەردىكى سىتاتا گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» دىن ئېلىندى.

— [illegible] گە ئوخشاش.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم.

ستېيىن: «قەدىمكى خوتەن» 1 ـ توم، 180 ـ بەت.

ستېيىننىڭ ئەسلى ماقالىسىدە خوتەننىڭ مۇھاسىرە قىلىنغان ۋاقتى كۆزدە تۇتۇلغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ۋە «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى ھەققىدە تەكشۈرۈش» (سۇبېخەي) تە، قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدىكى پۈتكۈل ئۇرۇش 24 يىل داۋام قىلغان، دەپ يېزىلغان.

خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ «خوتەن ـ ئۇدۇن پادىشاھى ۋىسارا بىلەن شاجۇۋاڭى ساۋيۈەنجۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەت ـ ئالاقىلەر ۋە غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيە مەسىلىسى» («تارىخ ـ جۇغراپىيە» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىل، 3 ـ سانى) دېگەن ماقالىسىدە تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ ھۆججەتنى ئەنگلىيىلىك بېيلى ئەڭ بالدۇر «خوتەن خەت ـ ئالاقىلىرى» نىڭ ئىككىنچى تومىدىن كۆچۈرگەن، 1964 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم تەرجىمە قىلىپ ۋە ئىزاھلاپ، يەنە بىر خوتەن خەت ـ ئالاقىسى بىلەن قوشۇپ بىر ماقالە قىلىپ «ۋىسارا ۋە ئۇلۇغ ۋاڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇپ «تەيدۇڭ» ژۇرنىلىنىڭ 11 ـ تومىغا بەرگەن. بۇ ماقالەدىكى خەنزۇچە تەرجىمىسى خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدىن نەقىل ئېلىندى.

خۇاڭ شىڭجاڭ : « خوتەن ، ئۇدۇن پادىشاھى ۋىسارا بىلەن شاۋجوۋاڭى ساۋ يۈەنجوڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەت - ئالاقىلەر، ۋە غەربىي شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە مەسىلىسى ».

موللا ھاجىنىڭ « بۇغراخان تەزكىرىسى »: پىرىتساكنىڭ « قارلۇقلاردىن قاراخانىلار سۇلالىسىگىچە »: گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان بارتولدنىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى » غا قارالسۇن.

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » نىڭ 1983 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان « جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مازارلار ۋە مازارلارغا تاۋاپ قىلىش » دېگەن ناباپ ماقالەمگە قارالسۇن.

لى جېڭنيەننىڭ « شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش » دېگەن ماقالىسىدىن نەقىل ئېلىندى، « جۇغراپىيە ژۇرنىلى »، 1919 - يىل 2 - 3 - سان.

— ⓑ غا ئوخشاش.

جى بىڭ تەرجىمە قىلغان جۇچيەندېنىڭ « ئۇدۇن دۆلىتى ھەققىدە تەكشۈرۈش » دېگەن ماقالىسى، « يۇگوڭ » نامىلىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 4 - توم 1 - سانىدا.

1982 - يىلى ئاپتور شۇ جايغا تەكشۈرۈشكە بارغاندا، توت ئىمام ۋەقەسىنىڭ شۇ جايدا كەڭ تارالغانلىقىنى بىلگەن، بۇ مازار ھەققىدە يەنە قول يازما تەزكىرىمۇ بار ئىكەن.

ئاپتور بۇ مەسىلە ھەققىدە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى جياڭ چىشياڭ ۋە باشقا يولداشلارنىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرىشىگە مۇراجىئەت قىلغان، بۇ يەردىكى ئىزاھات شۇ يولداشلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن بېرىلدى.

گېڭ شىمىن: « قاراخانىلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى »، 1982 - يىل 1 - سان.

جى زېڭلۇ تەرجىمە قىلغان تىخونوۋنىڭ « تەڭرى تاغ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى » ، دېگەن ماقالىسى، « غەربىي شىمال تارىخى ماتېرىياللىرى »، 1983 - يىل 2 - سان .

گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان بارتولدنىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى » 27 - بەت؛ پىرىتساك: « قارلۇقلاردىن قاراخانىلار سۇلالىسىگىچە ».

— ⓘ گە ئوخشاش.

لوجۇيىڭ تەرجىمە قىلغان بارتولدنىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە » سى، 126 -، 130 - بەتلەر.

( داۋامى 103 - بەتتە )

# موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى

لى جىنشىن

1218-يىلى موڭغۇللار كۈچلۈكنى يوقىتىپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا 94 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن تارتىپ چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەر، 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، شۇنىڭدەك مىللەت، دىن، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ساھەلەردە ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە مەنسۇپ بولغان دىن بۇ مەزگىللەردە، روشەن دەۋر خۇسۇسىيىتىنى ئالدى. دىنىي كۈرەش ئىنتايىن ئەۋج ئېلىپ، ئىسلام دىنى تېز تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئاخىرقى ھېسابتا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ، ھۆكۈمران دىن بولۇپ قالدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى، بولۇپمۇ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنىي مەۋقەسى ۋە سىياسىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىز بۇ ماقالىمىزدا، موڭغۇللار شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دىنىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، دەسلەپكى خانلارنىڭ دىنىي مەۋقەسى ۋە سىياسىتى ھەم ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچىمىز.

تارىخ كىتابلىرىدا: «قىدانلار ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ياللۇغ تاشىن غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى چەكلىمىدى، شۇڭا ئۇلار يۇقىرى-تۆۋەن ئىناق ياشىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. غەربىي لياۋنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى چۈرۈك دەۋرىگە كەلگەندە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى ھەمدە بۇ زىددىيەت دىنىي توقۇنۇشتا بىۋاسىتە ئەكس ئەتتى. چۈرۈكنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قەشقەر بىلەن خوتەندىكى مۇسۇلمانلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، غەربىي لياۋغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. چۈرۈك بۇ ئىككى جايدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، قەشقەر خانىنى گۆرۈ (بارىمتاي) قىلىپ ھەپسىگە ئالدى. شۇنىڭ

بىلەن بىللە، ئۇ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى قارلۇق قەبىلىسىنى ئەسكەر چىقىرىپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا سالدى، بۇ ھال مەزكۇر قەبىلىدىكى قايالىق ۋە ئالىملىقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، نەتىجىدە ئۇلار چىڭگىزخانغا ئەل بولۇپ كەتتى. ھەتتا قوچو ئۇيغۇر بۇددىستلىرى رايونىدا تۇرۇشلۇق غەربىي لياۋ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن شاخنا (نازارەتچى) «ئۆزى خان ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ، ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى مەيلى كەلگەنچە ھاقارەتلىگەن، ئۇلارنىڭ ئىپتىخارلىق چومپەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقتىن، ئۇ، ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئورتاق نەپرەتلىنىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.» شۇنىڭ بىلەن غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى يېتىم ۋە مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. دەل ئەنە شۇنداق ۋاقىتتا (مىلادى 1205-يىلى)، نايمان قەبىلىسىدىن كۈچلۈك غەربىي لياۋ تېررىتورىيىسىگە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ پائالىيىتى غەربىي لياۋنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ۋەزىيىتىدىكى خەۋپنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

كۈچلۈك — نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى تايانخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، نايمانلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، كۈچلۈك غەربىي لياۋغا قېچىپ كەلگەن. ئۇ ئالدامچىلىق بىلەن چۈرۈقىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، تەۋەسىدىكىلەرنى، توپلاپ، خارەزم شاھى بىلەن بىرلىكتە غەربىي لياۋغا ھۇجۇم قىلدى. 1211-يىلى «ئۇنىڭ

---

خې چاڭچۈن تەرجىمە قىلغان يۈشىلياۋتىنىڭ «غەربىي رايوندىكى بۇددا دىنى»، 290-بەت.

خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئويمانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 31-بەت؛ ۋاڭ رۇيى: «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، «يۈگۈك» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى، 4-توم 2-سان.

ليۇجېڭشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1-قىسىم) 223-بەتكە قاراڭ.

«ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» 38—39-بەتلەر.

خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان جۇۋەينىنىڭ «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى» 73-بەت؛ يۈداجۈن، جۇجيەنچى تەرجىمە قىلغان، رەشىد تۈزگەن «جامىئۇت تەۋارىخ» 1-توم 1-قىسىم، 251—252-بەتلەر.

دەسلەپكى ئورگىنال، 1986-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى يېزىلغان

ئادالەت توختى تەرجىمىسى

دۆلىتىنى تارتىۋېلىپ ئۆزى دۆلەت قۇردى »①، چۈلۈقنى شاھىنشاھلىققا كۆتۈرۈپ قويۇپ، غەربىي لياۋنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. كۈچلۈك ئەسلى نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، غەربىي لياۋنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كىدان قەبىلىسىدىن بولغان كىچىك خانىشىنىڭ نەسىھىتى بويىچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى پەقەت يەتتە يىللا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يامانلىق بىلەن داڭ چىقاردى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشى بەك ئېغىر بولدى. كۈچلۈك دەسلەپتە مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش خىيالىدا بولۇپ، چۇرۇق تەرىپىدىن ھەپسىگە ئېلىنغان قەشقەر خانىنى قويۇپ بەرگەن ئىدى، لېكىن ئۇ خان قەشقەرگە قايتىپ بارغاندا، شۇ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كۈچلۈك بۇ بىرادىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا تەتۈر قاراپ دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى. «ھەر يىلى ھوسۇل يىغىش مەزگىلىدە، كۈچلۈك ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىگە ئوت قويۇپ نابۇت قىلدى. مۇسۇلمان دېھقانلار ئۈچ-تۆت يىلغىچە ھوسۇل ئالالمىدى. زور قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، پۇقرالار ئاچلىقتا قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى؛ ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ھەر بىر ئائىلىدە بىر دىن ئەسكەر تۇرغۇزدى، ئۇلار ئاھالىلەر بىلەن بىللە تۇرىدىغان، بىر ئۆيدە ياتىدىغان بولدى؛ ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان، ئوت قويىدىغان، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ناشايان ئىشلار دوقمۇش-دوقمۇشتا كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى؛ بۇتپەرەسلەرمۇ ئۆزلىرى خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىدىغان بولدى، ئۇلارنى ھېچقانداق كىشى توسالمايدىغان بولدى». ئۇ يەنە خوتەندە «ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىدى. ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا — يا خرىستىئان دىنىغا ياكى بۇتپەرەسلىككە كىرىشكە، يا بولسا كىدانلارچە كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلىدى.... مۇسۇلمانلارنىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىش، ئەزان ئېيتىشلىرىنى، بىر خۇدالىق دىندىكىلەرنىڭ، تەقۋادارلارنىڭ ناماز ئوقۇشلىرىنى توختىتىپ قويدى، مەدرىسىلەر تاقىۋېتىلدى ۋە بۇزۇپ تاشلاندى». شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ خوتەندىكى دىنىي باشلىقلارنى شەھەر سىرتىدىكى بىر يەرگە يىغىپ، دىنىي مەسىلە ئۈستىدە ئۆزى بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە مەجبۇرلىغان، تەھدىت سېلىپ قورقىتىش ئارقىلىق ئىماملارنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. شۇ مەيداندا ئالائىددىن مۇھەممەت ئىسىملىك بىر ئىمام ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، كۈچلۈك ئۇنىڭغا سۆز تېپىپ بېرەلمەي، قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى باغلاپ يالىڭاچلاپ ھاقارەتلىگەن ۋە ئۇنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغان. ئالائىددىن مۇھەممەتنى شۇنداق قاتتىق ئازاب-

لغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى قۇرغان مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا تىرىك تۇرغۇزۇپ مىقلاپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ۋەقە ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخلىرىدا يېزىلغان. «تارىخى جاھانگۇشاي» دېگەن كىتابنىڭ ئىككى بابىدا بۇ ئەھۋال تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن بۇ ۋەقەنىڭ ئەينى زاماندا نەقەدەر زور تەسىر قوزغىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ[5]. قارلۇقلار تۇرغان ئالمىلىق يېڭىدىن تىكلەنگەن كىچىك ئىسلام دۆلىتى ئىدى. بۇنىڭ باشلىقى بۇزار ئات ئوغرىسى تەركىبىدىن كېلىپ چىققان پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىغا ئىنتايىن تەقۋادار بولۇپ، سوفىزم مەزھىپىگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. كۈچلۈك بىر قانچە نۆۋەت ئەسكەر چىقىرىپ ئالمىلىققا ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇزار كۈچلۈككە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چىڭگىزخانغا ئەل بولدى، لېكىن بىر كۈنى شىكارغا چىققاندا، بۇزار كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئۇنى زەنجىر بىلەن باغلاپ ئالمىلىققا ھۇجۇم قىلىشقا ئېلىپ باردى. دەل شۇ چاغدا، موڭغۇللارنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلدى، كۈچلۈك چېكى-نىش جەريانىدا، بۇزارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كۈچلۈك ھەممىلا يەردە ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىدا دىنىي زىددىيەتنى مىسلىسىز كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. بارتولد: «بۇ، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق، شۇنىڭدەك ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق زىيانكەشلىك» دەپ ھېسابلىدى. ئۇ يەنە: «بۇ خۇددى فرانسىيىدىكى لۇئى XIV نىڭ خرىستىيان دىنىنىڭ مۇرتلىرىغا قىلغان زىيانكەشلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دېدى[6]. شىنجاڭ ئۇ چاغدا، بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئىسلام دىنى ئەۋج ئېلىۋاتقان باسقۇچتا بولۇپ، كۈچلۈكنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان بۇ زىيانكەشلىكى تارىخ تەرەققىياتىغا شەكسىز خىلاپ ئىدى. ئۇ، يالغۇز كەڭ مۇسۇلمان-لارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئوخشاش بولمىغان دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىپلا قالماي، بەلكى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇش ئاپىتى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەبىتلىكى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئەڭ زور بالايىئاپەت ۋە جەبىر-زۇلۇملارنى كەلتۈرۈپ بەردى. شۇ سەۋەبتىن، موڭغۇل-لارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەت تېپىشى، چىڭگىزخان بىلەن كۈچلۈك ئوتتۇرى-سىدىكى ئۆچمەنلىك مۇناسىۋەت، تەبىئىي يوسۇندا كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي زۇلۇم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى موڭغۇل چەۋەندازلىرى زىممىسىگە يۈك-لىدى. ئەينى ۋاقىتتا، «خەلق رايى بۆلۈنۈپ كەتكەن، بىردىنبىر ئۈمىد موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ تېز يېتىپ كېلىشىدە قالغان» ئىدى[7]. مۇسۇلمانلار: «كۈچلۈكنى تۇتۇش كېرەك، شۇندىلا دۆلىتىمىز ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ»[8] دەپ قاغاپ دۇئا

لشقان. دېمەك، ئۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت چىڭگىزخان ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق
دى. 1218 - يىلى چىڭگىزخان جەبە نويانى كۈچلۈككە قارشى لەشكەر باشلاپ
نجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. جەبە چىڭگىزخاننىڭ ئەمرى بويىچە، يول بويى:
وڭغۇللار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ» [1] دەپ جاكالاپ ماڭدى. شۇڭا ئۇ
چقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، توپتوغرا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قەشقەر
سۇلمانلىرى موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ، ئۆز ئۆيلىرىدىكى نازارەتچى كۈچ-
لارنى «خۇددى سىماپ ئېقىتىپ سۈرگەندەك پاك-پاكىزە تازىلاپ تۈگەتتى». كۈچلۈك
شقەردە ھەممىنى ئۆزىدىن بىزار قىلغان ئىدى، شۇڭا، موڭغۇل ئەسكەرلىرى
تىپ كەلمەي تۇرۇپلا ئۇ قېچىپ كەتتى، كېيىن ئۇ بەدەخشاندا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى.
نىڭ قول ئاستىدىكى نايمانلار بىلەن غەربىي لياۋ قالدۇقلىرى مۇسۇلمانلار
رىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
سۇلمانلارچە كىيىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى [2]. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەن، خوتەن
تارلىق بىر قانچە شەھەرلەر، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا موڭغۇللارغا
ل بولدى، شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللار شىنجاڭنى ئىگەللىدى. شۇبھىسىزكى، كۈچلۈكنى
قىتتىش شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن
دى. چىڭگىزخاننىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش دېگەن بايرىقنى كۆتۈر-
نلىكى ئۇنىڭ ۋەزىيەتنىڭ ئەجەللىك يېرىنى — كەسكىن دىنىي توقۇنۇشنى تۇت-
نلىقى ئىدى. شۇڭا، چىڭگىزخاننىڭ زور قوشۇنىنىڭ بىر قېتىمقى شىنجاڭدىكى ھەر
لەن خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە ياتال قول
ىغا ئېرىشتى، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرلىقلەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «موڭغۇل
شۇنلىرىنىڭ بىر قېتىمقى يېتىپ كېلىش بىلەنلا، كۈچلۈكتىن مۇستەسنا، بىزدىن
چەرسە تەلەپ قىلماي، بىزنىڭ تەكبىر ئېيتىشىمىز ۋە ئەزان ئوقۇشىمىزغا يول
يىدى ھەمدە مەخسۇس بىر نەپەر ئەلچى ئەۋەتىپ، شەھەر ئىچىدە ھەممە كىشى ئۆز
ىنغا ئېتىقاد قىلسا، ئۆز دىنىنىڭ ئەھكام-ئەركانلىرىغا رىئايە قىلسا بولىۋېرىدۇ،
پ جاكالىدى. بىز ئەمدى بىلدۇقكى، موڭغۇللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى
لانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ھەقىقىي مېھرى شەپقىتى، مېھرىۋانلىقى ئىكەن» [3]. بۇ،
چلۈكنىڭ دىنغا زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن روشەن سېلىشتۇرما
دى. ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىلغارلىق ئەھمىيىتى
غرىسىدا گەپ ئېچىش ھاجەتسىز.

چىڭگىزخاننىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا
سىيانىڭ مۇرەككەپ دىنىي ۋەزىيىتىگە قارىتىپ «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» دىن

ئىبارەت دىنىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىشى ئاساسىي ئەھۋال بولماستىن، بەلكى بۇ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىزچىل تۇردە قوللانغان دىنىي مەۋقەسى ۋە پوزىتسىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

موڭغۇل جەمئىيىتىدە، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىناتتى. شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي فورماتسىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسمان، يەر، كۈن، ئاي، روھلارغا چوقۇنۇش تەرغىب قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئۇ دىندىكىلەر داخان (باخشى)، رەمچىلەرگە ئىشىنەتتى. ئۇلار باشقا دىننى چەتكە قېقىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. چىڭگىزخان دەسلەپتە شامان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى پائالىيەتلىرىدە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش، پال سالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ياللۇغ چۇسەي تەزكىرىسى» دە: «چىڭگىزخان ھەر قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، ياللۇغ چۇسەينى پال سېلىشقا بۇيرۇيتتى، شۇنىڭدەك ئۆزىمۇ قوينىڭ تاغىقىنى كۆيدۈرۈپ پال بېقىپ، ھېلىقى پالنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى»[12] دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە ئۇنىڭ قېشىدا، بېقىۋاتقان بىر مۇنچە شامان باخشىلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ ياخشى-يامانلىقنى ئالدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭ پىلان، تەدبىر تۈزۈشىگە مەسلىھەت بېرىپ تۇرغان. موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئۇۋۇچىلىقتىن كۆچمەن چارۋىچىلىققا ئۆتۈشى ھەمدە پائال كېڭەيمىچىلىك ۋە ئىستىلاچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئارقىسىدا، شامان دىنىنىڭ تەسىرى بارغانچە كىچىكلىگەن. بۇنى چىڭگىزخاننىڭ ئۆمۈر بويى ئېلىپ بارغان بويسۇندۇرۇش پائالىيىتى، بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردىكى پائالىيەتلىرىدىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. دىنىي ئاڭنىڭ ئاجىزلىشىشى چىڭگىزخاننى مۇرەككەپ دىنىي مەسىلىلەرگە بىر قەدەر ئادىل قاراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەشھۇر سىياسىئون ۋە ھەربىي قوماندان بولغان چىڭگىزخان ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىنىي ئېتىقاد كارائىتى چاغلىق بىر نەرسە ئىدى. ئەكسىچە، چىڭگىزخان دىننى بىر تۈرلۈك قورال — ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتى ۋە ھەربىي يۈرۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان قورال قىلىۋالدى. مەسىلەن ئالايلۇق، شامان دىنىنىڭ راھىبى كۆكچۈ ئىلگىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولۇپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە خېلىلا كۈچ چىقارغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەسىر كۈچى بارغانچە زورىيىپ، چىڭگىزخان ئۈچۈن تەھدىت بولۇۋاتقان چاغدا، چىڭگىزخان ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئۇنى جىمىقتۇرىۋەتتى[13]. داۋجىياۋ ئۆلىماسى چيۇچۇجى (تەخەللۇسى چاڭچۈن جېنرېن) جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى چەنبىلىزىنىڭ شىمال تەرەپلىرىدىكى داۋجىياۋ دىنى چۈەنجېن مەزھىپىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نامى ھەممە يەرگە تارالغان؛ جىن ۋە

جەزبىي سۆز سۆلالىرى ئۇنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنغان، لېكىن ئۇ ئۇنىمىغان. چىڭگىزخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىككى قېتىم يارلىق چۈشۈرگەن ۋە سەممىي سۆزلەر بىلەن ئۇنى تەكلىپ قىلغان. چيۇچۇجى ئاخىرى غەربكە سەپەر قىلىپ، سەمەرقەندكە بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن. چىڭگىزخانغا چيۇچۇجىنىڭ ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، چىڭگىزخان داۋجياۋ دىنى ئارقىلىق خەلقىنىڭ قەلبىنى ئېگەللەپ، «ۋاقتلىق ئەجرە بىلەن ئۇزاق ئەمىنلىككە ئېرىشىش»تىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولىنى تېپىش مەقسىتىگە يەتمەكچى. چىڭگىزخان ئۆز ئەتراپىغا ھەر خىل دىنلاردىكى مەشھۇر ئىختىساس ئىگىلىرىنى توپلىغان. چيۇچۇجىدىن باشقا، يەنە بۇددا مۇرىتى ياللۇغ چۇسەي، نېستورىيان مۇرىتى تاتاتوڭا، ئىسلام مۇرىتى يالۋاچ قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇ ھەر خىل دىنلاردىن، جۈملىدىن ھەر خىل دىنلاردىكى بىلىملىك زاتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، چىڭگىزخاننىڭ ئاساسلىق دىنىي مەۋقەسى ئەنە شۇ ئىدى. مۆڭگەخان بىلەن زاماندىش بولغان پېرسىيىلىك تارىخچى جۇۋەينى چىڭگىزخانغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ۋە دىنىي قائىدىلەرگە ئىخلاس قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىر تەرەپكە يان بېسىش، بىرسىنى دەپ يەنە بىرسىدىن ۋاز كېچىش، بىرسىنى ھۆرمەتلەپ بىرسىنى يەكلەش ئىشلىرى كۆرۈلمىگەن؛ شۇنداق دېگەن تۇزۇككى، ئۇ ھەر خىل دىنلاردىكى بىلىملىك تەقۋادار كىشىلەرگىلا ھۆرمەت قىلغان. ئۇ، مۇنداق قىلىشنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئېرىشنىڭ يولى، دەپ بىلگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خرىستىئان دىندىكىلەرگە ۋە بۇتپەرەسلەرگىمۇ ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغان»[1]. چىڭگىزخاننىڭ مۇنداق دىنىي ئىدىيىسى موڭغۇللارنىڭ زاساق نىزامىدا كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۇ قانۇن رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن: «ئۇ، بارلىق دىنلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، بىر تەرەپلىمە قاراشقا بولمايدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن»[2]. ھەر قانداق دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە مۇداخىلە قىلىش —جازاغا تارتىلىشقا تېگىشلىك جىنايى ھەرىكەت، دەپ ھېسابلانغان: «خان بارلىق دىنلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپلا قالماي، بەلكى بارلىق دىنلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. خان يەنە ھەممە تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن». بۇنىڭدىن باشقا، زاساقتا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: «دەرۋىشلەر، قۇرئاننى يادلىغان قارىلار، سوتچىلار، دوختۇرلار، ئالىملار، دۇئاگويلار، زاھىتلاردىن باج ۋە ئالۋان-ياساق كەچۈرۈم قىلىنىدۇ». «ھەر خىل بۇتخانا ۋە ئىلاھ مۇلازىمەتچىلىرىدىن باج ئېلىنى-

مايدۇ ھەم ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ»[12] ۋەھاكازا. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، دىندىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ھەممە دىنلارغا ئوخشاش يول قويۇپ ئۇلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئارىلاشماسلىق، دىنىي راھىبلارغا ئېتىبار بېرىش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىقلار چىڭگىزخاننىڭ ئاساسلىق دىنىي مەۋقەسى ۋە دىنىي سىياسىتىنى تەشكىل قىلغان.

چىڭگىزخان ئىسلام دىنىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، چۈنكى غەربكە قاراپ كېڭىيىشتە، ئاساسەن ئىسلام رايونلىرى بىلەن داد-مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ غەربكە يۈرۈشتىن خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقان. مۇسۇلمان سودىگەرلەر ۋە دىن تارقاتقۇچىلار دائىم موڭغۇل رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ۋە چىڭگىزخان ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. مەسىلەن: 1218-يىلى باھاردا، چىڭگىزخان تەرىپىدىن خارەزمگە ئەۋەتكەن 450 كىشىلىك كارۋان ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەۋەتكەن ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمەت نامىدىكى دوستلۇق سودا ئەلچىلىرىمۇ مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان[13]. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ، چىڭگىزخاندا دىنىي ئاداۋەت يوق ئىدى. 1223-يىلى خارەزم شاھى يېڭىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان ھىندى دەرياسىدىن بۇخاراغا قايتىپ بېرىپ، ئىسلام دىنى قائىدىلىرىنى چوڭقۇر بىلىدىغان خەشەپ (؟) قاتارلىق ئىككى كىشى بىلەن شەخسەن كۆرۈشكەن، خەشەپ قاتارلىقلار «ئىسلام قائىدىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. چىڭگىزخان: ئېيتقانلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى توغرا، لېكىن مەن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا قوشۇلمايمەن، خۇدا ھەممە يەرگە ئوخشاش نەزەر تاشلىيالايدىغان تۇرسا، بىر يەردىلا چەكلەپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار[14]» دېگەن. چىڭگىزخان ئىسلام دىنىنى قوغداش دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىنجاڭ رايونىنى «قان تۆكمەي» ئىشغال قىلىۋېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارنى ئىشغال قىلىشتا، بولۇشچە قان تۆكۈلدى، مۇسۇلمانلار قىرىش-چېپىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. ئىسلام دىنى موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ تۇمۇرتاپىنى ئاستىدا دەپسەندە قىلىندى: 1222-يىلى بۇخارا مۇنقەرز قىلىندى، «شەھەردىكى ئىمام ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولدى، چىڭگىزخان شەھەرگە كىرگەندە، بىر مەسچىتنى كۆرۈپ، ئۇنى خاننىڭ ئوردىسى بولسا كېرەك، دەپ ئاتنى توختىتىپ سورىدى. كىشىلەر: بۇ مەسچىت، دەپ جاۋاب بەردى. چىڭگىزخان ئاتتىن چۈشۈپ مەسچىتكە كىردى. بىرسى كېلىپ: ئاتلار ئاچ قالدى، دەرھال تويغۇزۇشىمىز كېرەك، دېدى. قۇرئان سېلىنغان ساندۇقلارنى ئوقۇر قىلماقچى بولدى، ئىمامنى ئاتلارغا قاراشقا قويدى. ھاراق تۇلۇملىرىنى

سچىتكە ئەكىرىپ قويىدى (مۇسۇلمانلاردا ھاراقنى مەنئى قىلىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن
بىر ھاقارەت ئىدى)، ئۇسۇل ئوينايدىغان، ناخشا ئېيتىدىغانلارنى يىغىپ كېلىپ
بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچتى»[1]. چىڭگىزخان قانداق قىلىپ ئىسلام دىنى بىلەن مۇنداق دۈش-
مەنلىشىپ قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ خارەزىم شاھى
مۇھەممەت ۋەدىگە ۋاپا قىلماي، چىڭگىزخان ئەۋەتكەن سودا كاۋرىنىنىڭ بارلىق
ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كارۋان يولى توسۇلۇپ قالدى، بۇ ھال
چىڭگىزخاننىڭ ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش قوزغىشىغا سەۋەب بولدى. مۇسۇل-
مانلارنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، موڭغۇل قوشۇنلىرى
شەھەر خەلقىنى قىرغىن قىلىش ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتەك ۋەھشىيانە ھەرىكەت
قوللاندى. ئىسلامىيەت تارىخىدا، موڭغۇللار ئىستېلاسى ئەڭ پاجىئەلىك سەھىپە
قالدۇردى. چىڭگىزخان بۇ ئىستېلادىن ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ، بۇ، ئىلاھنىڭ
دالالىتىدىن بولدى، دەۋالدى ۋە ئۆزىنى مەن «خۇدانىڭ قامچىسى»، ئاللا مېنى
«سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن»[2] دېدى. ھالبۇكى، چىڭگىزخان ئۆزىگە
قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىمىدى، ئۇلارنى دىنىي
ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىمىدى. ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى
قاتلام زاتلارنى سېتىۋېلىش ۋە ئۆزىگە تارتىشقا دىققەت قىلدى. بۇخارانى بېسى-
ۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە «ئۆز ئىسمىنى ئىبادەت يېزىقى بىلەن يېزىش، دىندار-
لاردىن ئالۋان-ياساقنى كەچۈرۈم قىلىش» نى جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئۇ ئىسلام دىنىدىكى ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىسلام رايونلىرىنى باشقۇرۇش
ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەتىۋالاپ ئىشلەتتى. مەسىلەن: خارەزىملىق مەش-
ھۇر سودىگەر مەھمۇت يالۋاچ ۋە مەخسۇت ئاتا-بالا قاتارلىقلار. بۇ، ئۇنىڭ دىنغا
قارىتا بولغان ئاساسلىق مەۋقەسى بىلەن تامامەن بىردەك ئىدى. بويسۇندۇرۇش
ۋاستىسى بىلەن دىنىي ستراتېگىيىسىنى ئۆۋەتلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ۋە ئۆز ئارا تولۇق-
لاش — بۇمۇ چىڭگىزخاننىڭ مەشھۇر ستراتېگىيىچى بولالىشىدىكى بىر دانىشمەنلىكى
ئىدى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى موڭغۇللارنىڭ «ئۇلۇغ ياساق»شەكلى
بىلەن مۇقىملاشتۇرغان ھەمدە ئۆز ئەۋلادلىرىغا ھەر قانداق بىر دىنغا يان باس-
ماسلىق، ھەر خىل دىندىكى كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇغان». جۇۋەينى-
نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرمۇنچىسى ئۆزى ياخشى
كۆرگەن بىر خىل دىنىنى تاللاپ ئېلىشتى: بەزىلىرى ئىسلام دىنىنى، بەزىلىرى نې-

تۇرىيان دىنىنى، بەزىلىرى بۇ تېپەرەستلىكنى تاللاپ ئېلىشتى. قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىنى ساقلاپ، ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلىرىمۇ بولدى، لېكىن بۇلار ھازىر ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار گەرچە بىرەر دىنىنى تاللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە ھەر قانداق دىنىي تەلۋىلىك كۆرۈلمىدى. شۇنىڭدەك ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ ياساقىنىمۇ خىلاپلىق قىلمىدى. دېمەك، ئۇلار ھەرقايسى دىنلارغا قارىتا ئايرىمىچىلىق قىلماي، ھەممىسىگە بىر كۆزدە قارىدى»[1].
بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى (قۇبلايخاندىن بۇرۇنقى ئىككى ئەۋلاد كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئاساسىي جەھەتتىن چىڭگىزخاننىڭ دىنىي مەۋقەسى ۋە دىنىي سىياسىتىگە ئەمەل قىلدى. گەرچە ئۇلار تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن مەلۇم دىنىنى قوبۇل قىلغان ياكى مەلۇم دىنغا يان باسقان بولسىمۇ، لېكىن دىندىن پايدىلىنىپ، ئۇنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر نۇقتىدا، زادىلا ئىككىلەنمىدى. مۆڭكەخاننىڭ تۈرلۈك دىنلارنى ئادەمنىڭ «بەش بارمىقى»غا ئوخشىتىپ ئوبرازلاشتۇرغانلىقى — موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنغا تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھىدۇر. بىز ئوگدايدىن قۇبلايغىچە بولغان خانلارنىڭ دىنغا، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئۇلارنىڭ بۇ مەۋقەسىنىڭ ئىزچىللىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاسان كۆرۈۋالالايمىز.

ئوگدايخان تارىخىي ماتېرىياللاردا، «ئادىل ۋە كۆڭلى-كۆكسى كەڭ خان» دەپ قارىلىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ھەر خىل دىنلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تارىخى جاھانكۇشاي» نىڭ «خاننىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن خاتىرە» دېگەن بابىدا، ئوگدايخاننىڭ «ئىبرەتلىك سۆز ۋە ئېسىل خىسلەتلىرى» بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر قانچە يېرىدە، ئوگدايخاننىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىززەت-ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە ئىسلام دىنىنى قوغدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلار بار. بىر ھېكايىدە، بىركىدان چاڭچېلە ئۆمىكى ئىسلام دىنىنى ھاقارەتلەيدىغان بىر ئويۇننى ئويناپ چىققاندا، ئوگداينىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانلىقى يېزىلغان. ئۇ زاماقتىكى ماددا بويىچە: بىر مۇسۇلماننىڭ خۇنى 40 بالىش(؟)، بىر كىداننىڭ خۇنى بىر دانە ئېشەككە توغرا كېلىدۇ، «سىلەر نېمىشقا مۇسۇلمانلارنى نازاق قىلىسىلەر» دېگەن. يەنە بىر ھېكايىدە، قوچولۇق بىر مۇسۇلماننىڭ بىر ئۇيغۇر ئاقسۆڭەككە قەرزدار بولۇپ قالغانلىقى، ئۇ بۇ قەرزنى تۆلەشكە ماجالى يەتمەي تىل-ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقى، ئوگدايخان بىز ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ھېلىقى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكنىڭ «مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن» لىكى ئۈچۈن، چوڭ كوچىدا

يۈزنى تېپىپ جازالىغانلىقى، ھېلىقى مۇسۇلمانغا بولسا، بىر ئۇيغۇر خوتۇن، بىر
ئېغىز ئۆي ۋە يۈز بالىش(؟) پۇل ئىنئام قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. مانا بۇنىڭدىن،
ئۇ چاغدا دىنىي ئېتىقادنىڭ خېلىلا قوغدالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا
ئوگداي يالغۇز ئىسلام دىنىغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا دىنلارغىمۇ ئوخشاشلا كەڭ
يول قويغان؛ ئۇ ھەر خىل دىنلارنى ئەركىن تەرەققىي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.
دىنىي جېدەل - ماجىرالارنى قاتتىق چەكلىگەن. پايتەخت قارا قورۇمدا ھەر خىل
دىنلار ئۈچۈن ئىبادەتخانىلارنى قۇرۇپ بەرگەن. ھەربىي قوشۇن تەشكىللىگەندىمۇ
ھەر خىل دىنلاردىن ئادەم قاتناشتۇرۇشقا دىققەت قىلغان.

چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا «ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن سەمەرقەند
ۋە بۇخاراغىچە» بولغان كەڭ مۇسۇلمانلار رايونىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن.
لېكىن ئۇ «موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنىنىڭ قەتئىي قوغدىغۇچىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ
دۈشمىنى دەپ قارالغان»[1]. 1238 - يىلى بۇخارادا تارابى ئاكا - ئۇكىلار رەھبەر-
لىكىدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن. موڭغۇل قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچى
قوشۇننى باستۇرۇپ، شەھەر خەلقىنى قىرىپ تاشلاشقا تەييارلانغاندا، ماۋارائۇن-
نەھرنىڭ ۋەزىرى يالۋاچ بۇنىڭغا كۈچلۈك ئارىلاشقانلىقتىن، مۇسۇلمانلار قىرغىنچىلىق-
تىن ساقلىنىپ قالغان. چاغاتاي بۇنىڭدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، يالۋاچنى ئۆز
بېشىمچىلىق بىلەن مەنسىپىدىن قالدۇرغان ۋە ئىسلام دىنىدىكى بىر مۇنچە ئاتاقلىق
يۇقىرى قاتلام زاتلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى يەكەن قاتارلىق جايلاردا، نېستورىيان دىنىي كۈچلىرىگە يار يۆلەكتە
بولغان»[2]. ئۇ، بولۇپمۇ ئىسلام رايونلىرىدا موڭغۇل قانۇنىنى قاتتىق يولغا قويۇپ،
ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە مال ئۆلتۈرۈشنى، كۈندۈزى ئېقىن سۇدا يۇيۇ-
نۇشنى مەنئى قىلغان، مۇسۇلمانلارنى سېسىپ قالغان گۆشنى يېيىشكە مەجبۇرلىغان[3]،
شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان. بەزى مۇسۇلمان يازغۇ-
چىلىرى ئۇنى ئىسلام دىنىغا زەربە بېرىپ نېستورىيان دىنىغا يان باستى، دەپ ئەيىبلىگەن.
ئەمەلىيەتتە، چىڭگىزخان «ئىمپېرىيىنىڭ تۆت تۈۋرۈكى» گە ئىش تەقسىم قىلغاندا،
چاغاتايىنى موڭغۇللارنىڭ ياساق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن،
ياساقنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە چاغاتاي ئىنتايىن قەتئىي بولغان، دىن موڭغۇل
قانۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان چاغلاردا، ئۇ ھامان موڭغۇل قانۇنىنى قوغدىغان،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئاساسلىقى مۇسۇلمان رايونلىرىنى باشقۇرىدىغان
بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى.
رەنجىتىپ قويۇشتىن خالىي بولۇشى تەس ئىدى، روشەنكى، بۇ، دىنىي سەۋەبتىن

بولغان ئەمەس. چاغاتاي ھەر خىل دىنلارغا بىر قەدەر كەڭ يول قويغان، ئۇ ئىشلەتكەن يەنە بىر ماۋارائۇننەھرنىڭ ۋەزىرى مۇرات مۇلۇك (خوتەنلىك)مۇ ئىسلام دىنىدا ئىدى. چاغاتاي يەنە بىر مۇنچە مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى تەسىس قىلىش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. لېكىن ئۇ يەنىلا موڭغۇل قانۇنىنى ھەممىدىن يۇقىرى كۆرەتتى، دىنغا بولسا سوغاق مۇئامىلە قىلاتتى، خالاس.

كۆيۈكخانمۇ ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلاتتى. ئۇ، خرىستىئان دىنىغا روشەن ھالدا مايىل ئىدى، ھەتتا بەزى خرىستىئان مىسسىئونېرلىرى ئۇنى چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ خرىستىئان دىنىغا كىرگەن، دەپ قەيت قىلىدۇ. مۇسۇلمان يازغۇچىلارمۇ ئۇنى «مۇھەممەتنىڭ دىنىغا زەربە بەرگەن ...... نەتىجىدە، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، خرىستىئان دىنى ئەقىدىلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن تاكاللىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان» دەيدۇ. لېكىن كۆيۈك تەختتە ئۇزۇن تۇرالمىغانلىقتىن، خرىستىئان دىنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمىگەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، ھەر خىل دىنلار يەنىلا قانۇنىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئەركىن تەرەققىي قىلىۋەرگەن.

مۆڭكە خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ ھەر قانداق دىنغا يان باسماسلىق دېگەن ۋەسىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ چاغدا، ئىسلام، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ راھىبلىرى خان ئوردىسىغا توپلانغان بولۇپ، دىنىي رىقابەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن ئىدى. «بۇ ئۈچ دىن بەس - بەس بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدىن يېڭى مۇرىت قوبۇل قىلىشقا تىرىشىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتاتتى ۋە خاننىڭ ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. پەقەت مۆڭكەخانلا چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەر خىل دىنلارغا قارىتا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇپ، ھېچقايسىغا يان باسمايتتى. مۆڭكە خان بىر كۈنى رۇبرۇك بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭغا ھەر خىل دىنلارغا قارىتا كەڭ يول قويۇش كېرەك، مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەر بىر چوڭ خۇداغا ئىشىنىدۇ، لېكىن ھەممىسى ئۆز دىنىنىڭ رەسمىيەتلىرى بويىچە ئىبادەت قىلىدۇ، دېگەن» . مۆڭكە بۇ ئۈچ دىنىنىڭ چوڭ مۇراسىملىرىغا شەخسەن قاتنىشاتتى ۋە ئۈچ دىنىنىڭ دىنىي زاتلىرىغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولاتتى. 1254 - يىلى ئۇ قارا قورۇمدا چوڭ دىنىي مۇنازىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بۇ يىغىندا مۆڭكە ھەر خىل دىنلارنى «قولىنىڭ بەش بارمىقىغا ئوخشىتاتتى»، ۋە بۇددا دىنىدىكى «ئەينەك يۈزلۈك پادىشاھ» دېگەن ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنىي مۇقەددەسلىكىنى شەرھلىگەن ئىدى. شۇڭا، خرىستىئان مىسسىئونېرلىرى ئۇنى بىرادەر-دوستىمىز دەپ قارىدى. ئىسلام دىنىدىكىلەر بولسا «ئۇنى مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنى

تەسۋىرلەيدىغان سۆزلەردىن پەرق ئېتىش تەس بولغان سۆزلەر بىلەن تەرىپلىشەت-
تى». ئۇنى «ھەر خىل ھەر رەڭدىكى ئادەملەر ۋە ھەر خىل دىنىي تەشكىلاتلار ئارىسىدا
ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغان ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارىغان»
دېيەتتى. ئۇلارنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى مۇسۇلمانلارغا يېڭىدىن جۇشقۇن ۋە
ئالىيلىق ئىستىقبال ئېچىپ بەردى». مۆڭكە خاننىڭ دىنىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا
تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوغدىغانلىقىنى مۇنداق بىر ۋەقە
تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ: ئۇ تەختتە ئولتۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا، 1252 —
1253 - يىللىرى بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت سالىندى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن يوشۇ-
رۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، شۇ تېررىتورىيىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلىماقچى بولغاندا،
بۇ مەخپىيەتنى بىر ئاقسۆڭەكنىڭ چاكىرى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ، ئاشكارىلاپ قويى-
غان. نەتىجىدە بۇ گەپ پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپ، مۇسۇلمانلار قاتتىق ۋەھىمىگە
چۈشۈپ قالغان. بۇ ئەھۋال بەشبالىقنىڭ نازارەتچى ئەمىرى سەيپىدىنگە مەلۇم قىلىن-
غان، ھېلىقى چاكار ئۇنىڭغا ئۆزى ئاڭلىغان بۇ مەخپىيەتنى تولۇق ئېيتىپ بەرگەن.
لېكىن ئىدىقۇت بىلەن ئاقسۆڭەكلەر بۇنى قەتئىي ئىنكار قىلغان، سەيپىدىن بۇ ئەھ-
ۋالنى مۆڭكە خانغا مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مۆڭكە ئىدىقۇت قاتارلىقلارنى
قاتتىق سوراق قىلغان، چاكار قەتئىيلىك بىلەن ئىسپاتلىغاندىن ئۆتكەن. ئەڭ ئاخىردا
ئىدىقۇت قاتارلىقلار بىر - بىرلەپ ئىقرار قىلغان، سالىندىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىل-
گەن. خانلىق تەختىگە ئۇنىڭ ئىنىسى ۋارىسلىق قىلغان، قالغان ئاقسۆڭەكلەرمۇ جازا-
غا تارتىلغان. مەخپىيەتنى مەلۇم قىلغۇچىغا «ئىسلام» دېگەن ھۆرمەت نامى بېرىلگەن.

قۇبىلاي دەۋرىگە كەلگەندە، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى پارچىلىنىشقا باشلىدى. دى-
نىي ئېتىقاد جەھەتتىمۇ ھەركىم ئۆز خاھىشىغا قارار تاپتى: دىندارلارنىڭ جايىغا ئو-
رۇنلاشقان تاتارلار، ئۆزىنىڭ ئەسلى قانۇنلىرىنى تاشلاپ، بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ
ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوللاندى. غەربىي ئۆلكىلەردىكى تاتارلار بولسا، مۇسۇلمان
خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتتى. قۇبىلاي
بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئورۇن تالاشقان ئارىق بۇقا خرىستىئان مۇ-
رىتى ئىدى. چاغاتاي ئەۋلادى مۇبارەكشاھ، بالا قاتارلىقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلدى. قايدۇ، دۇۋا قاتارلىق باش ھۆكۈمرانلار بولسا، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ
ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدە چىڭ تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ يېڭى تۇرمۇش
ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇردى. لېكىن موڭغۇللار تۈرلۈكچە دىنىي مەدەنى-
يەت رايونلىرىغا كىرىپ، ئۇزۇن مۇددەت ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۆز-
لىرى ياشىغان شۇ رايونلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا كىرىپ كېتىشتىن خالىي بولغىلى بول-

مايدىغان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئىدى: موڭغۇل قانۇنىنى باھانە قىلىپ كۆچمەنچارۋىچىلىقتا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇش — ئەمەلىيەتتە بىر خىل تارىخىي ئەكسىيەتچىلىك ئىدى. قۇبىلاي گەرچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۆرلۈك دىنلارغا قارىتا يەنىلا چىڭگىزخاننىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «مەن تۆت چوڭ پەيغەمبەر (ئەيسا، مۇھەممەت، مۇسا، ساكيامۇنى) گە ھۆرمەت قىلىمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقەتەن ئاسماندا تۇرغۇچى بىر ھۆرمەت ئىگىسىنىڭ ماڭا يار - يۆلەك بولۇشىنى تىلەيمەن» دېگەن. ئۇ تۆت دىنىنىڭ بايرام ۋە تەبرىك يىغىلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشاتتى، قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئوخشاشلا ئەمەل قىلاتتى. ئۇ ھەر خىل دىنلاردىكى بىلىملىك ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرگە خىزمەت بېرىپ ئىشلەتكەن ۋە ئۇلارنى ئاسرىغان. ھەربىي قوشۇنلار ئارىسىدىمۇ دىنىنى كەمسىتىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى مەنئى قىلغان. دېمەك، قۇبىلاي دىنىي مەسىلىلەردە بۇددا دىنىنى ئاساس قىلىپ، خەنزۇلار ئارىسىدىكى يۇقىرى قاتلاملارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر خىل دىنلارغىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ھەر مىللەت ۋە ھەر قايسى دىنلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ئۇنىڭ قۇدرەتلىك يۈەن ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، چىڭگىزخاندىن قۇبىلايغىچە بولغان موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى دىنلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويغان: ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى — دىندىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىستىلاسى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، بۇ ئۇسۇلنىڭ غايەت زور رول ئوينىغانلىقىدا شەك يوق، مۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ئىسلام دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە بۇددا دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ چوڭ دىن موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا، مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ ئۈچ چوڭ دىن ئۆز ئارا تارقىلىپ، ئورتاق گۈللەنگەن، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆز-ئارا چۈشىنىشى ۋە باردى-كەلدى ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن، بۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ رايونىدا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنىي مەۋقەسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوغدىغانلىقى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دىنىي ئېتىقادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

موڭغۇللار شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇن، قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلاملاشتۇرۇشنى يولغا قويغاچقا، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىككى ياقىسىنى بويلاپ، شەرقىي جەنۇبىي يول بىلەن يەكەن، قاغىلىق ۋە خوتەنلەرگە تارقىلىپ، چەرچەنگىچە يېتىپ باردى؛ شەرقىي شىمالىي يول بىلەن ئاقسۇ، كۇچاغىچە تارقالدى، شۇنداق قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ زور قىسىم رايونلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ بولدى. ئىلگىرى بۇ جايلاردا، تارقالغان بۇددا دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە مانى دىنى قاتارلىقلار سىقىپ چىقىرىلىپ، تارىخلاردا كۆرۈلمەيدىغان بولدى (غەربىي لياۋنىڭ ئازسانلىق ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى بۇنىڭدىن مۇستەسنا). غەربىي لياۋنىڭ ئاخىرلىرى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمىلىقتا بىر ئىسلام خانلىقى مەيدانغا كەلدى، بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى قېتىم تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆچمەنچارۋىچىلىق رايونغا تارقىلىپ كىرىشى ئىدى. بۇددا دىنى يەنىلا تۇرپاننى مەركەز قىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدە ھۆكۈم سۈرۈپ، بۇددا دىنىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا. «ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە قاراپ تارقىلىشى بىر قەدەر تەس ئىدى. ئۇ يەردە مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار خۇددى بىر توساق تامغا ئوخشاش، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ تۇراتتى». شۇنداق قىلىپ قەشقەر ۋە تۇرپاننى مەركەز قىلغان ئىككى خىل دىنىي رايون شەكىللىنىپ، بۇلار ئىركىشىپ تۇرماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا (بۈگۈنكى تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا) ئاساسەن نېستورىيان دىنى بار ئىدى. بارتولد ئېيتقاندەك: «شەرقىي قىسمىدا ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىگە ئۇچرىمىغان مەدەنىيەتلىك تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) دىن باشقا، غەربىي شىمالدا بىر مۇنچە چارۋىچى تۈركلەر بار ئىدى. ئەينى زاماندا. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايلا قالماستىن، ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى». بۇ ئۈچ دىنىنىڭ تەسىر كۈچى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇن، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپنى ئىگىلەپ، ئۆز ئارا ئىركىشىش ھالىتىدە تۇراتتى. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. كۈچلۈكنىڭ ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشى ھەر قايسى دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمچىلىق ۋە مىللىي قارىمۇ قارشىلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە خىلاپ كېلەتتى. موڭغۇللار شىنجاڭغا

ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى دىنلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇنداق ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى.

بىرىنچىدىن، بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئەينى زاماندا تۈرلۈك دىنلار ئارىسىدىكى زىيانكەشلىك ۋە ئۆچمەنلىكلەر تېزلىكتە تۈگىتىلىپ، دىنىي زىددىيەتلەر پەسەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ھەر قايسى دىنلارنىڭ تېررىتورىيە جەھەتتىكى ئايرىمچىلىق ۋە تىركىشىش ھالىتى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. ئىسلام، بۇددا ۋە خرىستىئان دىنلىرى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئەركىن راۋاجلىنالايدىغان بولدى، نەتىجىدە ھەر قايسى دىنلار ئوتتۇرىسىدا، مۇقەررەر ھالدا بىر - بىرىگە سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىپ، قارشى تەرەپنىڭ دائىرىسىدە تارقىلىش ۋە رىقابەتلىشىشكە باشلىدى. ماركوپولونىڭ يېزىشىغا قارىغاندا: موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغىلا ئېتىقاد قىلىپ قالماي، قىسمەنلىرى يەنە خرىستىئان (نېستورىيان) دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلاتتى ھەمدە ئۆزلىرى بىنا قىلغان چىركاۋلىرىمۇ بار ئىدى.[1] ئۇ، بۇددا دىنىنى تىلغا ئالمىغان، ئەمما بۇددا دىنى بۇ رايونلاردىمۇ چوقۇم ئەسلىگە كەلگەن. كوروپاتكىن ئۆزىنىڭ «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابىدا: «موڭغۇل سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قەشقەرىيىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزاق يىللارغىچە بولمايدىغان گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئەپۇچانلىق ئىسلامىيەتنىڭ قاتتىق قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ شۇ چاغلاردا، خوتۇن - قىزلارنىڭ ناھايىتى كەڭ ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. خرىستىئان دىنى بىلەن بۇددا دىنى بۇ دۆلەتتە قايتىدىن باش كۆتۈردى. مەسچىتلەرنىڭ يېنىغا ئىبادەتخانىلار ۋە بۇتخانا مۇنارلىرى ياسالدى»[2] دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلام دىنى ئەزەلدىن تارقىلىپ باقمىغان بۇددا رايونىغىمۇ چوڭقۇرلاپ كىردى. مۇڭكە دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى باشچىلىقىدىكى بۇددا دىنى ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ بەشبالىقتىكى مۇسۇلمانلارنى يوشۇرۇن قىرغىن قىلغانلىق ۋەقەسى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جايدا ئىنتايىن تېز راۋاج تاپقانلىقى ۋە مۇئەييەن تەسىر كۈچىگە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇددا ھۆكۈمرانلىرىنى ئالاقزادىلىككە چۈشۈرۈپ قويمىغان بولاتتى. ماركوپولو ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ يىراق بولغان قۇمۇلغىچە تارقىلىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن.[3] تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ئىسلام دىنىنىڭ چېگرىسى چەرچەندىن ئاتلاپ ئۆتۈپ لوپنۇر كۆلىگىچە يەتكەن.

ئىككىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ھەر خىل دىنلارنىڭ ئەركىن تە-
رەققىي قىلىشىغا يول قويۇلغانلىقى، ئاخىرقى ھېسابتا، شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام
دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان. بۇنىڭدا ئىككى خىل سەۋەب بار: بىرى،
بۇددا دىنى شىنجاڭدا مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخنى باشتىن كەچۈرۈپ، زاۋاللىققا
يۈزلىنىش مەزگىلىگە كېلىپ قالغان؛ بىر قەدەر قالاق بولغان باشقا دىنىي شەكىللەر-
مۇ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشال-
ماي، تەدرىجىي يوسۇندا شاللىنىپ كەتكەن. ئىسلام دىنى بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلانغان ۋە پائال ھەرىكەتلىنىپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە ماسلىشىش
چانلىقىغا ئېرىشكەن؛ يەنە بىرى، ئەينى ۋاقىتتا، بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن
بولۇپ، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، فېئوداللار-
نىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە، ئۇرۇشنىڭ تالان- تاراج قىلىشىغا ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ
زەربىسىگە ئۇچراپ كەلگەن جاپاكەش نامرات ئامما بىر خىل يېڭى دىنىي ئېتىقادنى
ئۆزىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى قىلىپ، شۇ ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن مەدەتكە
ئىگە بولۇپ، جاپا مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلگەن؛ ھۆكۈمران سىنىپلارمۇ بىر خىل
يېڭى دىن ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ۋە قۇل قىلىپ، ئۆز ھۆكۈم-
رانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان. ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ دىنىي
شەكىلنىڭ «جەننەت» نىڭ راھەت - پاراغىتىنى كۆككە كۆتۈرۈشى، ئىپتىدائىي تەڭ
تەقسىماتچىلىقنى — «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشدۇر» دېگەننى تەشۋىق قى-
لىپ، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىشى، كىشىلەرنى
خەير - ساخاۋەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، شۇنىڭدەك جازانىخورلۇقنى چەكلەش،
قۇللارنىڭ پۇل تۆلەپ ئازاد بولۇشىغا يول قويۇش، سودىدا ئادىل بولۇشنى تەشەب-
بۇس قىلىشى — مانا بۇلار تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى مۇئەييەن
دەرىجىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولدى. ۋەھالەنكى، ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىي
مۈلۈكچىلىكنى قوغداپ، ھۆكۈمران سىنىپلارغا بويسۇنۇشنى، سەۋر - تاقەت قىلىش
ۋە غازات قىلىشنى تەرغىب قىلىشى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئىنتايىن
ماسلىشىدۇ. ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىمۇ ئاددىي، ئىجرا قىلىش ئوڭاي بولۇپ، شەكىل ۋە
مەيدان تاللىمايدۇ. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە پسىخو-
لوگىيىسىگىمۇ بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ.[1] دېمەك، ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىت-
تىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تېخىمۇ ماس كېلەتتى. خۇددى ئېنگېلس
ئېيتقاندەك: «ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ دىن شەرق خەلقلىرىگە يېقىپ قالدى»،
دېمەك، ئۇ بىر تەرەپتىن، سودا ۋە قول ساناتىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەرگە،

يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋىچى مىللەتلەرگە يېقىپ قالدى [1]. شۇڭا، موغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنىي مەۋقەسى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىتى ئوبيېكتىپ جەھەتتە شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش دولقۇنى شەكىللەندى؛ تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسلام دىنىنى بەس - بەس بىلەن پائال يولغا قويدى، ھەتتا بۇددىن دىنىي تەلۋىلىككە قەدەر تەرەققىي قىلىپ، «غازات ئۇرۇشى» ئېلىپ بېرىلدى. چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان بەزى خانلار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىڭ بېشىغا تاقا مىقىنى قېقىشتەك شەپقەتسىز جازا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، يات دىندىكىلەرنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنى تېز تەرەققىي قىلدى. موغۇللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىمۇ ئىسلام دىنىغا كىردى. تۇرپاندىن ئىبارەت بۇددا دىنى رايونى داۋاملىق تۇردە «غازات ئۇرۇشى» ۋە تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىلغان دىن تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ زەربىسى بىلەن، XVI ئەسىرگە كەلگەندە تامامەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولدى. XV ئەسىردە شىنجاڭغا كىرگەن ئويرات موغۇللىرى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن سىرت، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاخىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلىدى ۋە پۈتۈن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئومۇملاشتى.

ئۈچىنچىدىن، ھەر قايسى موغۇل خانلىرىنىڭ دىنىي مەۋقەسى ئاخىرى بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قارىشىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى، شىنجاڭ رايونىدىكى موغۇللارنىڭ ئىسلاملىشىشى ۋە ئۇيغۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، موغۇل جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. موغۇللار شىنجاڭنىڭ ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ، ياكى ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا كۆچۈش كېرەكمۇ، دېگەن كۈرەش مەۋجۇت ئىدى. ماھىيەتتە بۇ، موغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈش كۈرىشى ئىدى، مۇتەئەسسىپ كونا ئادەت كۈچىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشقا جاھىللارچە قارشى تۇرۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادىتىدە چىڭ تۇردى، ئۇلار دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتتى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ۋە ئۇرۇشنى كەسىپ قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلۇق كەلتۈردى ۋە توسقۇنلۇق قىلدى، ئەمما دىنلارغا قا-

رىتا كەڭ يول قويۇش ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى (موڭغۇللارنىڭمۇ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بار ئىدى) سىياسىتى موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئاسانراق قوبۇل قىلىشىغا ئىمكان بەردى. ئورتاق دىنىي ئېتىقادنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ شۇ جايدا يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت، سودا - تىجارەت قاتارلىق كەسپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئارىلىشىشىغا، ھەتتا ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشى، يېڭى مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، بۇ ھال موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى تاشلاپ، قېپۇداللىققا ئۆتۈشىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا، بىر خىل ئىدېئولوگىيە بولغان ئىسلام دىنى موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىرىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭغا كىرگەن بۇ بىر قىسىم موڭغۇللار ئاخىرى بېرىپ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى، موڭغۇللار قۇرغان چاغاتاي خانلىقىمۇ تەدرىجىي يوسۇندا شىنجاڭنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى . بۇ مىللەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىشىدىكى تارىخىي جەريانىدا، ئىسلام دىنىنىڭ ۋاستىچىلىك رولىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇڭا، بارتولدنىڭ : «موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ھالاك بولۇشىنى دىنىنىڭ (ئىسلام دىنىنىڭ) غەلىبىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ» [21] دېگىنىنىڭمۇ مەلۇم داۋلىسى بار.

ئىزاھلار :

« يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 118 - جلد، «نايمانلار تەزكىرىسى».

« تارىخى جاھانكۇشاي»، خې گاۋجى تەرجىمىسىگە قاراڭ.

يۈداجۈن، جۇجيەنچىلەر تەرجىمە قىلغان «تارىخ توپلاملىرى» 1 - جىلد، 248 - بەتكە قاراڭ؛ «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 113 - جىلد.

بارتولد ئەسىرى، گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، 38 - بەت.

«تارىخ توپلاملىرى» يۈداجۈن، جۇجيەنچىلەر تەرجىمە قىلغان، 1 - جىلد 253 - بەت؛ «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 118 - بەت.

بارتولد ئەسىرى، گېڭ شىمىن تەرجىمىسى، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» 41 - بەت.

« يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 146 - جىلد، «ياللۇغ چۇسەي تەزكىرىسى».

«شامان دىنى بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»: «بارتولد ماقالىلىرى»، 5 - جىلد، 71 - بەت.

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 10 - جىلد، 45 - بەت.

«چىڭگىزخان ياساقلىرى».

يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

«تارىخ توپلاملىرى» يۈداجۈن، جۇجيەنچىلەر تەرجىمە قىلغان 1 - جىلد، 2 - قىسىم، 259 - بەت؛ گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» 40 - بەت.

«يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 254 - جىلد «غەربىي رايون تەزكىرىسى».

خۇڭجۈن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخىدىن تەرجىمىلەرگە تولۇقلىما» 69—70 - بەتلەر.

بارتولد ئەسىرى، گېڭشىمىن تەرجىمىسى، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى». 50 - بەت.

چېن كەيجۈنلەر بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان «ماركوپولو ساياھەتنامىسى».

خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان «تارىخى جاھانكۇشاي» 1 - قىسىم، 321 - بەت.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخىدىن ماقالىلەر» 1 - قىسىم، 146 - بەت.

«دوسسون موڭغۇل تارىخى» 1 - قىسىم، 264 - بەت.

پېللىئوت: «تاڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى خرىستىئان دىنىي مۇرىتلىرى».

«يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 160 - جىلد، «تارىخى جاھانكۇشاي»، 1 - قىسىم 17 بابىدىن.

بارتولد ئەسىرى، گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» 132 - بەت.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 123 - بەت.

كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 - بەت.

(41) ئېنگېلس: «دەسلەپكى چاغلاردىكى خرىستىئان دىنىنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن دىن توغرىسىدا»، 101 - بەتتىكى نەقلىدىن.

(42) بارتولد ئەسىرى، گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» 59 - بەت.

جۈنەيد بەكرى تەرجىمىسى

# قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا

جاقىپ مىرزاقان

بىر مىللەتنىڭ تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى ۋە شۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى دىنىي ئېتىقاد تارىخىدىن خەۋەردار بولۇش ۋە شۇ دىنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلىۋېلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بۇ دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالغان، ئۆزگەرتىشكە ۋە تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك بولغان تەرەپلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەم زۆرۈر.

قازاقلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى قانداق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، ئىسلام دىنى قازاقلار ئارىسىغا قاچاندىن باشلاپ تارالغان، قازاقلارنىڭ قانداق ئۆرپ-ئادەتلىرى دىنىي ئېتىقاد مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللەنگەن. بۇ ئۆرپ-ئادەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەر ئادەتتە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆگىنىش ۋە خىزمەت جەريانىدا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. مەن بۇ ماقالەمدە نەق مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ئاساسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى بايان قىلىمەن.

قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە بۇرۇن باشقىلارمۇ بەزى ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بۇ ماقالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادلار تارىخى ھەققىدە يېزىلغانلىرىدا، دىنىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېغىزغا ئېلىنمىدى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر ھەققىدە يېزىلغانلىرىدا، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى ئېنىق يېزىلمىدى. مەن تارىخىي پاكىتلار (تارىخىي خاتىرىلەر) ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بۇ مەسىلە ھەققىدە نۇقتىلىق ئىزدىنىپ يۈرگەن يولداشلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشنى توغرا تاپتىم.

## قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى توغرىسىدا

قازاق مىللىتى ھازىر دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى بولغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلام دىنى دۇنيادىكى چوڭ دىنلار ئارىسىدا ئەڭ ياش دىندۇر. قازاقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى (يەنى

قەدىمكى قەۋم ۋە قەبىلىلەر) نىڭ باشقا دىنلارغا ئىشەنگەنلىكى ھەم پاكىت. ئۇنىڭ تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار جەريانىدا، دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مەلۇماتلار بىزنى قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى قەبىلىلەر ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى (ئۇلۇتلار) زامانىدىكى دىنىي ئېتىقادلار توغرىسىدا ئىزدىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى زامان مىللەتلىرى قاتارىغا قەدىمكى ساكلار، ھۇنلار، ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار، ئالانلار، تۈركلەر، قارلۇقلار، قىپچاقلار، ئوغۇزلار، كىدانلار (قارا خىتايلار)، نايمانلار، كېرەيلەر، ئۆڭگىتلەر (ۋاقلار)، دۇلاتلار، جالايىرلار، قوڭغىراتلار، ئارغۇنلار ۋە باشقىلارنىڭ كىرىدىغانلىقى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي كىتابلار ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئارقىلىق دەلىللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز، قازاقلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە توختالغاندا، ئاساسەن مانا شۇ يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتۈلگەن قەبىلىلەر ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى زامانىدىكى دىنىي ئېتىقادلارنى ئەسلەپ ئۆتىمىز.

1. قەدىمكى ساكلار ۋە ھۇنلار ئۆز زامانىدا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ دىن تەبىئەتكە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي دىن بولۇپ، ئۆز زامانىدىكى ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىنىڭ شىمالىدا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارالغان. شامان دىنى — كۆپ خۇدالىق دىن، ئۆز زامانىدىكى ھۇنلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، پۈتۈن ئالەمنى يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەڭرى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاسمانغا، ئاسماندىكى كۈن بىلەن ئايغا، يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرى قازاق خەلقى ئارىسىدا تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، قازاقلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارالغان بەزى ئەپسانە، چۆچەكلەردە «كۈن ئاستىدىكى كۈنگەي» (يەنى بىر كۈن بولىمىز دېگىنى) ھەققىدە تەسىل قىلىنىدۇ [1]. ھازىر دۇنيادىكى ۋە دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار قەدىمكى ھۇنلارنىڭ نامىنى مانا مۇشۇ كۈندىن ئۆزگىرىپ يازما تارىخ بېتىگە چۈشكەن، دەپ قارايدۇ. چۈنكى قەدىمكى زامانىدىكى ھۇن تىلى ئاساسەن تۈركىي تىللار تەركىبىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى تەتقىقاتلار ئاساسىدا ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ.

ھۇن پادىشاھلىرىنىڭ ئۆز زامانىدا تەڭرىقۇت دەپ ئاتالغانلىقى، ھۇن قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا، چىقىپ كېلىۋاتقان كۈنگە باش ئېگىپ چوقۇنىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. غەربىي ھۇنلار ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ھازىرقى

شىمالىي شىنجاڭ دائىرىسىدىن تېپىلغان تاش ھەيكەللەرنىڭ يۈزى شەرققە (كۈنگە) قارىتىپ قويۇلغانلىقى[2] ئەلۋەتتە شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. قازاقلاردا ئايغا چوقۇنۇشنىڭ تەسىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. يېڭى ئاي چىققاندا، بەزى مويسىپىت ئادەملەر ئايغا قاراپ: «ئاي كۆردۇق، ئامان كۆردۇق، يېڭى ئاي جارىلقا (ياخشى خەيرخاھلىق قىلغىن دېگىنى)، كونا ئاي ئەسىرگە (مەدەت بەرگىن دېگىنى)» دۇئا قىلىدۇ.

قازاق خەلقىدە شامان دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن يۇلتۇزلارنى چوڭ بىلىش، ئۇنى ھەر بىر ئادەمنىڭ جېنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش، كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ كەلدى. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلسە، ئۇنىڭ «يۇلتۇزى يۇقىرى» دەيدۇ. بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ «يۇلتۇزى ئۆچتى» دەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسا، «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشاش بىر كۆرۈنۈپ ئۆچتى» دېيىشىدۇ.

2. قەدىمكى ھۇنلار ۋە ئۇيسۇنلارغا ئوخشاش، تۈركلەر مۇ شامان دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن، يەرنى (تاغلارنى ۋە ئاتا ماكانلىرىنى)، سۇنى، ئورماننى، ئوتنى، ھەتتا ئوت ـ چۆپلەرنىمۇ ئۇلۇغ كۆرگەن. تاغنى ئۇلۇغ كۆرگەنلىكىدىن «تەڭرى تاغ» ۋە «خان تەڭرى چوققىسى» ناملىرىنى قويغان بولسا كېرەك. بولۇپمۇ ئوتقا چوقۇنۇش تۈركلەردە كۈچلۈك بولغان. مىلادى VII ئەسىردە، غەربىي تۈرك خاقانى ئوردىسى تۇرغان سۇيئاپ شەھىرىگە كەلگەن بۇددا دىنى ئەربابى شۈەنزاڭنىڭ ئىزاھلىشىچە، تۈركلەر ئوتقا چوقۇنىدىكەن ۋە ياغاچ تەركىبىدە ئوت بار، دەپ چۈشىنىدىكەن[3]. شۇڭا ئۇلار ياغاچتىن ياسالغان ئورۇندۇقلارنى ئىشلەتمەيدىكەن. شۈەنزاڭنى قارشى ئالغان غەربىي تۈرك خاقانى ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا تۆمۈردىن ياسالغان ئورۇندۇق ئەكىلىشنى بۇيرۇغان[4].

ف. ئېنگېلس: «شامان دىنى ئىنسانىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم باسقان ۋاقىتتا پەيدا بولغان» دېگەن ئىدى[5]. ئۆز ۋاقتىدا ھۇنلارنىڭ، ئۇيسۇنلارنىڭ ۋە كېيىنرەك تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەم بۇ دىننىڭ ھەقىقەتەن قەدىمىي دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شاكىرىم خۇدا بەردى ئوغلى ئۆزىنىڭ «تۈرك، قىرغىز، قازاق ۋە خانلار شەجەرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «تۈركلەر قەدىمكى زاماندا بۇددا، خرىستىئان، زەردەشت دىنىغا ئوخشاش ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر خىل دىنى بولغان، ئۇنىڭ ئېنىقىنى بىلىپ بولمىسىمۇ، قەدىمكى زاماندىكى خىتايلارغا (خەنزۇلارنى دېمەكچى — ئاپتور) ئوخشاش، يەر، ياغاچ، تۆمۈر، ئوت، سۇ مۇشۇ بەش نەرسىنى ھۆرمەتلەيدۇ»[6]،

دەپ يازىدۇ. دېمەك قازاقلارنىڭ تەركىبىنى تولۇقلىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى قەدىمكى ھۇنلار، ئۈيسۇنلار، قاڭلىلار ۋە باشقىلارنىڭ شامان دىنى ئېتقادىغا ئاساسەن، تەبىئەتنى ئۇلۇغ سانىغانلىقى ئېنىق. ئۇلارنىڭ يەر، ياغاچ، تۆمۈر، ئوت ۋە سۇنى ئۇلۇغ سانىپلا قالماستىن، كۆك ئاسمانىنى، كۈننى، ئاينى، يۇلتۇزنى ئۇلۇغ كۆرگەنلىكى ھەققىدە يۇقىرىدا توختالدۇق. تۈركلەر «يىل ھېسابلىغاندا، شۇ بەش نەرسىنى (يەنى يەر، ياغاچ، تۆمۈر، ئوت، ۋە سۇنى — ئاپتور) 12 ھايۋان ئىس-مىغا قوشۇپ، 60 يىللىق ھېساب چىقارغان. مەسىلەن، چاشقان تۆمۈر يىلى، يولۋاس تۆمۈر يىلى دېگەنگە ئوخشاش»① دەپ يازىدۇ شاكىرىم خۇدا بەردى.

قازاق خەلق كالىندارىدا 12 ھايۋاننىڭ ئىسمى بويىچە يىل ھېسابلاش ئۇيۇش-مىلاشقان بولۇپ، بۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر، قەۋملەر زامانىدىن قالغان، تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىدۇر. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە 12 ھايۋان نامى بويىچە يىل ھېسابلاشتا، تۈركىي قەبىلىلەر زامانىدىكىدەك، تۆمۈر، ئوت قاتارلىق نەرسىلەرنى قوشۇپ ھېسابلىمايدىغان بولغان. شۇڭا، ھازىر قازاقلاردا يىل نام-لىرى چاشقان، كالا، توشقان، توخۇ، قوي ۋە ھاكازا دېيىلىپ، پەقەت ھايۋانلار نام-دا ئاتىلىدۇ. قازاقلارنىڭ 12 ھايۋان نامىدا يىل ھېسابلىشى «مۆچەل يىل ساناش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇغۇلغان يىلىڭىزنىڭ قايسى ھايۋان نامىدىكى يىل ئىكەنلىكىنى ئېي-تىپ بېرەلىسىڭىز بولغىنى، يىل ھېسابلاش ماھىرلىرى سىزنىڭ يېشىڭىزنى ھېسابلاپ چىقىدۇ. بۇ خىل يىل ھېسابلاشنىڭ خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر-دىمۇ بار ئىكەنلىكى (مەلۇم پەرقى بولسىمۇ)، بىزنىڭ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان ئىشتۇر. قازاقلارنىڭ 12 ھايۋان نامىدا يىل ھېسابلىشىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىنتايىن قىزىقارلىق ھېكايە بار. بۇ خىل يىل ھېسابلاشنىڭ قەدىمكى ھاي-ۋانلارغا چوقۇنۇش (توتېم) ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ يوق؟ ئۈيسۈن كۈنمو (كۈنبىي) سىنى بۆرىنىڭ ئېمىتىشى، كېرەيلەرنىڭ مارالنى توتېم قىلىشى، بىر نايمان-لاردا، «بۆرە — تۈرك خانلىرىنىڭ مۇستەقىل قوشۇنىغا بېرىلىدىغان نام بولغان»①لىقى، مانا بۇ قەدىمكى ئېتىقاد مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

3. قازاقلارنىڭ تەركىبىنى تولۇقلىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپلا قالماستىن، بۇددا ۋە خرىستىئان (نېستورىيان) دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار بار. لېكىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش قازاقلار ئىچىدە ئانچە كەڭ دائىرىدە بولمىغان ۋە شامان دىنىدەك چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىغان. قازاقلار ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ (تاكى XV —

XVI ئەسىرلەرگىچە) بەزى ئادەملەر «كىگىزدىن ياكى يىپەك رەختتىن ئادەم قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ ياسالغان بۇتلارغا يوشۇرۇن باش قويۇپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرغان»[10].

قازاق ئىچىدە ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنىڭ نۇرغۇن تارىخىي سەۋەبلىرى بولسا كېرەك. بۇ سەۋەبلەردىن مۇھىمى، مېنىڭچە، بەزى موڭغۇل قەبىلىلىرى (مەسىلەن، مانغىتلار ۋە باشقىلار) نىڭ قازاقلارنىڭ تەركىبىنى تولۇقلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، قازاق ئوتتۇرا يۈزى ۋە چوڭ يۈزى تەركىبىدىكى بەزى چوڭ قەبىلىلەر (مەسىلەن، نايمانلار، كېرەيلەر، جالايىرلار، دۇلاتلار، ئۇۋاقلار ۋە باشقىلار) X ـ XI ئەسىرلەردە، ھەتتا XII ئەسىرلەردىمۇ موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن يېقىن قوشنا ئىدى. چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ مەغلۇب قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز يۇرتلىرىدىن غەربكە ۋە غەربىي شىمالغا كۆچۈپ كەتتىمۇ، بىر قىسمى يەنىلا ئەسلى يۇرتلىرىدا قېلىپ قالغانىدى. ئۇلار كېيىنچە موڭغۇل تەركىبىنى تولۇقلىدى. يۇقىرىقى تۈركىي قەبىلىلەر موڭغۇللار بىلەن قوشنا ياشىغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن قازاقلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتلاردىمۇ، بىر قىسىم بۇتپەرەسلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئاكادېمىك بارتولدنىڭ يېزىشىچە، نايمانلار چىڭگىزخاندىن مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، نايمان خانىنىڭ ئوغلى كۈچلۈك باشلىغان نايمانلار 1209 ـ يىلى يەتتىسۇغا كېلىدۇ. «كۆپچىلىك نايمانلارغا ئوخشاش، باشتا كۈچلۈكمۇ خرىستىيان دىنىدا ئىدى. كۈچلۈك گۈرخانىنىڭ سابىق كېلىنى مەشھۇر قاراختاي ئايالىغا ئۆيلىنىدۇ»، «بۇ ئايال كۈچلۈكنى ئېزىقتۇرۇپ بۇتپەرەسلىك يولىغا باشلايدۇ. (ئېھتىمال، بۇددا دىنى بولۇشى كېرەك)»[11].

دېمەك، XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كۆپچىلىك نايمانلارنىڭ خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، نېستورىيان ئېقىمىدىكى خرىستىيانلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە چىركاۋلىرى بولغان. بۇ دىنىنىڭ مىسسىئونېرلىرىمۇ باشقا دىنلارنىڭ مىسسىئونېرلىرىغا ئوخشاش، ئوتتۇرا ئاسىياغا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ كېلىپ دىن تارقاتقان. لېكىن بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ (بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ) دا ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن. ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلار «گۈرخان ھۆكۈمرانلىقى بىلەن چىقىشالمىغىنىغا ئوخشاش، كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقى بىلەنمۇ ئەپلىشەلمەس ئىدى»[12]. شۇڭا، چىڭگىزخانىنىڭ جەبەنويان قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ

كىشىلىك قوشۇنى ئۇنىڭغا قارشى ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن ئايرىلىپ قالغان نايمان خانى كۈچلۈك 1218 - يىلى مەغلۇپ بولدى.

ئۇ زامانلاردا خرىستىيان دىنىغا نايمانلارغا ئوخشاش، كېرەيلەرمۇ ئېتىقاد قىلغان. «راشىددىنىڭ بېلەرنىڭ (بەگلەرنىڭ) ئاغزىدىن يېزىۋېلىشىچە، نايمان ۋە كېرەيلەر تارىخىي زاماندا سودىگەرلەر، مىسسىونېرلار ئارقىلىق نېستورىيان (ئەيسا) دىنىنى دەستۇر قىلىپ، شۇلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەرمىنىيەدىكى، سۈرىيەدىكى دىن باشقۇرۇش ئورۇنلىرى بىلەن خەت ئېلىشىپ تۇرغان». «نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كېرەي ۋە نايمان قىزلىرى پۈتۈنلەي چىڭگىزخاننىڭ بالىلىرىغا تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا چوڭ تەسىر قىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوكداينىڭ تۇرگان خاتۇنى بىلەن تولىينىڭ ئايالى سۇرتوختى بىكەم بار. بۇ سۇرتوختى كېرەي تۇن خاننىڭ نەۋرىسى، ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. ئۇ ئۆزىدىن تۇغۇلغان تۆت بالىسى — مۆڭكە، قۇبلاي، ئالاۋكە (ھولاكۇ)، ئارىق بوقاغا بىلىم بەرگەن...».

نېستورىيان دىنىنىڭ تەسىرى يەتتىسۇدىكى قازاقلارنىڭ تەركىبىنى ئۇلۇقلىغان. تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ تارقالغانلىقى ئېنىق. ئەلكەي مەرغۇلاننىڭ يېزىشىچە، «يەتتىسۇدا نېستورىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قەبىلىلەر چەكىتلەر، تاگىللار، قارلۇقلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئىشلىرىدا كۆپىنچە كۈنگە، ئايغا چوقۇنۇپ، بارلىق ئۈمىدىنى شۇنىڭغا بېغىشلىغان»[1]. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دۇنيانى يورۇتۇپ تۇرغان بىرلا كۈن» دەپ يېزىشىمۇ مۇشۇ ئېتىقادلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

«قازاق س س ر تارىخى» نىڭ 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدا «VII — VIII ئەسىرلەردە جەنۇبىي ۋە شەرقىي قازاقىستانغا خرىستىيان دىنىنىڭ بىر سېكتاسى (بىر تەركىبىي قىسمى دېمەكچى) — نېستورىيان كىردى»[2] دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋىمىزكى، قازاقلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي دىنى شامانىزمدىن باشقا، بۇددىزم ۋە خرىستىيان دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. بولۇپمۇ ھازىرقى جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مەنسۇپ بولغان نايمان، كېرەي قەبىلىلىرىنىڭ خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

4. قازاقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئىنتايىن ئۇزاق جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. «قازاق س س ر تارىخى» دا يېزىلىشىچە، «ئىسلام دىنى جەنۇبىي قازاقىستاندا VIII ئەسىردە كىرىشكە باشلىغان». «X ئەسىردە ئىسلام دىنى يەتتىسۇغا،

ئاندىن كېيىن ئوتتۇرا قازاقستانغا كىرگەن» . بۇ دەۋر قازاق تارىخىدىكى مۇھىم بىر دەۋر بولغان قارلۇق خانلىقى (مىلادى 766 - يىلىدىن 940 - يىلغىچە) دەۋرىگە مەنسۇپتۇر.

قازاقلارنىڭ تەركىبىنى تولۇقلىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى قاراخانىلار دەۋرىدە ناھايىتى كۈچەيگەن. «ئىبنى ئەلئەسىر ھىجرىيە 349 - يىلى (مىلادى 960 - يىلى) دا، 200 مىڭ چېدىرلىق قانداقتۇ بىر تۈركىي خەلق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، دەپ يازىدۇ. بۇ مەلۇماتنىڭ يەتتىسۇ ياكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق. بۇلارنىڭ يەتتىسۇدا ياشىغۇچى خەلق بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا كۆچمەن خەلقنىڭ سانى ھېچقاچان كۆپ بولغان ئەمەس» .

ئاكادېمىك بارتولد ئىبنى ئەلئەسىردىن ئېلىپ تەھلىل قىلغان. بۇ تارىخىي ۋەقە، شۇ زاماندىكى كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەتتىسۇدىكى تۈركىي قەبىلىلەردىن ئۆز ۋاقتىدا قاراخانىلارغا قاراشلىق بولغان بەزى قەبىلىلەرنىڭ كېيىنچە قازاق تەركىبىنى تولۇقلىغان قەبىلىلەر بولۇپ قالغانلىقى ھەممىگە ئاياندۇر.

بارتولد يەنە: «1043 - يىلى كۈزدە، ھازىرقى قىرغىز دالاسى (قازاق دالاسىنى نەزەردە تۇتىدۇ B.M) دىكى تۈركلەر مۇسۇلمان بولدى. ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ سۆزىچە، بۇ تۈركلەر 10 مىڭ چېدىرلىق بولۇپ يازدا بۇلغار يەرلىرىگە قوشنا يەرلەردە، قىشتا بالاساغۇن ئەتراپىدا ياشىغان ئىكەن» ، دەپ يازىدۇ.

دېمەك، X - XI ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا (يەتتىسۇ) ۋە قازاق دالاسىدىكى بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى قارلۇق خانلىقى (766 — 940 - يىللار) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلىنىپ، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. كېيىنچە ئاستا - ئاستا قاراخانىلار خانلىقى دائىرىسىگە كىرمىگەن قازاق دالاسىغا كېڭەيگەن. قازاق چوڭ يۈزى ۋە كىچىك يۈزىدىكى قازاقلار (قازاق دالاسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكىلەر) نىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى يۇقىرىدا يازغىنىمىزدەك، خېلى بۇرۇن باشلانغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ قازاق ئوتتۇرا يۈزىگە (قازاق دالاسىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىغا) تارىلىشى خېلى كېيىنكە سوزۇلغان ۋە ناھايىتى ئەسكە توختىغان.

قازاقلار ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ، مەشھۇر خانلاردىن قاسىم خان، ئەسىم خان ۋە تەۋەككەلخانلار دەۋرىدە (XVI ئەسىرنىڭ بېشىدىن XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە). قازاقلار ئۆزلىرىنىڭ «قاسىم خاننىڭ قاشقا يولى»،

«ئىسىم خاننىڭ كونا يولى»، تەۋكە خاننىڭ «يەتتە يارغۇ» قانۇنى قاتارلىق ئۆرپ ـ
ئادەت قانۇنلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى
چەكلىدى.
قازاق خاندانلىقلىرى زامانىدا، قازاق خانلىرى ۋە بەگلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ـ
نىڭ تارقىلىشىغا نىسبەتەن سوغاق مۇئامىلىدە بولۇشى قازاق دالاسىدا ئىسلام شەرىـ
ئىتى تەشۋىق قىلىنىدىغان ماكان بولغان مەسچىتلەرنىڭ سېلىنىش ۋاقتىنى خېلى كېـ
چىكتۈردى. بولۇپمۇ چوڭ يۈز قازاقلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئوتتۇرا يۈز قازاقلىرى
ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مۇسۇلمان مەسچىتلىرى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن سېلىنغاندى.
دۆلىتىمىزنىڭ چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى
تىنجىتقاندىن كېيىن، چيەنلۇڭ خان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە يول قويۇدىغانلىقىنى
بىلدۈردى. ئىلى، ئالتاي ۋە تارباغاتايغا ئورنىشىش شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاقلار
ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىمۇ مانا شۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشـ
لىرىدىن باشلاپ مەسچىت سېلىنغان.
دېمەك، كۆچمەن قازاقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ يىلتىز تارتىپ ئۆرۈشى
قىيىنغا توختىغان. قازاقلار ئارىسىدا ئەزەلدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن شاـ
مان دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئورۇن ئېلىشىغا توسالغۇ
بولدى. شامانلار (باخشىلار) داۋاملىق ئىسلامىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلاتتى. «بۇنـ
داق قاتتىق كۈرەش، بولۇپمۇ XIV ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرىدا بولغان. بۇ يىللار
ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانى تارماشارىنگە باخشىلار (شاـ
مانلار) قارشى چىقىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان. قىپچاق دالاسىنى ئىسلام
دىنىغا زورلاپ كىرگۈزۈشنى ئويلىغان ئۆزبېك خانغا باخشىلار باشلىغان خەلق قارـ
شى تۇرغان، ئۆزبېك خانى ئۇلارنى قاتتىق جازاغا تارتقان، بىر باخشىنىمۇ تىرىك
قالدۇرمىغان. ئۆزبېك خانى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ياقىسىدىكى قورقىت ماۋزۇ
لەيى (خەۋپىسى) تۇرغان يەرگە خاتىرە تاش تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا «قورقىتقا ئەگىشىپ
ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرماڭلار» دەپ يازغۇزغان [18].
XV — XVI ئەسىر، ئىسلام دىنىنىڭ قازاقلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىشىغا يۇقىرىـ
قىدەك، بىر تەرەپتىن، شامانلار قارشى ھەرىكەت قىلسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، قازاق
خانلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە قارىمۇ قارشى ھالدا قازاقلار ئومۇميۈزلۈك بويسۇنـ
غان، «يارغۇ» ناملىق قانۇنلارنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىشى نۇرغۇن توسالغۇلارنى ئېلىپ
كەلدى.

مۇشۇ سەۋەبلەردىن، قازاقلار ئارىسىدا شامان دىنىي ئېتىقادى ئۆز ئارا ماسلاشقان، ئارىلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. شامانلار ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كۈندىن-كۈنگە ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋاتقان ئىسلام دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئۆزلىرىنى پەردىزلىدى.

«مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تازىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن مۇسۇلمان دىنى دەپ ئاتىلىدىغان بىر دىن كېلىپ چىقتى. بۇ دىندىكىلەر مۇھەممەتنى بىلمىسىمۇ، ئاللاغا ئىشىنىدى، شۇنىڭدەك ئونگونلارغا (روھلارغا) چوقۇنۇپلا قالماستىن، مۇسۇلمان ئەۋلىيالىرىنىڭمۇ مازارلىرىغا بېرىپ قۇربانلىق مال سويىدىغان بولدى. باخشىغا ئىشىنىدى، ھەم مۇھەممەت خوجىلىرىنىمۇ ھۆرمەتلىدى» دەپ يازدى چوقان ۋەلىخانوۋ.

XVIII — XIX ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى پۈتۈن قازاقلار ئارىسىدا بىردىنبىر ئاساسىي دىنغا ئايلاندى. لېكىن شامان دىنىي ئېتىقادىمۇ مەلۇم دائىرىدە ساقلىنىپ قېلىۋەردى. مەن ئەمدى تۆۋەندە دىنىي ئېتىقادلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن بەزى ئۆرپ-ئادەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## II قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا

قازاقلارنىڭ ئومۇمىي مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا بۇ ماقالىدە يېزىپ ئولتۇرۇش تەسكە توختايدۇ. مەن قازاق ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ پەقەت دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن. قازاق ئېتىقاد قىلغان يۇقىرىقى دىنلاردىن قازاقلار ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان دىنلار شامان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، قازاقنىڭ بەزى ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ئەڭ كەڭ دائىرىدە مۇناسىۋەتلىك بولغان دىنلار ئەلۋەتتە ئىسلام دىنى ۋە شامان دىنىدۇر. خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنىي ئېتىقادلىرىغا ياتىدىغان ئادەتلەردىن قازاقلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغىنى، يوق دېيەرلىك.

1. قازاقلارنىڭ بەزى خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلىرى شامان دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. يۇقىرىدا ھۇنلار، ئۇيسۇنلار، تۈركلەر، قارلۇقلار ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىكى شامان ۋە ئىسلام دىنىي ئېتىقادلىرى توغرىسىدا يازغىنىمدا، شامان دىنىي ئېتىقادىنىڭ قازاقلار ئارىسىدىكى تەسىرى ھەققىدە ناھايىتى قىسقىلا توختالغان ئىدىم. تۆۋەندە شامان دىنىي ئېتىقادىنىڭ قازاقلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىل-

غاندىن كېيىنمۇ يوقالماي ساقلانغانلىرى ۋە بەزىلىرىنىڭ قانداق خۇراپىي ئېتىقاد ۋە كونا ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە توختىلىمەن.

شامان دىنىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى دىن كېيىنكى زامانلارغىچە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان قازاقلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

1) ئوتنى ئۇلۇغ ساناش، ئۇرتقا چوقۇنۇش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن قازاقلاردا ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بولسا كېرەك. شۇڭا بۇ خىل قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، مەسىلەن، قازاقلاردا تاكى ھازىرغىچە ياش كېلىن قېيىنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئوتقا ماي سېلىپ «ئوت ئاتا، ماي ئانا، جارىلقا (خەير - خاھلىق قىلغىن)» دېيىش ئادىتى بار، بۇ ئوت جىن - شەيتانلارنى قوغلايدۇ، كېسەل ساقايتىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن بولسا كېرەك. كىچىك باللارنى (بۆشۈكتىكى بوۋاقنى ۋە كېسەل بولغان باللارنى) ئوت بىلەن ئوتلاپ قاقىدۇ.

2) شامان دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن، مالنىڭ سۆڭىكىگە قاراپ پال ئېچىش ئادىتى قازاقلاردا كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، پال ئاچقۇچى ئاچ-قۇزغۇچنىڭ كەلگۈسىدە باي ياكى كەمبەغەل بولۇشى، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنى «ئالدىن پەرەز» قىلىدۇ. خەلق ئىچىدە بۇرۇن بۇ ئىشنى مەخسۇس قوشۇمچە كەسىپ قىلغانلار بولغان.

قازاق ئىچىدە يىراق يول ماڭىدىغانلار ياكى يىراق يولدىن قايتىپ كېلىدى-غانلار ھەققىدە «ئالدىن پەرەز» قىلىپ قۇملاق سالغۇچىلار بار ئىدى. بۇ خىل ئادەتمۇ شامان دىنى ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

قازاق خەلقى ئىچىدە ئادەمنىڭ يۈزىگە، قوللىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى، تەلىيى ھەققىدە «پەرەز» قىلىدىغان ئادەملەر بار ئىدى. بۇ خىل ئادەتنى قوشۇمچە كەسىپ قىلغان ئادەملەرنى قازاقلار «قۇچناش» دەپ ئاتايدۇ.

3) قازاق قەبىلىلىرى ئارىسىدا شامان دىنى ئېتىقادى بويىچە، تىرىك روھقا، باخشىغا، ئەرۋاھقا ئىشىنىش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. شۇڭا ئىسلام دىنى قازاق تەركىبىنى تولۇقلىغان تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىنمۇ، شامان ئېتىقادى ئىسلام دىنى ئېتىقادلىرىغا ماسلىشىپ داۋام-لىشىۋەرگەن.

4) شامانلارنى كۆك تەڭرىسى ۋە ئانا - بوۋا روھى قوللايدىغان ئادەملەر دەپ قارىغانلىقتىن، قازاق قەبىلىلىرى ئارىسىدا باخشىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ئىشىنىش، ئاغرىپ قالسا ئۇلارغا داۋالىتىش ئادەتلىرى داۋاملىشىپ كەلگەن. باخشى-

لار مۇشۇ پۇرسەتتە، شامان ئېتىقادىنى تەشۋىق قىلىپ، «ھەممە كىشىلىكلەر تەڭرى
ۋە ئاتا - بوۋا روھىنى ھۆرمەتلىمەسلىكتىن بولىدۇ» دېيىشەتتى. شۇڭا قازاقلار
ئارىسىدا، ئوتنىڭ ئورنىنى دەسسىمەسلىك، ئۆلگەن ئادەم ياتقان يەرنى دەسسىمەس-
لىك ئادىتى بار. رېماتىزم ۋە روھىي كېسەللىكلەرنى شامانلار بۇ خىل ئادەتنى
بۇزغانلىقتىن بولدى، دەيتتى. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئوغۇزخان يېنىدىكى مەسلى-
ھەتچى، ئېگىز بويلۇق، ئاپپاق كۆمۈچ ساقاللىق شامان بوۋاينىڭ ئوبرازى ئۆز زاما-
نىدا شامانلارنىڭ تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ.

5) شامان دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن، تەبىئەتكە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چو-
قۇنۇش قازاقلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. كۆك ئاسمان-
غا، يۇلتۇزغا، ئايغا، كۈنگە، تاغقا، ئورمانغا، ھەتتا ئوت - چۆپلەرگە چوقۇنۇش
ئادىتىنىڭ ھۇنلار، تۈركلەردىن قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قازاق ئارىسىدىكى تەسىرىنى
يۇقىرىدا يېزىپ ئۆتكەن ئىدىم. مۇشۇ خىل يىلتىزى چوڭقۇر ئېتىقادقا ئاساسەن،
خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە - چۆچەكلەردە: «ئاسماندىمۇ ئادەمزات بار، ئۇلار
بەلباغنى بويىدىن باغلايدۇ؛ يەر ئاستىدىمۇ ئادەم بار، ئۇلار بەلباغنى ئايىغىدىن
باغلايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈن، ئاي، يۇلتۇزلىرى بار» دېيىشىدۇ.
كۆك ئاسماننى ئۇلۇغ ساناش ئاسمان خۇداسى «كۆك تەڭرى»گە چوقۇنۇش ئاسا-
سىدا، ئادەتتە خەلق ئىچىدە بايلار، مەنسەپدارلار، باتۇرلار ئۆزلىرىنى «قارا كۆك-
نىڭ ئەۋلادى» دەپ ھېسابلايدىغان، ئاچچىقى كەلسە «كۆك ئۇرسۇن» دەپ تىللاي-
دىغان ئادەت كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن
ئۇرۇشۇپ قالسا، ئاسمانغا قاراپ نالە قىلىشتىن قورقىدىغان، ئوت - چۆپلەرنى
يۇلۇش، ئورمانلارنى كۆيدۈرۈشنى ئېغىر ئالىدىغان ئادەتلەرمۇ بار.

6) شامان ئېتىقادى بويىچە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋە قەھرىمان - باتۇرلارنىڭ
ئەرۋاھلىرىغا چوقۇنۇش، ئۇنى ھۆرمەتلەش، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش ئادىتى قازاق-
لار ئارىسىدا تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ كەلدى. قا-
زاق ئۈچ يۈزىدىكى چوڭ قەبىلىلەردە، ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنى ياكى شۇ قەبىلىدىن
چىققان مەلۇم باتۇرلارنى ئۆزلىرىگە شوئار قىلىش ئومۇملاشقان. مەسىلەن،
XVIII ئەسىردە جوڭغار فېئوداللىرىغا قارشى يۈرگۈزۈلگەن ئۇرۇشلاردا، ئاتاقلىق
خان ئابلاي، مەشھۇر باتۇر قابانباي ۋە بۆگەنباينى پۈتۈن قازاقنىڭ شوئارىغا
ئايلانغان دېيىشكە بولىدۇ. ھەر قايسى چوڭ قەبىلىلەردىن تارتىپ كىچىك قەبىلىلەر
گىچە، ئۆز شوئارىغا ئايلانغان ئادەملىرى بار. ھەر قانداق بىر «ئاۋۇل» ۋە ئۇنىڭ

ئەزاسى ئۆزىنىڭ قازانغان نەتىجىسىنى «ئەرۋاھلارنىڭ قوللىشىدىن بولدى» دەپ قاراش ئادىتى بار ئىدى.

7) شامان ئېتىقادىغا ئاساسەن، قازاقلاردا يېڭى ئاي تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە سالام بېرىپ، دۇئا قىلىش ئادىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن زىچ ئارىلىشىپ كەتكەن. «ئاي كۆردۇق، ئامان كۆردۇق، يېڭى ئايدىن جارىلقا (ياخشىلىق بولسۇن)، كونا ئايدىن ئەسىرگە (مەدەت بولسۇن)» دەپ دۇئا قىلىش چارۋىچىلىق رايونىدىكى قازاقلار ئارىسىدا ھازىرمۇ بار.

8) قازاقلارنىڭ توي قىلغاندا ياش كېلىنىڭ ئوتقا ماي تاشلىشىدىن ئىبارەت شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ تەسىرى ساقلانغاندىن باشقا، ئۆلۈم ئۆزىتىش ئىشلىرىدىمۇ شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ تەسىرى ساقلانغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن، قازاقلاردا ئۆلۈك ياتقۇزۇلغان ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا يەتتە ياكى توققۇز يىلقا، بولمىسا باشقا مالنى ئەكىلىپ، مەلۇم رەسمىيەتلەر ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئۇ ماللارنى قەبرە بېشىغا ئاپىرىپ سويىدىغان يەنى ئالا تانا بىلەن باغلانغان يىلقىنى ياكى باشقا مالنى مەلۇم رەسمىيەتلەردىن كېيىن ئىسلام دىنى موللىسىغا ياكى يېتىم باللارغا، غېرىب - مۇساپىرلارغا بېرىۋېتىدىغان ئادەت ساقلىنىپ كەلگەن.①

9) شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ قازاقلار ئارىسىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خىلمۇخىل تەسىرلىرى مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، يازدا دەسلەپ چاقماق چاققاندا، ئاياللار چۆمۈچىنى كۆمۈرۈپ تالاغا چىقىپ، «سۈت كۆپ، كۆمۈر ئاز» دەپ ئىشىك بوسۇغىنى ئۇرۇش، قۇرغاقچىلىق بولغاندا مال سويۇپ (بۇنى قازاقلار «تاساتتىق» دەيدۇ) يامغۇر تىلەش، ئاغرىپ قالغانلارنى سۇ پۈركۈپ داۋالاش (ئۇچۇغداش)، كونا توتېم قاراشلىرى ئاساسىدا چارۋىلارنى ساتقاندا، بولۇپمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئات، بۈركۈت ئىتلارنى باشقىلارغا بەرگەندە، ئات بولسا يۈگىنىنى، بۈركۈت بولسا تۇمىقىنى، ئىت بولسا زەنجىرىنى ئېلىپ قېلىش ۋەھاكازا ئادەتلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

2. قازاقلارنىڭ بەزى ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاقلىقى بار. لېكىن بەزىلىرىنىڭ بولسا، قازاقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماسلاشقان ۋە ياكى شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن سىڭىشكەن ئالاھىدە تەرەپلىرى بار. بىز بۇ ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن بىر مۇنچىسى ھەققىدە توختىلايلى.

1) ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنى «خۇدانىڭ قۇلى، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى» دەپ قاراش، ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا، كى-

چىكەر چوڭلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىش، تاماقنى «بىسمىللا» دەپ يېيىش، تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قازاق مىللىتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش بولغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ يەنە قىسمەن ئالاھىدىلىكىمۇ مەۋجۇت.

مەسىلەن، قازاقلار بالاملاشقاندا، مۇسۇلمان ئادىتى بويىچە سالام قىلغاندىن كېيىن، ئۆز تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن ناھايىتى تەپسىلىي سالاملىشىپ، ئامانلىق سورىشىدۇ. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلغاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپلا توگىتىۋەتمەستىن، ئالدىدا قازاق ئادىتى بويىچە «باتا» (شېئىر تىلى ۋە ياكى قارا سۆز بىلەن رەھمەت ئېيتىش، بەخت ـ سائادەت تىلەش) قىلىپ، ئاندىن ئاخىرىدا ئاللاھۇ ئەكبەرنى ئېيتىدۇ.

2) ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن، ئومۇملاشقان «روزا ھېيت» ۋە «قۇربان ھېيت» بايراملىرى ئۇزۇن زامانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ھازىر مىللىي بايرامغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇش، قۇربانلىق قىلىش ۋە ئۆز ئارا ھېيتلاش جەھەتلەردە باشقا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش.

3) ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن، قازاقلاردا بالا تۇغۇلغاندا «ئەزان» چاقىرىدۇ. ئوغۇل بالا ئۈچ، بەش ياكى يەتتە ياشقا كىرگەندە «سۈننەت» تويى قىلىپ، ئۇنىڭ رەسمىي مۇسۇلمان بولغانلىقىنى تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ ئادەتتىمۇ قازاقلار باشقا ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان مىللەتلەرگە ئوخشاش.

4) قازاقنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش رەسمىيەتلىرىدە ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇرئان ئوقۇلىدۇ، ناماز چۈشۈرۈلۈپ، يىغا ـ زارە ئىچىدە يەرلىككە قويۇلىدۇ، قۇرئان ئوقۇلىدۇ. ئۈچ كۈندە بىر قېتىم، يەتتە كۈندە بىر قېتىم، قىرىق كۈندە بىر قېتىم نەزىر بېرىلىدۇ، بىر يىل توشقاندا يىل نەزىرى بېرىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆتىلىدىغان باشقا رەسمىيەتلەرمۇ باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ئوخشايدۇ.

5) ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، قازاقلار ئارىسىدا بالىلارنىڭ ئىسمىنى قۇرئانغا قاراپ قويۇش خېلى ئومۇملاشقان. بۇندىن باشقا پەيغەمبەرنىڭ، چوڭ موللىلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېكمەتلىك دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن «تۇمار» يازغۇزۇپ بالىلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ ياقىلىرىغا تىكىپ قويۇش ئادىتى ھەم بولغانىدى. بۇ ئادەت كېيىنچىرەك ئاستا ـ ئاستا ئازلاپ كەتتى.

6) قازاق رايونلىرىدا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، XIX ئەسىردە ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مولللار، قازىلار، دىنىي ئۆلىمالار خېلى كۆپەيگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قازاق ئاياللىرىنىڭ قوشۇقچە ئىسىم قويۇشىدا، «موللا ئاتاي،

«مۇللا ئاكا»، «مۇللا ئۇكا»، «مۇللا بالا» دېيدىغان ئىسىملارنى قويۇش ئومۇملاشقانىدى. بۇ ئادەت بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ئازادلىقتىن كېيىن ئاستا-ئاستا ئازايدى.

7) قازاقلارنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەت قانۇنلىرىغا (بۇ قانۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇتقان مەيدانى ھەققىدە يۇقىرىدا توختالغانىدۇق) ئاساسەن، ئەسلىدە قازاقلار ئارىسىدىكى ماجىرالارنى «بىيلەر سوتى» (بەگلەر سوتى) ھەل قىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشىنىڭ چىددىيلىشىشى ۋە كېڭىيىشى جەريانىدا قازىلار تەسىس قىلىندى. لېكىن قازاق ئارىسىدا قازىلارنىڭ ئابرويى يەنىلا ياخشى تىكلىنىپ كېتەلمىدى. يەنىلا بىيلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

8) ئىسلام دىنى ئېتىقادى دۆلىتىمىزدىكى قازاقلار ئارىسىدا ھازىر يېزىلاردىكى يېشى چوڭ ئادەملەردە خېلى ئومۇملاشقان، تەسىرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شامان دىنى ئاساسىدىكى بەزى قەدىمدىن قالغان ئېتىقاد-لىرىنىمۇ ئىسلام دىنى بىلەن زىچ باغلايدۇ. ياش ۋاقتىدا دىنىي ئېتىقادى ئانچە كۈچ-لۈك بولمىغان بەزى ئادەملەرمۇ، قېرىغاندا دىنىي ئېتىقادى كۈچىيىپ، ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا كۆڭلىگە بەش ۋاخ (ياكى ئۈچ ۋاخ) ناماز ئوقۇش، ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇش ۋە باشقا دىنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆتەش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. ھەتتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن شارائىتى بار ئادەملەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاتالغان مۇقەددەس جايى مەككىگە بېرىپ «ھاجى» بولۇپ كېلىشى بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

9) ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ قازاقلارنىڭ ئاغزاكى تارىخىي ھېسابىدىكى «قازاق شەجەرىسى»گە مەلۇم تەسىرى بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ قازاقلار ئارىسىدى-كى تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بەزى مولللار قازاق شەجەرىسىنىڭ ئە-لىدىكى نۇسخىلىرىنى بۇرمىلاپ، قازاق مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئەرەبلەرگە، ئىسلام دىنىغا باغلاپ يېزىپ، ئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىش رولىنى ئوينىدى. بىراق بۇ خىل ياسالما شەجەرىلەرنى قازاق خەلقى ئاساسەن قوبۇل قىلمىدى.

10) بۇرۇن قازاقلاردا ئائىلە ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاتا-ئانا ئىگىدارلىق قىلاتتى، بەزىدە بۇ خىل نىكاھقا رازى بولمىغان ياشلارغا «بۇ سېنىڭ ئاللا پېشانەڭگە يازغان جۈپتۈڭ» دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرەتتى ھەم نىكاھ ئوقۇش، نىكاھ سۈيىدىن ئىچكۈزۈش ئادىتى ئومۇملاشقانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ خىل ئادەت يېزىلاردا پەقەت قوشۇمچە رەسمىيەت بولۇپ قالدى. شەھەرلەردە ئىشلەۋاتقان كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ئىشچىلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي تاشلىنىۋېتىلدى.

11) ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا، مەملىكىتىمىزدىكى قازاقلار ئارىسىدا، ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن روزا تۇتقان ئايدا «رامىزان» ئېيتىش ئادىتى بار ئىدى. رامىزاننى، روزا تۇتقان ئاينىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا بولۇپ ئومۇمەن ئۈچ قېتىم ئېيتاتتى. رامىزاننى ئاساسەن باللار ئېيتاتتى، ھازىر بۇ خىل ئادەت قازاق يېزىلىرىدا كىچىك دائىرىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

12) ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئاتاپ ھەر دائىم ئەسلەپ قۇرئان ئوقۇتۇش قازاق يېزىلىرىدا ھازىرغىچە خېلى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت.

قازاقلارنىڭ شامان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئېتىقادلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرساق، ئەلۋەتتە، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلەر ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى قازاقلار XIII — XIV ئەسىردىن باشلاپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىر دىنلىق مىللەتكە ئايلانغانىدى. شامان دىنىنىڭ XIII — XIV ئەسىردىن تاھازىرغىچە قازاق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان تەسىرىنى قەدىمكى دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرى دېمەي بولمايدۇ.

## III) دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم

بۇ ماقالىدە ئەسلىدە پەقەت قازاقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ ئۆتمۈش تارىخى ۋە ھازىرقى ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل - تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنمەكچى ئىدىم. لېكىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى جەھەتلىرىدە، جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان خاتا خاھىشلار ۋە مۇجمەل قاراشلارنىڭ بەزى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىدا گاڭگىراپ يۈرۈشىگە سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ قالدىم. شۇڭا بۇ ماقالىدە دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە بەزى قاراشلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىمەن.

قازاقلارنىڭ شامان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاستا - ئاستا مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ، يېڭىلىك بىلەن چەكلەش ۋە زەربە بېرىش ناچار ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كېلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇلارنى مۇۋاپىق تەشۋىق - تەربىيە

(ئاتېئىزم تەربىيىسى) ئارقىلىق تۈزىتىشكە تېگىشلىك خۇراپىي، قالاق ۋە ناچار ئۆرپ-ئادەتلەردىن قەتئىي پەرقلەندۈرۈش لازىم. بىزنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىز ۋە يېڭى زاماندا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلىرىمىز ئەگەر بۇ جەھەتتە سەگەك ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتمىسا، ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويسا، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامان تەلپىگە ماسلىشالماي قېلىشى تەبىئىي.

1. شامان دىنىنىڭ قازاقلار ئارىسىدا ئاساسىي دىن بولۇشتىن قالغانلىقىغا نەچچە يۈز يىل بولۇپ قالدى. قازاقلارنىڭ تەركىبىنى تولۇقلىغان بەزى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىغا مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى يۇقىرىدا تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا ئىزاھلىدىم. لېكىن شامان دىنىدىن ئىبارەت قەدىمكى دىن ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قازاقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ماسلىشىپ ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەسىرىنى بىردىنلا يوقىتىش تەس، بولۇپمۇ مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنلىرىنى ئورۇنسىز چەكلەپ ئاۋارە بولماسلىق لازىم. مەسىلەن، شامان ئېتىقادى ئاساسىدا ئوتنى ئۇلۇغ ساناش بۇرۇن قازاق قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئادەت بولغانلىقتىن، قازاق ئاۋۇللىرىدا ياش كېلىن قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئوتقا ماي سېلىپ «ئوت ئاتا، ماي ئانا، جارىلقا» (مەدەت بەرگىن) دەپ باش ئېگىپ سالام قىلىش ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئادەتنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ سۈرۈشتۈرمەيدۇ. بۇ ئادەت ئېلىمىزدە شەھەرلەردە ئورۇنلاشقان كادىر ۋە زىيالىيلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بالدۇرلا قېپقالدى. يېزىلاردىمۇ ئاستا-ئاستا ئۆزلۈكىدىن قېپقېلىشى تەبىئىي.

لېكىن يۇقىرىدا يېزىپ ئۆتكەندەك، شامان دىنى ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللىنىپ ھازىرغىچە مەلۇم دائىرىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى خەلقىمىزنىڭ تاشلىۋېتىشىنى تەكلىپ قىلىمەن.

مەسىلەن، ئاغرىقلارنى ئوتلاپ قېقىش، ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرسەتمەسلىك، تۇرمۇشتا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرمەي، ئىلاھ-ئەرۋاھلاردىن مەدەت كۈتۈپ يۈرۈش، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سىرلىق كۆرۈپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە سەل قاراش، پال ئاچقۇزۇش ۋە باشقا خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلەر ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. بۇلارغا «مىللىي ئۆرپ-ئادىتىمىز» ئىدى دەپ ئېسىلىۋېلىش، خەلقنىڭ نادانلىقتا قېلىۋېرىشىنى راۋا كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2. ئىسلام دىنى دۆلىتىمىزدىكى قازاق مىللىتى ئارىسىدا بىر دىنىي ئاساسىي دىندۇر. ئۇنىڭ قازاق رايونلىرىغا تارقىلىشىنىڭ كېيىنرەك بولۇشى، ھەتتا بەزى رايونلاردا XV — XVI ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن ئاساسىي دىنغا ئايلىنىشى، بۇ دىنغا نىسبەتەن ئېتىقادنىڭ قازاقلار ئارىسىدا ئاجىزلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىسلام دىنى ئېتىقادلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ھازىر قازاقلارنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتىگە ۋە مىللىي بايرىمىغا ئايلىنىپ كەتكەن دىنىي تۈسى قويۇق ئۆرپ-ئادەت، بايراملارغا چوقۇم توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم. بەزى ئادەملەر بۇ ئىشقا سەل قارايدۇ، ياكى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ. مەسىلەن، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، يېشى چوڭ ئادەملەرنىڭ روزا تۇتۇشىغا، ناماز ئوقۇشىغا، مېيىت نامىزى چۈشۈرۈش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا قالايمىقان ئارىلىشىش ۋە ئۇنى چەكلەش ھاجەتسىزدۇر. بىز پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە قەتئىي رىئايە قىلىشىمىز لازىم. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈش، باللارنى سۈننەت قىلدۇرۇش ۋە سۈننەت تويى ئۆتكۈزۈش، ھېيت نامازلىرى ئوقۇش، تاماق ئۈستىدە دۇئا قىلىش قاتارلىق مىللىي بايرام ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ئايلانغان ئادەتلەر ۋە پائالىيەتلەرگە مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ھازىر بەزى ئادەملەر دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى ھەققىدە سۆزلەشنىلا خالايدۇ، دىنغا ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكىنىمۇ بار ئىكەنلىكىنى سۆزلەشنى خالىمايدۇ، ھەتتا دىنغا ئىشەنمەيدىغان ياكى ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدىغان ئادەملەرگە سوغاق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاپ، ئەۋا-تېرىپ، ئۇلارنىڭ كەڭ ئامما ئىچىدىكى ئابرويىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارغا دىنىي تەشۋىق قىلىدۇ، ئۇلارنى دىنغا ئىشىنىشكە زورلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى چەكلەش ۋە تەربىيە بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

3. دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ھەقىقىي توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشالايدىغان بىلىملىك ئادەم بولۇپ يېتىلىش ئۈچۈن، كەسپىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش لازىم. بولۇپمۇ ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ھەققىدىكى تەلىملىرىنى ئوبدان ئۆگىنىش بىزنى جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە توغرا باھا بېرىشكە يېتەكلەيدۇ.

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىدىكى كادىرلىرىمىز، كەڭ زىيالىيلىرىمىز، بولۇپمۇ كوممۇنىستلىرىمىز ئالدى بىلەن ئۆزى ماركسىزم-لېنىنىزم

نەزەرىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنسە، ئاددىي ئۆگەنگەن نەزەرىيىسىنى ئەمەلىي خىزمەتتە سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، شۇ جەرياندا تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى نىقاب قىلىۋېلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كەينىگە سۆرەشكە ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەر بىلەن قانۇنلۇق كۆرەش ئېلىپ بېرىشقا ماھىر بولۇش لازىم.

كونا ئادەت كۈچى ئىنتايىن تەرسا بولىدۇ. ئۇنى بىر دەم قېتىملىق تەشۋىقات ياكى بېسىم بىلەن يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئۇزۇن ۋاقىت سەۋرچانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەشۋىق - تەربىيە ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلەش لازىم.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى — قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىنتايىن مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلە. ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا، بۇ نازۇك مەسىلە ھەققىدە يازغانلىرىم پەقەت دەسلەپكى ئىزدىنىش ئاساسىدىكى پىكىردىنلا ئىبارەت. مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئىزاھلار:

1 مىرزابەك دۈيسەنوۋىنىڭ «ئاتالغۇنىڭ نەسلىدىكى ئېتنىك مەنىسىگە نەزەر سالايلى» دېگەن ماقالىسى، «قازاق ئەدەبىياتى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.
2 «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ناملىق كىتاب.
3 ئە. مەرغۇلان ماقالىسى ۋە چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ «ماقالىلىرى ۋە خەتلىرى»، (1956 - يىل نەشرى، 26 - بەت.)
4 بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» (ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، 15 - بەت).
5 ئېنگېلس سۆزى، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 81 - يىل 3 - سان، 114 - بەتتىكى نەقىلدىن.
6 شاھكېرىم خۇدابەردى: «تۈرك، قىرغىز، قازاق ۋە خانلار شەجەرىسى» («دەۋرا»، 1985 - يىل، 3 -، 4 - سان، 72 - بەت).
7 يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
8 «قازاق تىلىنىڭ چۈشەندۈرۈش لۇغىتى»، 2 - توم، 426 - بەت.

⑨ نىغمەت مىڭجانىي: «جۇڭگودىكى قازاق مىللىتى».

⑩ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» (ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، 38 ـ بەت).

⑪ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑫ ئە. مەرغۇلان: «تاڭبالى تاش» يەنى تامغىلىق تاش، («مۇرا»، 1984 ـ يىل، 2 ـ سان، 39 ـ بەت).

⑬ ئە. مەرغۇلاننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى، 38 ـ بەت.

⑭ «قازاق س س ر تارىخى» 1957 ـ يىل، ئالمۇتا نەشرى، 1 ـ توم، 116 ـ بەت.

⑮ «قازاق س س ر تارىخى»، 1 ـ توم، 116 ـ بەت.

⑯ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، 29 ـ بەت.

⑰ بارتولد: يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، 29 ـ بەت.

⑱ ئە. مەرغۇلان: «تاڭبالى تاش» («مۇرا»، 1984 ـ يىل، 2 ـ سان، 38 ـ، 39 ـ بەتلەر).

⑲ چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ «ماقالىلىرى ۋە خەتلىرى»، 1956 ـ يىل ئالمۇتا نەشرى، 21 ـ بەت.

⑳ نىغمەت مىڭجانىي: «جۇڭگودىكى قازاق مىللىتى».

# خۇيزۇلاردىكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى

ۋاڭ مىڭياڭ

## I. جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلەر پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالىغا بىر نەزەر

ئىسلام دىنى — ئوتتۇرا ئەسىردە پەيدا بولغان بىر خۇدالىق دىن، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ ئىچىدە ئەڭ كېيىن پەيدا بولغان دىن. ئەمما بۇ دىن پەيدا بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىددەت بىلەن راۋاجلىنىشقا باشلىدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز شەرق غەربتىكى مىللەتلەر ۋە رايونلارغا قاراپ كېڭىيىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئىسلام دىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھىي ھاكىمىيەت بىلەن پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ۋە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلىشىپ كەتكەن تۈزۈلمىگە ئايلىنىپ مۇكەممەل قائىدە ۋە قانۇنلارغا ئىگە بىردىن بولۇپ قالالىدىكى، بۇ دىننىڭ ئاساسچىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان خەلىپىلەر ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى بىرلىكتە كەلتۈردى ۋە ئۇنى چوڭايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قۇرئاننى رەتلەپ ئۇنى كىتاب قىلىپ بېكىتتى. تۆت چوڭ ئىماملار (يەنى ھەنىپە، شافىي، مالىك ۋە ھەنبەلى) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن، تەپسىلىي ۋە كونكرېت قائىدە- قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ دىنىي قۇرۇلما تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇپ شەكىللەندى. تۆت چوڭ ئىمامنىڭ ھەممىسى دىنىي نەزەرىيە بويىچە نوپۇزلۇقلار بولۇپ، مۇئەييەن دىنىي ھوقۇق ئىگەللىگەن بولغاچقا، ئۇلار ئورناتقان ھەر خىل تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى يەنى قانۇنغا مۇۋاپىق مەزھەپ، دەپ قارالدى.

ئەمما ئالەمدىكى بارچە شەيئىلەر ھامان ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، پۈتۈنلۈكتىن پارچىلىنىشقا قاراپ مېڭىشتەك قانۇنىيەت بويىچە ئالغا باسىدۇ. يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي شەيئىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىسلام دىنىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەت پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا، گەرچە ئۇ ئاللانىڭ ۋەھيىسىگە ئاساسلىنىپ، دىندارلاردىن خۇدانىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىشنى،

تارقىلىپ كېتىشلىكىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز دىنىنىڭ كەلگۈسىدە 72 گۇرۇھقا (بەزىلەر 73 مۇ دەيدۇ) بۆلۈنۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىشارەت قىلغان ئىدى. دېگەندەك، مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال سىياسىي ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن ئەڭ چوڭ مەزھەپ — شىئە مەزھىپى پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئىسلام رايونىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن، تەدرىجىي سۈرەتتە تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ تەرىقەت مەزھىپى پەيدا بولدى. تەرىقەتچىلەر دەرۋىشلىك يەنى تەركىدۇنياچىلىق تۇسىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مەزھەپتىكىلەر رېئاللىققا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، نام-مەنپەئەت قوغلاشمايدۇ، زاھىتلىق بىلەن ئىستىقامەت قىلىپ، ئاخىرەتنى، جاننىڭ تىرىلىپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار ھەتتا ئىسلامىيەتنىڭ بەزى قائىدە-يوسۇنلىرىغىمۇ ئېتىبار قىلمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغان. ئۇلارنى ئەرەب دۇنياسىدا «سۇفى» دەپ ئاتايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا «ئىشان» دەپ ئاتايدۇ. دەسلەپتە، ئەنئەنىچىلەر ئۇلارنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلمايدىغان بىدئەتچىلەر دەپ ئەيىبلىگەن. تاكى ئىمام غەززالى ۋاقتىغا كەلگەندىلا، ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ بىر مەزھىپى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن XIX ئەسىردە، ۋاھابىي ۋە بابىي مەزھەپلىرى مەيدانغا چىقتى. ۋاھابىيلار مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋاقتىدىكى يەككە ئېتىقادنى تىرىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بابىي مەزھىپىدىكىلەر ئاياللارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۆتمۈشتە ھىندىستاندا پەيدا بولغان ئەھمەدىيە مەزھىپى قاتارلىق مەزھەپلەر بار. سۇفىزم يېقىنقى زاماندا جۇڭگوغا كىرگەن، كېيىن بىر قانچە مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. تېخىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، يەنە ئەھۋانىي مەزھىپى تارقىلىپ كىردى. ھازىرغا قەدەر دۇنيا دائىرىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى ئەمەلىيەتتە 72 خىلدىن كەم ئەمەس.

ئىسلام دىنى جۇڭگودا تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. ئەرەب ۋە پارس سودىگەرلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جۇڭگوغا كېلىشى، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، غەربىي دىيار (يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا) دىن ئىسلامغا كىرگەن زور تۈركۈمدىكى ھەربىي ۋە خەلقلەر شەرققە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئاساسىي جەھەتتىن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپىنىڭ ئەنئەنىچىلەر مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر مۇنچە شىئە مەزھىپىدىكىلەرمۇ بار ئىدى. كېيىن بۇلارمۇ «ھەنىپىيە»

مەزھەپكە كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەزھەپ (شەرىئەتچىلەر) ھەدىسكە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى «سۈننىي مەزھىپى» ئىدى. سۈننىي مەزھىپى جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئېتىقادنى مۇستەھكەملەپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى تارقىتىش، موللارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مەسچىتلەرنى مەركەز قىلغان مەدرىس مائارىپى تۈزۈمى تەدرىجىي شەكىللەندى. دىنىي ئەھكاملارنى پىششىق بىلىدىغان ئۇستازلار تەكلىپ قىلىنىپ، شاگىرتلارغا دەرس ئۆتۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، دىنىي ئىشلارنى ئىمام، خېتىپ، مەزىنلەردىن ئىبارەت ئۈچ كىشى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. يەنە ۋەزىپىسى بولمىغان تارقاق يۈرگەن خەلپەت قاتارلىق كەسپىي دىنىي ئۇستازلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، خەلقنىڭ نىكاھ، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن، قۇرئان تىلاۋەت، دۇئا - تەكبىر، ئۆشرە - زاكات ۋە مىراس ئايرىش قاتارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. بۇ ھەقتە بىر قانچە يىللىق تەجرىبىلەرنى توپلاپ، شەرىئەتكە ئوخشىمايدىغان بىر مۇنچە تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى. مىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى، بۇ تۈزۈملەر گويا ئۆزگەرمەس بىر قېلىپتا تۇرۇپ، ھەممە ئىشتا «كونا قائىدە - نىزاملارغا ئەمەل قىلغان ھالدا ياشاپ ۋە كۆپىيىپ كەلدى. كېيىن پەيدا بولغان مەزھەپلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ مەزھەپ «قەدىمىيە» دەپ ئاتالدى. «قەدىمىيە» يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، «ھەممە ئىشتا كونا قائىدە - نىزاملارغا ئەمەل قىلىش» ياكى ياخشىسىنى تاللاپ ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە. «قەدىمىيە» جۇڭگودا نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇلار خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، دىنىي كلاسسىك كىتابلارنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن، ياكى كىيىنىش جەھەتتە بولسۇن، خەنزۇچە تىل ۋە خەنزۇچە ئىسىمنى قوللىنىشتا بولسۇن، مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى جەھەتتە بولسۇن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسىي ئېتىقادقا زىيانلىق بولمىغان مۇراسىم، ئۆرپ - ئادەتلەردە بولسۇن، خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە ئادىتىنى يۇقتۇرماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا يول قويماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۆتكەندە كىشىلەر ئۇلارنى «汉回» (خەنزۇلاردىن كەلگەن خۇيزۇلار) دەپ ئاتىدى، غەربىي - شىمالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خۇيزۇلارنى بولسا، «甘回» (گەنسۇ خۇيزۇلىرى) دەپ ئاتىدى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى «缠回» (بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان خۇيزۇلار) دەپ ئاتىدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ، بېيياڭ ھۆكۈمىتىدىن گومىنداڭ دەۋرىگىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پارچىلاش ئۈچۈن قوللانغان سۈيىقەست ئىدى. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، جۇڭگودىكى خۇيزۇلار

مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، قاتناش توسۇلۇپ، غەربتىكى ئىسلام دۇنياسى بىلەن
ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالدا ياشىغانلىقتىن، ھەر جەھەتتىن مۇئەييەن دەرىجىدە جۇڭگوچە
لىشىشتىن ساقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇش ۋە مەۋلۇت
ئوقۇشتا ئۇنىڭ ئاھاڭ ـ تەلەپپۇزلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئاغزاكى تىلى ۋە ئەسلى تەلەپ-
پۇزىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا بىر خىل شەرق تەلەپپۇزى بولۇپ
ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى كۈندىلىك ئادەم-يوسۇن ۋە كىچىك ھالقىلاردىمۇ
غەربنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، جۇڭگودىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار
(جۇملىدىن سالار، دۇڭشياڭ ۋە باۋئەن مىللەتلىرى) مەزھەپ جەھەتتە باشتىن ـ
ئاياغ بىردەكلىكنى ساقلاپ كەلدى. تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن چىڭ سۇلالى-
سىنىڭ باشلىرىغا قەدەر، ئىسلام دىنىدىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ كىرىشى ۋە مەزھەپلەرنىڭ
شەكىللىنىشى بىلەن تەدرىجىي يوسۇندا ئىختىلاپلار چىقىشقا باشلىدى، بۇ بەزى ئالاھىدە
ۋاقىتلاردا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىلگىرىلىشىگە تەسىر يەتكۈزدى.

## 2 . ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى توغرىسىدا تەك-
شۈرۈشتىن قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە، دېڭىز يوللىرى ئېچىۋېتىلىپ، ئىچكى
ئۆلكىلەردىكى ئىسلام دىنىدىكىلەردىن ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلغۇچىلار كۈنسايىن
كۆپەيگەن، ئۇلار ئىسلام دىنى پەيدا بولغان يەردىكى ئەھۋال بىلەن جۇڭگودىكى
ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا قۇرئان ياكى ھەدىس-
لەرگە خىلاپ ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، دىندا ئىسلاھات يۈرگۈزۈش زۆرۈر-
ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەن؛ يەنە بەزىلىرى سوپىزم تەلىماتىنى قوبۇل قىلغان.
ئۇلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەدىمدىن پەرقلىنىدىغان يېڭى تەشەب-
بۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى «خۇپىيە»، «قادىرىيە»، ئەڭ كېيىن-
كىسى جەھرىيە ۋە كۇبرىيە ئىدى. بۇلار ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلغان ۋە پارچىلان-
غان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىغا كەلگەندە، بېجياچاڭ، مۇفتى، چوڭ گۈمبەز،
شيەنمېن قاتارلىق مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەن؛ يۇڭجېڭ ۋە چيەنلۇڭ يىللىرىغا كەل-
گەندە، لىيۇ مېن، خۇمېن، جەھرىيە، لىڭتاۋ گۈمبىزى، شياڭيۈەنتاڭ (خەيمېن) قاتارلىق
مەزھەپلەر پەيدا بولغان؛ جيا چىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدا، بېيجۇاڭ، باسۇچې، چىڭكۇ-
گۈمبىزى، تەيزىسى، ياڭجيا گۈمبىزى، خۇڭ ئىتەندىكى خۇمېن قاتارلىق مەزھەپلەر

مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، قاتتىق توسۇلۇپ، غەربتىكى ئىسلام دۇنياسى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالدا ياشىغانلىقتىن، ھەر جەھەتتىن مۇئەييەن دەرىجىدە جۇڭگوچىلىشىشتىن ساقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇش ۋە مەۋلۇت ئوقۇشتا ئۇنىڭ ئاھاڭ - تەلەپپۇزلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئاغزاكى تىلى ۋە ئەسلى تەلەپپۇزىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا بىر خىل شەرق تەلەپپۇزى بولۇپ ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى كۈندىلىك ئادەت - يوسۇن ۋە كىچىك ھالقىلاردىمۇ غەربنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، جۇڭگودىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار (جۈملىدىن سالار، دۇڭشياڭ ۋە باۋئەن مىللەتلىرى) مەزھەپ جەھەتتە باشتىن - ئاياغ بىردەكلىكنى ساقلاپ كەلدى. تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا قەدەر، ئىسلام دىنىدىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ كىرىشى ۋە مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تەدرىجىي يوسۇندا ئىختىلاپلار چىقىشقا باشلىدى، بۇ بەزى ئالاھىدە ۋاقىتلاردا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىلگىرىلىشىگە تەسىر يەتكۈزدى.

## 2 . ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى توغرىسىدا تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە، دېڭىز يوللىرى ئېچىۋېتىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام دىنىدىكىلەردىن ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلغۇچىلار كۈنسايىن كۆپەيگەن، ئۇلار ئىسلام دىنى پەيدا بولغان يەردىكى ئەھۋال بىلەن جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا قۇرئان ياكى ھەدىسلەرگە خىلاپ ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، دىندا ئىسلاھات يۈرگۈزۈش زۆرۈرلىكىنى تونۇشقا كەلگەن؛ يەنە بەزىلىرى سوپىزم تەلىمىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەدىمىدىن پەرقلىنىدىغان يېڭى تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى «خۇپپىيە»، «قادىرىيە»، ئەڭ كېيىنكىسى جەھرىيە ۋە كۇبرىيە ئىدى. بۇلار ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلغان ۋە پارچىلانغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىغا كەلگەندە، بېيجياچاڭ، مۇفتى، چوڭ گۇمبەز، شيەنمېن قاتارلىق مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەن؛ يۇڭجېڭ ۋە چيەنلۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە، لىۋمېن، خۇمېن، جەھرىيە، لىنتاۋ گۇمبىزى، شياڭيۈەنتاڭ (خېيمېن) قاتارلىق مەزھەپلەر پەيدا بولغان؛ جيا چىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدا، بېيجۇاڭ، باسۇچى، جىڭگۇ گۇمبىزى، تەيزىسى، ياڭجيا گۇمبىزى، خۇاڭ نىتەندىكى خۇمېن قاتارلىق مەزھەپلەر

بولغان؛ شيەنفبەك، تۇڭجۇ يىللىرىدا، ئامىن، جيەنگۇ جىڭ، ۋىنچۇەنتاڭ، لياڭجۇ-
جۇاڭ، كىچىك لىيۇ مىن قاتارلىق مەزھەپلەر بولغان. گۇاڭشۇ يىللىرىدا، خۇڭمىن،
شاگۇ، بېيشەن، نىچۇەن، بەنچياۋ جيۇسەيپىڭ، چىمىن، گۇيتۇڭ شىجى شيەنمىن،
چىڭخەي خۇزىخې، ياڭ مىن، فېڭمىن (لىڭ مىڭتاڭ) دىڭمىن، شىداۋ تاڭ، ياتۇ قاتارلىق
مەزھەپلەر بولغان؛ مىنگودىن بۇيان شىندەنزى، مىيۇداۋتاڭ، گاۋ چۇيجيا، ۋاڭ شىڭ
خۇڭمىن، (خۇڭمىندىن ئايرىلىپ چىققان)، ماشىڭ خۇڭمىن (بۇمۇ خۇڭمىندىن ئايرىلىپ
چىققان)، شامىن، خېيياۋ گۇمبىزى، سازلىيە، سەئەلۇئىدىنىيە قاتارلىقلار بولغان. ھەر
قايسى مەزھەپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇرىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى بولغان. بۇ قەدىمكى
تۈرلۈك مەزھەپلەر ئىچىدە ئادەتتە ئەڭ چوڭ تۆت مەزھەپ دەپ ئاتىلىدىغانلىرى:
«خۇپىيە» (ئۈن چىقارماي ئوقۇيدىغانلار)، «قادىرىيە»، «جەھرىيە» (ئاشكارا، ئۈنلۈك
ئوقۇيدىغانلار) ۋە كۇبرىيە (ئۇلۇغلار) دىن ئىبارەت. ھەر قايسى مەزھەپلەر بىر قانچە
تارماقلارغا بۆلۈنۈپ ئۆز نامى بىلەن ئاتالسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا يەنىلا ئۆز-
لىرى قارايدىغان تەۋەلىك سىستېمىسى بولىدۇ، ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «خۇپىيە» مەزھىپىگە قارايدىغانلار: بىجيا چاڭ، مۇفتى، خۇاسى،
لىيۇ مىن، كىچىك لىيۇ مىن، تەيزىسى خۇمىن، خۇڭنىتەن خۇمىن، بېيجۇاڭ جيەنگۇ
جىڭ، خۇڭمىن، خەيىۋەن خۇڭمىن، خەيىۋەن ۋاڭ شىڭ خۇمىن، دىڭمىن، فېڭمىن، لىڭ-
تاۋ گۇمبىزى، تۇڭگۇي، لياڭجۇ جۇاڭ، شيەنمىن، چىڭخەيدىكى بازەنگۇ شيەنمىن،
تەيزىسىدىكى ياڭجيا گۇمبىزى، جىڭگۇ گۇمبىزى، باسۇچى قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، «قادىرىيە» مەزھىپىگە قارايدىغانلار: چوڭ گۇمبەز، چىڭخەيدىكى
خۇخېزى گۇمبىزى، نىڭشيادىكى سەيپىڭ، شىجى خېيياۋ گۇمبىزى، خەيمىن، شامىن،
ۋىنچۇەنتاڭ، يىخاچى ئامىن، چىمىن، گۇيۈەندىكى مىيۇ داۋ تاڭ، ياڭمىن
قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، «جەھرىيە» مەزھىپىگە قارايدىغانلار: شاگۇ بېيشەن، بەنچياۋ، نەن-
چۇەن، شىندەنزى قاتارلىقلار.

تۆتىنچى، «كۇبرىيە» مەزھىپىگە قارايدىغانلار: جاڭ مىن.

بۇنىڭدىن باشقا، سازلىيە، سەئۇلۇئىدىنىيە مەزھەپلىرىنىڭ مۇرىتى ئاز بول-
غانلىقتىن، تارماقلارغا بۆلۈنمىگەن. لىڭتاۋدىكى شىداۋ تاڭ بولسا، جۇڭگو خۇي-
زۇلىرى تەرىپىدىن خەنزۇچە دىنىي كىتابلارغا (ئاساسلىقى ليۇجيېلىيەنىڭ خەنزۇچە
دىنىي ئەسەرلىگە) ئاساسلىنىپ ئالاھىدە بەرپا قىلىنغان. ئۇنىڭدا دىنىي مۇناسىۋەت-
تىن باشقا، ئىقتىسادىي، ئورتاق گەۋدە تەشكىللەشكە ئوخشاپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەت
بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جاۋ جيا، گاۋ جيا ۋە يامىن قاتارلىق مەزھەپلەر شىنجاڭدى-

كى ئىشان مەزھىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇلار پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ، تەركىدۇنياچىلىققا يېقىن كېلىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەنە پىكىرى، دىگەن مەزھەپلىرى بار. ئۇلار «خۇپىيە» ۋە قادىرىيە مەزھەپلىرىنىڭ جەندىگە ۋارىسلىق قىلغان. يۇقىرىدىكى بۇ ئىستىقامەتچىلەرنىڭ ئومۇمەن يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار بەش پەرزنى تەرك ئەتمەيدۇ، بەلكى بۇ بەش پەرز ئارقىلىق تەرىقەتكە كىرىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق توپتوغرا ھەققە يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا بۇ — ئۇلارنىڭ بەش پەرزدە چىڭ تۇرىدىغان «قەدىمىيە» مەزھىپى بىلەن ئورتاق تىلغا ئىگە بولۇش ۋە ئىتتىپاقلىشىشتىكى ئاساسى.

ئەمدى تۆۋەندە ھەر قايسى چوڭ مەزھەپلەرنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1 . خۇپىيە:

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 11 - يىلى ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) چىڭخەيدىكى خۇاڭجۇڭ رايونىغا كېلىپ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلاد نەۋرىسى دەۋالغان. ئۇنىڭ تارقاتقىنى خۇپىيە مەزھىپى ئىدى. لىڭشىيانىڭ ئاخۇنى مازۇڭشىڭ لىڭشىيادىكى دىندارلاردىن 5 - 6 كىشىنى يىغىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ۋە بۇ مەزھەپنى قوبۇل قىلغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لىڭشىيا قاتارلىق جايلاردا تارقاتقان، بۇنىڭ مۇرىتلىرى كۆپىيىپ، خۇيزۇلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى بىر مەزھىپى بولۇپ قالغان. مازۇڭشىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مايىچىڭ ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككىنچى ئەۋلاد ئاخۇن بولغان. شۇندىن باشلاپ، دىنىي سەردارلىق ۋە ئاخۇنلۇقنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمى كېلىپ چىققان.

2 . قادىرىيە

بۇ مەزھەپ چوڭ گۈمبەز مەزھىپىدىن خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان. بۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدا، ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 29 - ئەۋلاد نەۋرىسى دەپ ئاتىۋالغان خوجا ئابدۇللا دىگەن كىشى تەرىپىدىن تارقىتىلغان. ئۇ جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، تاغ - ئىدىرلار ۋە چەت جايلاردىكى مەسچىتلەردە سەييارە يۈرۈپ ئىستىقامەت قىلغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سىچۈەننىڭ لاڭجۇڭ ناھىيىسىدىكى دەنلۇڭشەن دىگەن جايغا دەپنە قىلىنغان ۋە دەنلۇڭ مەزھىپىنىڭ پىشۋاسى دەپ ئاتالغان، ئۇ چوڭ گۈمبەز مەزھىپىنىڭ 1 - ئەۋلاد ئاخۇنى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى چىيجىڭيى 2 - ئەۋلاد ئاخۇن بولۇپ، كېيىن ئاخۇنلۇقنى چوڭ گۈمبەز

مەزھەپدىكىلەر داۋاملاشتۇرغان. بۇ مەزھەپ تەركىدۇنيا بولۇپ ئىستىقامەت قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ بىر قەدەر ساپ «سۇفىلىق» مەزھىپىدۇر.

3 . جەھرىيە:

چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ تۇنجى يىلى، گەنسۇنىڭ ۋۇدۇ ناھىيىسىدىكى ياش خۇيزۇ ئالىم مامىڭشىن تاغىسى بىلەن قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق مەككىگە ھەج قىلغىلى بارغان. يول ئۈستىدە قاتتىق جۇدۇن چاپقۇنغا ئۇچراپ، تاغىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. كېيىن ئۇنى بىر ئەرەب قوتقۇزۇۋېلىپ، يەمەنگە ئاپىرىپ بىر مەدرىسكە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ 16 يىل جاپالىق ئۆگىنىشنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ «مىنالىي»، «مەندە نيەخۋا» دېگەن كىتابلارنى ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، گەنسۇنىڭ دىڭشى، لىڭشاۋ ۋە چىڭخەينىڭ شۇنخۇا قاتارلىق جايلىرىدا جەھرىيە مەزھىپىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزھەپ دەسلەپكى چاغلاردا، مەزھەپ تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، بەزى مۇرەككەپ قائىدە - يوسۇنلارنى قىسقارتىپ، دىنىي يۈكنى يېنىكلىتىش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلىپ، كونا «قەدىمىيە»نىڭ بەزى جۇڭگولاشقان ئادەتلىرىگە قارشى تۇرغانلىقتىن، نۇرغۇن دىندارلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئىنتايىن تېز راۋاجلانغان. بۇ مەزھەپ ئەينى زاماندا، «يېڭى دىن» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كونا دىن بىلەن يېڭى دىن ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش كېلىپ چىققان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى بۇ مەزھەپ كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، قەستەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، بىرىنى بېسىپ، بىرىنى يۆلىگەن ھەمدە مامىڭشىننى قولغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن مامىڭشىننىڭ شاگىرتى سۇسىشەن بىلەن تيەن ۋۇ باشچىلىقىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بۇ قوزغىلاڭنى چىڭ ھۆكۈمىتى قانلىق باستۇرۇپ، مامىڭشىننى ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى يۈننەنگە پالىغان. تاكى شيەنفېڭ تۇڭجى يىللىرىغا كەلگەندە، مامىڭشىننىڭ ئەۋلادلىرى گەنسۇغا قايتا كېلىپ، دىن تارقىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ماخۇالۇڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، بۇ مەزھەپ تېخىمۇ راۋاجلانغان، مايۈەنجاڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، بۇ مەزھەپ «قەدىمىيە» دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ مەزھەپ بولۇپ قالغان. شىنجاڭدا، بۇ مەزھەپ «شياۋ فاڭ» (كىچىك مەزھەپ)، كونا قەدىمىيە بولسا «دافاڭ» (چوڭ مەزھەپ) دەپ ئاتىلىدۇ.

4 . كۇبرىيە:

بۇ مەزھەپنىڭ جاڭمېن تارمىقى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 3 - يىللىرى باشلانغان. بۇنى مەككىلىك ماۋخۇئىندىنى دېگەن كىشى تارقاتقان. ئۇ كېيىن دۇڭشياڭنىڭ داۋەن دېگەن يېرىدە ماكانلاشقان. كېيىن فامىلىسىنى جۇڭ-

گوچە ئۆزگەرتىپ جاڭ ( 张 ) دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ نەسەبىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، جاڭمىن ئازادلىققىچە 10 ئەۋلادقىچە يەتكەن. بۇ ئىشەنچلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە جاڭمىن مەزھىپى 200 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كىرگەن بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا، دۇڭشياڭلىق ماگو يۈەن ئافغانىستانغا ھەج قىلغىلى بارغان ۋە تۈركىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىلىم تەھسىل قىلغان. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىڭخەي ئەتراپلىرىدا باشقا بىر يېڭى مەزھەپنى تارقىتىشقا كىرىشكەن. بۇ «ئىخۋانىي» مەزھىپى دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىخۋانىي» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى قېرىنداش دېگەن بولىدۇ. بۇ مەزھەپ ھەدىسلەردىكى «پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر» دېگەن تەلىماتقا ئاساسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ يەنە «قۇرئانغا ئەمەل قىلغۇچى» مەزھەپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار مەسىلىگە يولۇققاندا بىۋاسىتە قۇرئاندىن جاۋاب ئىزدەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدۇ. قۇرئاننى ئەرەب تىلىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مولللارغا قۇرئان ئوقۇغاندىن كېيىن پۇل ياكى تاماق بېرىشكە قارشى تۇرىدۇ. ئەگەر دىندارلار ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلسا، ئۇلار بېرىپ تاماق يەيدۇ، لېكىن قۇرئان ئوقۇمايدۇ. دېمەك، ئوقۇسا تاماق يېمەيدۇ، يېسە ئوقۇمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە ئىنچىكە پەرقلەرمۇ بار. ئادەتتە بۇ مەزھەپنى كىشىلەر قەدىمىيە كونا مەزھەپ ۋە جەھرىيە يېڭى مەزھەپتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «يېڭى گۈللەنگەن دىن» ياكى «ئەڭ يېڭى دىن» دەپ ئاتىغان.

بۇ مەزھەپ بىر مۇنچە ئەگرى - توقاي ۋە مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا چىڭخەيدىكى مىلتارىست ماچى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان مابۇ فاڭ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئالدى بىلەن چىڭخەيدە روناق تاپقان، ئاندىن بارا - بارا خېشىگە ۋە غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە تارقىلىش بىلەن بىللە، ئىنتايىن تېزلىكتە ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ تارقالغان ھەمدە يېقىن زاماندا ھەجگە بارغان ئالىملاردىن ۋاڭ جىڭزەي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قوشۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە سالخىيە ۋە يېپيېڭى دىن قاتارلىق مەزھەپلەرمۇ بولغان. بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئىسلام دىنىدىكى ھەر قايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا، بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان. ھەتتا ئۆز ئارا جېدەللىشىپ قان تۆكىدىغان ۋەقەلەرمۇ ئۈزۈلۈكسىز

بولۇپ تۇردى. بەزىلەرنىڭ مەزھەپلەر ۋە دىنىي سەردارلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەشلەر ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى، دەپ قارىغانلىقىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس.

نىڭشيا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خۇيزۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ 1 - باب 4 - پاراگرافىدا مۇنداق دېيىلگەن: «گەنسۇدا مەزھەپلەر تۈزۈمى پەيدا بولدى، بۇ، تېخىمۇ مەركەزلەشكەن ۋە تېخىمۇ كېڭەيگەن دىنىي سورۇن ھەممە قوشۇمچە پومېشچىك بولىدىغان تۈزۈم ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى، ئاخۇنلار پەيدا بولدى. بۇ ئاخۇنلارنىڭ ئۆزى ئىلاھلاشتۇرۇۋېتىلدى، ھەممە ئۇلارنىڭ دەپنە قىلىنغان يېرىگە گۈمبەزلەر بىنا قىلىنىپ، ئېتىقادچى ئاممىنى ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان قىلدى؛ ئىككىنچىدىن، مەزھەپ يەنە بىر خىل ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان فېئوداللىق ئىمتىياز تۈزۈمى بولۇپ، دەسلەپ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا دىنغا ئىگىدارچىلىق قىلدۇ. ئېتىقادچىلار ئالدىدا، ئۇ مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە بولدۇ. . . . ئاخۇنلار بىلەن شەيخۇلئىسلام ئوتتۇرىسىدا تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولدۇ». يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ مۇئەييەن پاكىتلىق ئاساسى بار.

## 3 . شىنجاڭدىكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تارماقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ ئەزەلدىنلا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس زېمىنى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرى ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى تېخىمۇ ئۇلغايغان. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەر شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭلارنى غەربىي شىمال بەش ئۆلكە (رايون) دەپ ئاتاش بىلەن ئادەتلەنگەن. بۇ بەش ئۆلكە (رايون) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئەڭ كۆپ ئورۇنلاشقان ۋە تېخىمۇ قويۇق تالاقە قىلىشىدىغان رايون، دەپ تونۇلۇپ كەلدى. شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، خۇيزۇلار سانى جەھەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى 1228 - يىلغىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ 25 - يىلى، خۇيزۇ ھاسادىن دېگەن كىشى، گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق جايلاردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئاھالىلارغا باشچىلىق قىلىشقا، خوتەن، قەشقەردىكى ھۈنەرۋەن-

لەردىن 5 مىڭ ئائىلىلىك كىشىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلگەن». بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە خۇيزۇلار بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىللە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قاتناشقان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ 27 - يىلى (1290 - يىلى). تېڭىگىردىكى 3 مىڭ ئائىلىلىك خۇيزۇغا كالا ۋە ئۇرۇق بېرىلگەن. «تېڭىگىر» ھازىرقى سانجى ئوبلاستىنىڭ فۇكاڭ ناھىيىسى بولۇپ، بۇ جاي خۇيزۇلارنىڭ مۇھىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بولۇپ كەلگەن. بۇ، شىنجاڭدا خۇيزۇلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا، شەنشى - گەنسۇ ئەتراپلىرىدىكى خۇيزۇلار «چېگرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش» دېگەن نام بىلەن كوللېكتىپ ھالدا شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە گەنسۇنىڭ ئۆزىدىنلا 20 مىڭدىن ئارتۇق خۇيزۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. 500 ئۆيلۈك كىشى داۋانچىڭغا ماكانلاشقان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇيزۇلاردىن چىققان «جىنايەتچىلەر» مۇ ئىلى قاتارلىق چېگرا جايلارغا پالاپ ئەۋەتىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەي يەنخۇ، ليۇسىغۇ (يەنى ليۇ ئۇستام) دېگەنلەر نەچچە مىڭ كىشىلىك خۇيزۇ قىسمىلىرىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كەلگەن؛ شۇ ۋاقىتتا يەنە ئىچكىرىسىدىكى خۇيزۇلاردىن نەچچە يۈز ئۆيلۈك كىشى بۇ يەرگە ئېقىپ كەلگەن. دەريانىڭ جەنۇبى (قايدۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى) دىكى فۇ خۇيجۇاڭ دېگەن كەنتكە ئورۇنلاشقان خۇيزۇلارمۇ چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 29 - يىلى پىچان شەھىرىدىن شىنگىغا كۆچۈرۈلۈپ، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەجبۇرلاپ تەسلىم قىلدۇرۇلغان خۇيزۇلاردۇر؛ بۇنىڭدىن باشقا، 1928 - يىلى، گەنسۇنىڭ گۇ يۈەن رايونىدا چوڭ يەر تەۋرەش يۈز بەرگەنلىكى ھەمدە گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي رايونلىرىدا كۆپ يىللار داۋام قىلغان يېڭى ۋە كونا مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق كۈرەشلەر تۈپەيلى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خۇيزۇلار ئۆي - ماكاندىن ئايرىلىپ سەرسان بولغان. ئۇلاردىن خېلى كۆپلىرى شىنجاڭغا تۇرمۇش يولى ئىزدەپ كەلگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە غەربىي شىمالدىكى يەرلىك قىسملاردىن ماجۇڭيىڭ، ماچېڭشياڭلار 1934 - ۋە 1945 - يىللىرى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەن. بۇنىڭمۇ كۆپچىلىكى خۇيزۇ ئىدى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۇرۇپ قالغان؛ ئازادلىقتىن كېيىن قاتناش ئوڭشايلىشىپ، چەكلەش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالغانلىقتىن، ئىچكىرىدىكى خۇيزۇلار ئازادلىق ئارمىيىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرگەن. شۇنىڭدەك ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ياكى بەلگىلىنىپ

كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خۇيزۇلار زور دەرىجىدە تارقىلىشىپ ھەم توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ قالدى.

خۇيزۇلارنىڭ شىنجاڭدا كۆپىيىشى بىلەن ھەر خىل مەزھەپلەر شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. بۇمۇ مۇقەررەر ئەھۋال ئىدى. ھەر خىل مەزھەپلەردىن شىداۋ تاڭ ۋەلىگىمىڭتاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق رايونلاردىكى مەزھەپلەر شىنجاڭغا بىر قەدەر ئاز كىرگەن ياكى كىرمىگەندىن باشقا، قالغان مۇھىم مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك تارقىلىپ كىردى. لېكىن ئومۇمىيلىقتىن قارىغاندا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش، كونا قەدىمىيە (چوڭ مەزھەپ) تىكىلەر ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا، جەھرىيە (كىچىك مەزھەپ)، ئىخۋانىيلار يەنى يېڭى گۈللەنگەن دىن مەزھەپدىكىلەر بار.

شىنجاڭدىكى مەزھەپلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇستازلارنىڭ نەسەب - شەجەرىسى تۆۋەندىكىچە:

1. خۇپىيە مەزھىپى يەنە تۆۋەندىكى تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ:

(1) ما فامىلىلىك خەلپە مەزھىپى، (2) ليۇ فامىلىلىك خەلپە مەزھىپى،
(3) ما خەيبى خەلپە مەزھىپى، (4) جاڭ فامىلىلىك خەلپە مەزھىپى،
(5) مافۇمىڭ خەلپە مەزھىپى.

بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھازىرقى ۋارىسلىرى:

1. مافامىلىلىك خەلپە مەزھىپىنىڭ: (1) لوشەن، بۇ تۇرپان ناھىيىسىدە تۇرىدۇ؛ (2) ماشۇنجېن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ يېزىسىدا تۇرىدۇ.

2. ماخەيبى خەلپە مەزھىپىنىڭ: مادېلۇ، تۇرپان ناھىيىسىدە تۇرىدۇ.

3. ليۇ فامىلىلىك خەلپە مەزھىپىنىڭ: (1) ليۇنىڭ كىچىك ئوغلى؛ (2) ئېرىشە ئاخۇن، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى تۇرپاندا، بىرسى توقسۇندا تۇرىدۇ.

4. جاڭ فامىلىلىك خەلپىسىنىڭ: ماگۇاڭشيەن، سىچۇەن ناھىيىسىدە تۇرىدۇ.

5. مافۇمىڭ خەلپىسىنىڭ: (1) بەي يۇكۇن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرىدۇ؛ (2) ماجۇندې، مىچۇەن ناھىيىسىدە تۇرىدۇ.

2. جەھرىيە مەزھىپى تۆۋەندىكى تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ:

(1) لى جىلياڭ مەزھىپى، (2) جىن زىچاڭ مەزھىپى،
(3) ۋاڭ جۇگيەن مەزھىپى، (4) ماخۇگېڭ مەزھىپى،
(5) سۇما ئاخۇن مەزھىپى، (6) ماخۇگزۇ مەزھىپى، (7) ماۋېنگۇي مەزھىپى.

بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھازىرقى ۋارىسلىرى:

(1) ماخۇگېڭ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرىدۇ، (2) قاناپىيە، پىچاندا تۇرىدۇ،

(3) باگا ئاخۇن، پىچان لەمجىندە تۇرىدۇ. (4) ماخۇگۇۋ، قارا شەھەردە تۇرىدۇ. (5) لى دېيي (ۋاپات بولغان). (6) جىن زىچاڭ (ۋاپات بولغان).
(7) ۋاڭ جۇگۈيۈەن (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان).

3. قادىرىيە مەزھىپى تۆۋەندىكى ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ:

(1) نيۇدى مەزھىپى، (2) ماۋاڭ مەزھىپى.

ھازىرقى ۋارىسلىرى:

(1) ۋاڭ مىڭلۇ، تۇرپان ناھىيىسىدە تۇرىدۇ.

(2) يې چىڭمىڭ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرىدۇ.

4. ئىخۋانى مەزھىپى، بۇ مەزھەپ شىنجاڭغا كېيىن كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن تېز تەرەققىي قىلدى. 1980 – يىلدىن بۇرۇنقى ئۇزۇن-ئۇزاق زامانلاردا، ھازىر تەرەققىي قىلىپ بەش مەسچىتكە يەتكەن، ھازىر يەنىمۇ كېڭەيمەكتە.

(1) خېجۇ مەسچىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە (مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇزۇۋېتىلگەن، ھازىر قايتا رېمونت قىلىنماقتا)، بۇنىڭ مەسئۇل ئاخۇنى، ماجۇنجېي (ھەسەن ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ.

(2) ئىلى ئوبلاستىنكى مۇشۇ تەيزى مەسچىتى.

(3) مىچۈەندىكى ماۋ گۇچاڭ مەسچىتى.

(4) توقسۇندىكى جەنۇبىي مەسچىت. (5) ئىلانلىق مەسچىتى.

5. قەدىمىيە مەزھىپى، ئېيتىلىشىچە، بۇ مەزھەپنىڭمۇ شىنجاڭدا ئىككى تارمىقى بارمىش:

(1) جۇ مىن (جۇ فامىلىلىك مەزھەپ).

(2) ما مىن (ما فامىلىلىك مەزھەپ).

## 4. ئاخىرقى سۆز

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەرىقەتچىلەر مەزھىپى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ھەر خىل دىن تارقىتىش يوللىرى بىلەن غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى جايلارغا تارقىلىپ كىرىپ، ھەر خىل مەزھەپلەرنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۆتمۈشتە بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈش ھادىسىلىرى پەيدا بولدى. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردا،

مەزھەپ ۋە كۆز قاراش ئوخشىماسلىقى كېلىپ چىقتى. بۇ ھال ئۆز ئارا بىر - بىرىنى چېقىۋېلىش، چەتكە قېقىش ئىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ يەنە بەزىلەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئەرز قىلىپ، ھۆكۈمران ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلارنى پارچىلاپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى، ھەتتا ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان قانلىق ۋەقەلەر كېلىپ چىقتى. دىندارلار ئارىسىدىكى بىلىملىك كىشىلەر بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنىپ قايغۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ناچار ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي كەلگەن ئىدى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتىن ئىبارەت توغرا سىياسەتتە چىڭ تۇرغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇن ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قوغدالدى، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى، قانۇنچىلىق تەربىيىسى كۈچەيتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، پارچىلايدىغان ۋە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەملىكەت مىقياسىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى دىنلار بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى تەشەببۇس قىلىندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەر كۈرىشىمۇ تەدرىجىي سۈرەتتە مۇۋاپىق ھەل قىلىندى، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئالغا بېسىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان كۈنلەر تارىختا ئۆتكەن كونا ئىز بولۇپ قالدى.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىيال ۋە كىتابلار:

1 . جاۋ يۇنلۇڭ ئاخۇن يازغان ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شىنجاڭدىكى تارماقلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال.

2 . مۇياۋشيۇ يازغان: «خۇيزۇلار ئارىسىدىكى ئىسلام دىنىي مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى».

3 . ماشىيىڭ، ماگو رۇڭلار بىرلىكتە تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار» (مۇھاكىمە ئورگىنالى).

4 . نىڭشيا خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «خۇيزۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى». ۋە باشقىلار.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە 1981 - يىلى يېزىلغان، ھازىرغىچە بەزى ئەھۋاللاردا ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن.

جۈنەيد بەكرى تەرجىمىسى

# «خۇيخۇيلارنىڭ 25 - ئەۋلادىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغانلىقى» ھەققىدە مۇلاھىزە

## شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مىستىتسىزمىنىڭ※ ئىچكى رايونلارغا تارقىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

چېن گوگۇاڭ

ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان «خۇيخۇيلارنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان» دېگەن قاراش تارقىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايونلار) دا ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشقانلىقتىن، بۇ قاراش يەنە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپلا قالماستىن①، بەلكى يەنە مەزھەپلەر تارىخى توغرىسىدىكى بايانلاردا «پەيغەمبەر» نىڭ 25 - «ئەۋلادى» ھىدايىتۇللانى شىنجاڭ تارىخىدىكى ئاتاقلىق دىنىي شەخس ئاپپاق خوجىغا باغلايدۇ②. ئاپپاق خوجا — XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىدىكى سۇفىزمنىڭ خوجىيە گۇرۇھىغا مەنسۇپ بولغان ئاتالمىش ئىشان «ئاق تاغلىقلار» مەزھىپىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي داھىيسى ئىدى. «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىدە، چاغاتاينىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل «قاراتاغلىقلار» نىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يېڭىباشتىن تارتىۋالغانلىقتىن، 1670-يىلى، ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ئۇ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ساياھەت قىلىش نامى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ۋە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار رايونلىرىدا 12 يىل ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىرى شىزاڭدىكى بۇددا دىنى ئۇستازىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، جۇڭغاردىكى ئاقۇڭچەكلەرنىڭ سەردارى غالداننىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋېلىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

---

※ مىستىتسىزم — دىنىي ئىدېئالىستىك بىر خىل دۇنيا قاراش. ئۇ، ئادەم بىلەن ئىلاھىي روھىي جەھەتتە بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشىدۇ، مۇشۇنداق ئالاقە قىلىشىش جەريانىدا ئالەمنىڭ ئەڭ ئالىي «سىرى» نى چۈشىنىۋالالايدۇ، دېگەننى قۇۋۋەتلەيدۇ — تەھرىر.

ئەگەر ھىدايىتۇللا ھەقىقەتەن ئاپپاق خوجا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، «خۇيخۇيلارنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا يۈزلەڭلىككە بارغان» دېگەن قاراش ئەلۋەتتە ئۇنىڭ 12 يىل ئىچىدە ئىچكى رايونغا بېرىپ ھەرىكەت قىلغانلىقىغا قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مەسىلىسىنىڭ ئىچكى رايونلاردا تارقالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تېما بولغانلىقتىن، بۇ مەسىلىنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشىنى كۆزلەپ، بۇ ماقالىدە «خۇيخۇيلارنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان» دېگەن قاراشنى دەلىللىمەكچىمەن.

1

ھازىر نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان «ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپلەر تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ③، «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ④ دا، خۇپىيە مەزھىپىنىڭ بىجياچاڭ مەزھىپى، مۇفتى مەزھىپى، خۇاسى مەزھىپى ۋە قەدىمىيە گۇبېيزىنىڭ قۇرۇلغان چاغدىكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانلاردا، «پەيغەمبەر» نىڭ 25 - ئەۋلادى» نىڭ ئىچكى رايونغا بېرىپ دىن تارقاتقانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى پەرق — 25 - ئەۋلاد «ھىدايىتۇللا» (希达耶通拉黑) دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئوخشاش بولمىغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلغانلىقىدا، خالاس. مەسىلەن، ئالدىنقى كىتابتا 《希达叶·统拉赫》، كېيىنكى كىتابتا 《希达冶·通拉希》 دەپ يېزىلغان. بۇمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغاندا «ھىدايىتۇللا» دېگەن ئىسىمنىڭ 《伊达耶图拉》⑤ 《伊达雅图勒拉》⑥ 《依达耶吐拉》⑦، 《依达耶提吐拉》⑧، 《依达叶吐拉》⑨ دەپ يېزىلغىنىغا ئوخشاش. «ھىدايىتۇللا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئاللا كۆرسەتكەن توغرا يول» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ، ئاپپاق خوجىنىڭ ئەسلى ئىسمى ⑩. مۇفتى مەزھىپىنىڭ بايانىدا، 25 - ئەۋلاد پىر - ئۇستازنىڭ قۇرئان ئىسمى «ھەزرىتى ھىدايەت ئاپپاق مەسئۇل» دېيىلگەن ⑪. بۇ ئىسىمدىكى «ھىدايەت» بىلەن «مەسئۇل» (مەزھەپ ئۇستازىغا خاس نام) دېگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇدىن باشقا، «ھەزرىتى ئاپپاق» دېگەن ئىسىم شىنجاڭدىكى خوجىلار تەزكىرىسىگە دائىر خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان ماتېرىياللاردا 《哈萨拉特阿帕克》 دەپ يېزىلغان، «ھەزرەت» — ھۆرمەت نامى بولۇپ، «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئاپپاق خوجىنى بەزىلەر «ھەزرىتى پاشا» («ئۇلۇغ، جانابى» ⑫) دەپمۇ ئاتىغان. بۇنىڭدىن باشقا،

«ئاپپاق» (阿帕克) دېگەن ئىسمنى بەزىلەر 《阿发克》 دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ، مۇفتى مەزھىپىنىڭ 25 - ئەۋلاد پىر - ئۇستازىنىڭ قۇرئان ئىسمىدىكى 《阿法格》 دېگەن تەرجىمىسى بىلەن ئوخشاش. «تەۋارىخ خەمسىيە» دە مۇنداق ئىزاھلانغان:

«... بەزىلەر «ئاپپاق» دەپ ئاتايدۇ، ئەتراپتىكىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلەنگەن، ئىككى خىل ئاتاشنىڭ ھەممىسى توغرا»[13].

«ئاپپاق خوجا» — ھىدايىتۇللانىڭ ھۆرمەت نامى. بۇ ھۆرمەت نامنى 1682 - يىلى كۆزدە، ئۇ جۇڭغارلارنىڭ ھەربىي كۈچ بىلەن قوللىشىغا تايىنىپ ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت تۆت شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئۆزى ئاتىۋالغان. ئۇنىڭ مەنىسى «ئالەمنىڭ خوجىسى» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا، مۇفتى مەزھىپىنىڭ باياندىكى 25 - ئەۋلاد پىر - ئۇستازىنىڭ «ھەزرىتى ھىدايەت ئاپپاق مەسئۇل» دېگەن قۇرئان ئىسمى، ھەم ئاپپاق خوجىنىڭ ئەسلى ئىسمى — («ھىدايەت») نى، ھەم ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى — («ھەزرىتى ئاپپاق») ۋە مەزھەپ ئۇستازىغا خاس نامى — («مەسئۇل») نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەزھەپ تەزكىرىسىدىكى خاتىرىلەردە، «ھىدايىتۇللا» دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بىر نەچچە خىل يېزىلغان، مەسىلەن: 《华者·阿法根》، 《赫达叶·阿法格·曼升乎勒》، 《豪祖勒提·赫达叶·曼升乎勒》، 《华哲·阿法袱》، 《希达叶统拉赫》 قاتارلىقلار[14].

ئەمەلىيەتتە بولسا «خوجا»، «ئاپپاق»، «ھەزرەت»، «ھىدايە»، «تۇللاھ» قاتارلىق سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈپ تەرجىمە قىلىپ يېزىپ چىققان. ھەتتا ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولغان «ھەزرەت» ۋە «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» نىڭ ھۆرمەت نامى بولغان «خوجا» دېگەن نامىمۇ مۇفتى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى — 26 - ئەۋلاد ئۇستاز ماشۇجىن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان ئىسمىدا داۋاملىق قوللىنىپ كەلگەن. مەسىلەن: ماشۇجىننىڭ ئىسمى «ھەزرىتى بېشىر رەببىنى»؛ ماشۇجىننىڭ كېيىندىكى 2 - ئەۋلاد ئۇستاز ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرئان ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇل لوخمانى»؛ 3 - ئەۋلاد ئۇستازنىڭ قۇرئان ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇل توشرى»؛ 4 - ئەۋلاد ئۇستازنىڭ قۇرئان ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇل توخارى»؛ 5 - ئەۋلاد ئۇستازنىڭ قۇرئان ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇللا ساتتارى»؛ 6 - ئەۋلاد ئۇستاز ماجىڭخۇدىنىڭ قۇرئان ئىسمى «خوجا سەردىنى»[15].

مانا بۇلار بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا، خۇيخۇيلار مەزھىپىنىڭ تەزكىرىسىدىكى 25 - ئەۋلاد ھىدايىتۇللا مەيلى ئىسمى ياكى ھۆرمەت نامى جەھەتتىن بولسۇن، ئاپپاق خوجا بىلەن تامامەن ئوخشىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

(٢)

خوجىلار نەسەبنامىسىنىڭ ئەۋلاد سانىغا قارايدىغان بولساق، شىنجاڭدىكى ئاپپاق خوجىغا دائىر ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا، ئومۇمەن ئۇنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ «27-ئەۋلاد نەۋرىسى» دەپ ئاتىغان. «تەۋارىخ خەمسىيە» نىڭ بىر پاراگرافىدىكى ئىككى مىسرالىق شېئىردا:

«ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېنىق بولىدىكى،
ئۇ 27 ئەۋلاد ئارقىلىق پەيغەمبەر بىلەن باغلىنىدۇ» [8] دېيىلگەن.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيال — شۇ-سۇڭنىڭ «غەربىي رايوندىكى ئېقىن دەريالار»دا:

ئەلىنىڭ 25 - ئەۋلادى مەھمۇت ئىمىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ چوڭ ئوغلى قاسىم، ئۇ بۇخارا دۆلىتىدە تۇرغان؛ ئىككىنچى ئوغلى مۇسا، بەلخ دۆلىتىدە تۇرغان؛ ئۈچىنچى ئوغلى ئىمىن(؟) ئۆز يۇرتىدا تۇرغان؛ تۆتىنچى ئوغلى مەھمۇت يۇسۇپ، قەشقەردە تۇرغان قەشقەردە ئىسلام دىنى شۇنىڭدىن باشلانغان» [9] دېيىلگەن.

ۋېي يۈەننىڭ «غەربىي ئىشلار خاتىرىسى» دە: مۇنداق دېيىلگەن:

سۇي تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى مۇھەممەت ئىدى ... ئۇنىڭغا 26 - ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئىسمى مەھمۇت، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئاكىسى بىلەن دۆلەتلەرنى بۆلۈشكەن، شۇ چاغدا مەھمۇت پامىردىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە كەلگەن، شۇندىن باشلاپ شىنجاڭدا مۇسۇلمان سەردار بارلىققا كەلگەن» [10].

يۇقىرىقى ئىككى ھۆججەتتە، مەھەد ئىمىننىڭ 25 - ئەۋلاد ئىكەنلىكى، مەھمۇت يۇسۇپنىڭ 26 - ئەۋلاد ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان، ئاپپاق خوجا بولسا مەھمۇت يۇسۇپنىڭ ئوغلى، شۇڭا ئۇ 27 - ئەۋلاد ھېسابلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دىكى مۇسۇلمانلار شەجەرىسىدىمۇ ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ. بۇ شەجەرىگە ئاساسلانغاندا:

«پەيغەمبەر» بىرىنچى ئەۋلاد. «پەيغەمبەر» نىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى ئەلى ئىككىنچى ئەۋلاد. ئەلىنىڭ ئوغلى «ئىمام» ھەسەن، «ئىمام» ھۈسەيىن ئۈچىنچى ئەۋلاد، «ئىمام» ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئەلى ئەكبەر ...

تۆتىنچى ئەۋلاد ... مەھمۇت ئېمىننىڭ ئوغلى ... مامۇت يۈسۈپ ...
26 - ئەۋلاد ... مەھمۇت يۈسۈپنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا ...
27 - ئەۋلاد بولىدۇ ...» [10].

بۇ، ئىچكى رايونلارنىڭ ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ھىدايىتۇللا «خۇيخۇيلارنىڭ 25 - ئەۋلادى» دېيىلگەنگە قارىغاندا، ئىككى ئەۋلاد ئارتۇق. لېكىن، خۇددى خوۋورس (HOWOrth) شەرقشۇناس م. شېفېر (M·SCNefer) نىڭ خوجىلار ھەققىدىكى تەبىردىن كەلتۈرگەن نەقلىدىكىدەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر خەلىپىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋالغان، لېكىن ئۇلار «پەيغەمبەر» نىڭ قىزلىرىدىن تۇغۇلغان بولماستىن، باشقا ئاياللاردىن تۇغۇلغان. شۇڭا، خوجىلار ئىككى خىلغا ئايرىلغان: بىرى سەئىد ئاتا سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار خەلىپىگە قانداشلىق گۇۋاھنامىسىغا ئىگە؛ يەنە بىر خىلدىكىلەر جۇيبەرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئۇنداق گۇۋاھنامىسىنى يوقىتىپ قويغان، پەقەت رىۋايەتلەر ۋە ئاتاق - ئابرويىغا تايىنىپ خوجىلىق سالاھىيىتىنى تۇرغۇزالايدۇ [11]. XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلار ھەقىقىي خەلىپە ئەۋلادلىرى ئەمەس. بۇ خوجىلار ئۆزىنى ئۆزى خوجا دەپ ئاتىۋالغانلىقتىن، ھەر خىل رىۋايەتلەردە ۋە نەسەبنامە ئىشلىكىدە، ئەۋلاد تەرتىپى قالايمىقان بولۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن. ئاپپاق خوجىغا كەلسەك، ئۇمۇ ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 27 - ئەۋلاد نەۋرىسى دەپ قارىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بەزى ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ماتېرىياللار، مەسىلەن، «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى نەسەبنامىغا قارىغاندا، ئۇنى 25 - ئەۋلاد دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇفتى مەزھىپىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىلەن «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى نەسەبنامىسىنى بىرگە كۆرسەتتىم:

| «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى نەسەبنامە [12] | مۇفتى مەزھىپىنىڭ مەنبەسى [11] |
| --- | --- |
| مۇھەممەت مۇستافا | 1- پەيغەمبەر مۇھەممەت |
| فاتىمە زۆھرا | 2- ئەۋلاد ئۇستاز ئەبۇ بەكرى |
| ئىمام ئەھرۇل مۆمىن ئەلى | 3- ئەۋلاد ئۇستاز سۇلايمان |
| ئىمام ھەسەن. شەھىدى كەربالا | 4- ئەۋلات ئۇستاز ھاشىم ئەبۇبەكرىنىڭ نەۋرىسى |
| ئىمام زەينۇل ئابىدىن | 5- ئەۋلاد ئۇستاز جەئفەرى سادىق |

| | |
|---|---|
| 6- ئەۋلاد ئۇستاز ئەبۇيەزدى بىسۇتامىنىيە | ئىمام مۇھەممەت بۇكىن |
| 7- ئەۋلاد ئۇستاز ئەبۇ ھەسەن ھەلقانىيە | جەئفىرى سادىق |
| 8- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئەبۇھاشىم كۆلخانىيە | ئىمام مۇسا كازىم |
| 9- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرەت ئەبۇئەلى فالمدىيە | سەئىد ئىمام مۇھەممەت ئەلى مۇسا |
| 10- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئەبۇ يۇسۇپ ھەمەدانىي | سەئىد ئىمام مۇھەممەت تەكى |
| 11- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئابدۇل ئەجدۇانىيە | سەئىد ئىمام مۇھەممەت نەقى |
| 12- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئارىف رىقۇرىيە | سەئىد ئىمام مۇھەممەت ئەلى ئەسقىرى |
| 13- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى مەخمۇت ئەجرىيە | سەئىد ئابدۇللا ئەرەچ |
| 14- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ھاجى ئەلى رىمتەلىيە | سەئىد ئابدۇللا ئەفزەل |
| 15- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى مۇھەممەت بابا | سەئىد شاھ مۇسەيىن |
| سىماشىيە | سەئىد شاھ ھەسەن |
| 16- ئەۋلانۇستاز ھەزرىتى سەئىد ئەمىر قىمرانىيە | سەئىد جامالىددىن |
| 17- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى باھاۋىددىن | سەئىد كامالىددىن |
| نەقشبەندىيە | سەئىد بۇرخانىددىن |
| 18- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ياقۇب گەرزىنى | مىر مۇھەممەت دىۋانى |
| 19 - ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئەبەيدۇللا | سەئىد بۇرھانىددىن قىلىچ |
| ئىخخارىيە | سەئىد جالالىددىن |
| 20- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى مۇھەممەت غازى | مەخدۇم ئەزەم |
| 21- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم | مۇھەممەت ئىمىن خوجا※ |
| 22- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئىشان قىران | يۇسۇپ خوجا※ |
| 23- ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئىشان ھاشىم | ئاپپاق خوجا※ |
| 24 - ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ئىشان مۇھەممەت يۇسۇپ | |
| 25 - ئەۋلاد ئۇستاز ھەزرىتى ھىدايەت ئاپپاق مەسئۇل | |

※ جەدۋەلدىكى بەلگىسى قويۇلغانلار «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى، ئەۋلىيالار نەسەبنامىسى» گە ئاساسەن تولۇقلانغان.

بۇ ئىككى نەسەبنامىدا ھىدايىتۇللا بىلەن ئاپپاق خوجا ئوخشاشلا «پەيغەمبەر» نىڭ 25 - «ئەۋلادى» قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلە، ھەر قايسى ئەۋلادنىڭ ئىسىم جەدۋىلىدىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ. 1 - ئەۋلاد، 24 - ئەۋلاد، 25 - ئەۋلادتىكىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئەۋلاد تەرتىپى ھەر ئىككى نەسەبنامىدا تامامەن ئوخ-

شاش بولغاندىن باشقا، مۇفتى مەزھىپىنىڭ 5 - ئەۋلاد ۋە 21 - ئەۋلاد ئۇستازلىرى «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى 6 - ئەۋلاد ۋە 22 - ئەۋلاد ئۇستازلارنىڭ ئىسمىغا ئۇيغۇن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى بىر ئەۋلاد كېيىنگە سۈرۈلگەن، قالغان 20 ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىسمى تامامەن ئوخشاشمايدۇ.

نەسەبنامە مەسىلىسىگە كەلسەك، يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر ئەھۋال باركى، ئىنگلىزچىگە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان «خوجىلار تەزكىرىسى» نىڭ «مۇقەددىمىگە بادا» دېگەن قىسمىدا، شۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى ئالاھىدە نەقىل كەلتۈرگەن:

«سىلەر ئەشۇ نەسەب (قانداشلىق) نىڭ ئىچكى نەسەب ۋە تاشقى نەسەبتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار كېرەك. تاشقى نەسەب دېگەندە، پالانچى — پوستانچىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەقىقىي (ئىچكى نەسەب) نىڭ ۋارىسلىقى پەيغەمبەرنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلىغانلارغا بېرىلىدۇ.»

بۇ بىشارەت بىزگە يۇقىرىقى ئىككى نەسەبنامىنىڭ بىر-بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكتەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىۋېلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ. «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى نەسەبنامە خوجىلارنىڭ «تاشقى نەسەبنامە» سى يەنى «سەئىد» نى خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇنۋانى قىلغان جەمەت نەسەبنامىسىدىن ئىبارەت؛ مۇفتى مەزھىپىنىڭ نەسەبنامىسى بولسا، مەزھەپنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى ئاساس قىلغان ھىدايىتۇللا نەسەبنامىسى يەنى «ئىچكى نەسەبنامە» دىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ئىككى نەسەبنامىنىڭ بىر-بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يېقىندا، پارىسچە يېزىلغان «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى» - دېگەن بىر ماتېرىيالنى تېپىپ تەرجىمە قىلدۇردۇق، ئۇنىڭدا ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەجدادى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككى خىل نەسەبنامىسى خاتىرىلەنگەن. «تاشقى نەسەبنامە» دېگىنى جەمەت قانداشلىق نەسەبنامىسى بولۇپ، «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى نەسەبنامىدىن بىر ئەۋلاد ئارتۇق («ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى» گە ئاساسەن ھېسابلىغاندا، ئاپپاق خوجا 26-ئەۋلاد بولىدۇ) بولغاندىن باشقا، قالغان ئەۋلادلارنىڭ ئىسمى ئاساسەن ئوخشاش، بۇنى نەقىل كەلتۈرمىدۇق. «ئىچكى نەسەبنامە» دېگىنى «ئىلاھىيەت تەرىقەتچىلىرى سىستېمىسى» بولۇپ، ئۇ مۇفتى مەزھىپىنىڭ نەسەبنامىسىغا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئوخشىشىدۇ. بۇ ئىككى نەسەبنامىدىكى ئىسىملار خەنزۇچىگە

تەرجىمە قىلىنغاندا ئوخشاش بىر ئىسىم، ئوخشاش بولمىغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان لىقتىن، ئۇنى پەرقلەندۈرۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مۇفتى مەزھىپىنىڭ ھەر قايسى ئەۋلاد ئۇستازلىرىنىڭ قۇرئان ئىسمىنى قىسقارتىپ، «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى»نىڭ تەرىقەت سىستېمىسى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ تۆۋەندىكىچە كۆرسەتتۇق:

| مۇفتى مەزھىپىنىڭ پىر - ئۇستازلىرى | «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى»دىكى ئىلاھىيەت تەرىقەتچىلىرى سىستېمىسى |
|---|---|
| 1. مۇھەممەت | مۇھەممەت |
| 2. ئەبۇبەكرى | ئابا بەكرى سىدىق |
| 3. سۇلايمان | سەلمانى پارسى |
| 4. ھاشىم | مۇھەممەت قاسىم |
| 5. ئىمام جەففىرى سادىق | ئىمام جەففىرى سادىق |
| 6. ئەبۇيېزىدى بىستامىيە | بايزىد بەستامى |
| 7. ئەبۇ ھەسەن ھەلقانىيە | شەيخۇل ئوبۇل ھەسەن پەركانى |
| 8. ئەبۇ ھاشىم كۇلخانىيە | |
| 9. ئەبۇ ئەلى فالمەدىنىيە | |
| 10. ئەبۇ يۇسۇپ ھەمدانى | خوجا يۇسۇپ ھەمدانى |
| 11. ئابدۇل خالىق ھەجدۇۋانىيە | ئابدۇل خوجا خالىق ھەجدۇۋانى |
| 12. ئارىف رىۋكۇرىيە | خوجا ئارىپ رىۋەگرى |
| 13. مەھمۇت ئەجرىيە | خوجا مەخمۇدىل خەيرى پەئۇلىنەۋى |
| 14. ئەلى رىمتەلىيە | خوجا ئەلى رامىتى |
| 15. مۇھەممەت بابا سەمشىيە | خوجا بابا ئى سەماسى |
| 16. سەئىد ئەمىرقىرانىيە | مىركۇلالىددىن |
| 17. باھائىددىن نەقشىبەندىيە | خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى |
| 18. يەقۇب چەرچىنى | مەۋلانا ياقۇپ چەرخى |
| 19. ئوبەيدۇللا ئەخۋارىيە | خوجا ئۇبەيدۇللا ئەخۋارى |
| 20. مۇھەممەت قازى | مەۋلانا مۇھەممەت قازى |
| 21. مەخدۇم ئەزەم | مەخدۇمى ئەزەم |
| 22. ئىشان قىران | ئىشان قىران* |
| 23. ئىشان قاسىم | قاسىم* |
| 24. ئىشان مۇھەممەت يۇسۇپ | مۇھەممەت يۇسۇپ* |
| 25. ھىدايەت ئاپپاق | ئاپپاق خوجا* |

جەدۋەلدىكى (*) بەلگىسى قويۇلغان تۆت كىشىنىڭ ئىسمى «خوجىلار تەزكىرىسى» دىكى نەسەبنامىگە (⑦ ئىزاھقا قاراڭ) ۋە «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىراتى» غا (⑧ ئىزاھقا قاراڭ) ئاساسەن تولۇقلاندى.

بۇ ئىككى نەسەبنامىنى سېلىشتۇرغاندا، مۇفتى ئەزىمنىڭ 8، 9 ـ ئەۋلاد ئۇستازلىرىنىڭ «ئىسمى ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى» دە يوق، بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. قالغان 23 ئەۋلاد ئۇستازلارنىڭ ئىسمى ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇ ماتېرىيال توغرا ۋە كۈچلۈك ئىسپات بىلەن شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىكى، «خۇيخۇيلارنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان» دېگەن قاراش، ھەقىقەتەنمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكى رايونلارغا دىنىي تارقىتىش ئۈچۈن بارغانلىقىغا قارىتىلغان، ئۇ غەربىي شىمالدىكى خۇيخۇيلارغا ئەۋلاد نەسەبنامىسى قالدۇرغان. گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار ھىدايىتۇللانى «25 ـ ئەۋلاد ئۇستاز»، «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىشى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆزى قالدۇرغان تەرىقەت سىستېمىسىغا ئاساسەن ھېسابلاپ چىقارغان، ئۇ نەسەب ئۇنىڭ جەمەت قانداشلىق نەسەبىگە قارىتىلغان ئەمەس.

(3)

«خۇيخۇيلارنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى خەلق ئىچىدە تارقالغان بىر تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك» دېگەن سۆز تارىخ ـ جۇغراپىيە ئىلمىدا مۇكەممەل تەبىر بېرىلگەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارغا قارىتىلغان بولماستىن، ئومۇمەن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا قارىتائېيتىلغان. ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكى رايونلارغا بېرىپ ھەرىكەت قىلغان ۋاقتى ۋە بېسىپ ئۆتكەن جايلىرىنى، شىنجاڭدىكى خوجىلار تەزكىرىسىگە دائىر ماتېرىياللار ۋە غەربىي ـ شىمالدىكى مەزھەپلەر توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئايرىغاندا، ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىر خىلى، شىنجاڭدا بار ماتېرىياللاردىكى قاراش بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن «خوجىلار تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا، ئۇنىڭ قەشقەردىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، كەشمىر ئارقىلىق شىزاڭغا كىرگەنلىكى، شىزاڭ ھۆكۈمرانى نىڭ ياردىمىگە سازاۋەر بولغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئەسلى ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن دالاينىڭ ئەسكەر ئەۋەتىشى ھەققىدە خەت يېزىپ بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ قاراش چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق ئالىملارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. لېكىن ۋاقىت مەسىلىسىدە، ھىدا-

يەت تەزكىرىسى»* دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپپاق خوجا ئۆز ئاتا-بوۋىسى ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داخىبىد دېگەن جايدا 12 يىل ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن شىنجاڭغا بارغان ئىكەن، بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 1093-يىل (مىلادى 1682-يىل، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 21-يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، ئۇ «ھەر قايسى جايلاردا ئون يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ»* ئاندىن شىنجاڭغا بارغان، بۇ ۋاقىت مىلادى 1680-يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 19-يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى ماتېرىياللاردا، ئاساسەن، ئاپپاق خوجىنىڭ قايتىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ «ئاق تاغلىقلار» نىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

ئىككىنچى خىل قاراش، غەربىي شىمالدىكى مەزھەپلەرنىڭ قارىشى. خۇفىيە مەزھىپىنىڭ بېجياچاڭ تارمىقىدىن قالغان خاتىرىدە:

«كاڭشىنىڭ 11-يىلى مۇھەممەتنىڭ 25-ئەۋلادى — ھىدايىتۇللا مەككىدىن چىقىپ تەڭرى تېغى ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ دېگەن يېرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان»* دېيىلگەن. بۇ مەزھەپنىڭ يەنە بىر خىل خاتىرىسىدە:

«كاڭشىنىڭ 11-يىلى (1672) مۇھەممەتنىڭ 25-ئەۋلاد نەۋرىسى — خوجا ئاپپاق ھىدايىتۇللا ئىسلامنى دىن تارقاتقۇچى ئۇستاز ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ، شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ فېڭخۇاڭشەن دېگەن يېرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان»* دېيىلگەن.

خۇاسى مەزھىپىنىڭ خاتىرىسىدە:

«... كاڭشىنىڭ 10-يىلى (1671) مۇھەممەتنىڭ 25-ئەۋلاد نەۋرىسى ھىدايىتۇللا چىڭخەينىڭ شىنىڭ دېگەن يېرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سوپىچىلىق تەلىماتىنى تارقىتىپ، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ...»* دېيىلگەن.

ئەمما مۇفتى مەزھىپىنىڭ خاتىرىسىدە:

«كاڭشىنىڭ 10-يىلى (1617)، ماشۇ جېن شەنشىنىڭ شىگاڭ دېگەن يېرىدىن كەنسۇنىڭ خېجۇ دېگەن يېرىگە چاي سېتىش ئۈچۈن بارغاندا، يول ئۈستىدە مۇھەممەتنىڭ 25-ئەۋلاد نەۋرىسى ھەزرىتى ھىدايەت ئاپپاق مەسۇلىنىڭ خېخۇاڭ رايونىغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى

ئۇچراتقان ... كائىشىنىڭ 12-يىلى (1673). ھىدايەت چىڭخەيدە دىن تارقىتىۋاتقان چاغدا ... ماشۇجىن خۇائىجۇڭغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن»[1] دېيىلگەن.

مۇفتى مەزھىپىنىڭ يەنە بىر خاتىرىسىدە:

ماشۇجىنىڭ ھىدايىتۇللانىڭ چىڭخەيگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقان ۋاقتى كائىشىنىڭ 11-يىلى[1] دېيىلگەن. يۇقىرىقى خاتىرىدە ئېيتىلغىنىدىن بىر يىل كېيىن.

خۇفىيە مەزھىپىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ يۇقىرىقى خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپپاق خوجا كائىشىنىڭ 10-يىلى (1671) دىن كائىشىنىڭ 12-يىلى (1673) ئارىلىقىدا شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەيگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن بارغانلىقى مەلۇم. لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي مەقسىتى ھەققىدە، مەزھەپلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىكى قاراشلار بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. ئاپپاق خوجا ئەسلىدە بىر دىنىي داھىي بولۇپ، ئىسمايىل خان تەرىپىدىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، گەرچە ئاتاقتا «ساياھەت» نامى بىلەن يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەستىن چىقارمىغان. 1680 — 1682-يىللىرى ھەتتا خېيىم-خەتەردىن قورقماي شىزاڭغا بارغان. بۇ، ئۇنىڭ يەڭگىللىك بىلەن تەۋەككۇلچىلىك ھەرىكىتى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ 10 يىل تەييارلىق قىلىپ 1671 — 1673-يىللىرى چىڭخەيدە ئېلىپ بارغان دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرى دەل ئۇنىڭ شىزاڭغا بېرىشى ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مانا بۇ — ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇھەممەت «پەيغەمبەرنىڭ 25-ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ، «دىن تارقىتىش» بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئاستىرتىن ئاخبارات توپلاش، ئىئانە يىغىپ مەبلەغ جۇغلاش، ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، سىرتقى ھەربىي كۈچنىڭ ياردىمىنى ئىزلەشتىكى يولى بولغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەخپىي ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا، مەزھەپلەرنىڭ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلەنمەسلىكى تەبىئىي. ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سىياسىي مەقسىتى ئەمەلگە ئاشالىغان.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى خىل ماتېرىيالدا، بىر-بىرىنى ئىسپاتلايدىغان قاراشلارمۇ بار. قادىرىيە چوڭ گۈمبىزىنىڭ تەزكىرىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«كائىشىنىڭ 11-يىلى ... مۇھەممەتنىڭ 25-ئەۋلاد ئەۋرىسى ھىدا-

يىتۇللا ئاسىيانىڭ بۇخارا شەھىرىدىن شىزاڭ ئارقىلىق چىگرىنىڭ شىنىڭ شەھىرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان».

بۇ خاتىرىدە گەرچە ۋاقىت خاتا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىزاڭغا بارغانلىقىنى شىنجاڭدىكى ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ماتېرىياللاردا «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» بىلەن «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى» دە، ئۇنىڭ ئىچكى رايوندىكى سەپىرىدە، سالا شەھىرىگە بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن:

«سالالىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان. ئۇلار سالا شەھىرىدە ئالتە ئاي تۇرغان. مەدرىس سالدۇرۇپ، مەخسۇس دىنىي دەرس ئوقۇتۇپ دىن تارقاتقان. سالالىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ بەيئەت قىلغان. بىر نەچچە كىشى مۇستەقىم يولى ئارقىلىق ئاللاغا يېقىنلىشىپ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. بەزىلىرى بەگ بولغان. ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بىر كىشىنى ئۆز ئورنىدا خەلىپە بولۇشقا تەيىنلىگەن. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋېكايىتۇللا ئاخۇن بولۇپ، لەقىمى ئالتۇن باش ئاخۇنۇم»[①].

بۇ ئابزاس خاتىرىگە ئاساسەن ئانالىز قىلغاندا، «سالا شەھىرى» دېگىنى چىگرىنىڭ شۈنخۇا رايوندىكى سالا مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم بىر شەھەر (بازار) بولۇشى كېرەك. شۈنخۇانىڭ شىمالىي قىسمىدىن شىنىڭ ۋە خۇاڭجۇڭغا بارىدىغان يول ئانچە يىراق ئەمەس. بۇ خاتىرە بىلەن مەزھەپلەرنىڭ ماتېرىياللىرىدىكى ھىدايىتۇللانىڭ شىنىڭ ياكى خۇاڭجۇڭغا بېرىپ دىن تارقاتقانلىقى توغرىسىدىكى بايانلارنى ئۆز ئارا ئىسپاتلاشقىمۇ بولىدۇ.

مەزھەپ ماتېرىياللىرىدا، يەنە «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ جۇڭگوغا نەچچە نۆۋەت كەلگەنىكەن»[②] دېگەن سۆزلەرمۇ بار. ئەمما، مەزھەپلەر خاتىرىسىدىكى بىر نەچچە خىل قاراشلاردا، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ 1671 — 1673-يىللىرى چىگرىنىڭ شىنىڭ، خۇاڭجۇڭ دېگەن جايلىرىدا دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(4)

بېجياچاڭ مەزھەپنىڭ تەزكىرىسىدە، «خۇيخۇيلارنىڭ 25-ئەۋلادى» چىگرىدىكى
مەزكۇر مەزھەپنىڭ پىشۋاسى «مازۇچىلىك باپاڭ شاگىردى مەسچىتىنىڭ
كەلگەندە،

ئاخۇنى تاي بابا (ئەرەب)، چىمىسى مەسچىتىنىڭ ئىككىنچى خوجىسى چى جىگىي، ليۇ ھەزرەت ۋە مالەيچىنىڭ ئاتىسى ماشۇەن قاتارلىقلار بىلەن بىرگە چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ دېگەن يېرىگە بېرىپ «پەيغەمبەر ئەۋلادى» خوجا ئاپپاق بىلەن كۆرۈشكەن ... ئۇ، مازۇگشىڭ، تاي بابا. ليۇ ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەرگە خۇپىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، «زىكر» نى ئاپشۇرغان ۋە ئەستايىدىل ئىبادەت قىلىپ، ناماز ئۆتەپ دىن تارقىتىشنى تاپىلىغان» دېپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ خاتىرىدە «خۇپىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى» توغرىسىدىكى بايان ئانچە تەپسىلىي بولمىسىمۇ، لېكىن «زىكر» نى ئاپشۇرغانلىقى شىنجاڭدىكى سۇفى مەزھىپى ئاتاپ كېلىۋاتقان «زىكر» بىلەن ئوخشاش. بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئەسلەش» دېگەن بولىدۇ، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «زىكر» ئاللاغا بولغان مەدھىيىگە قارىتىلغان. شىنجاڭدىكى سۇفىزىم ئېقىمى — ئىشان مەزھىپى ئارىسىدا، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ «زىكر» ئوقۇش شەكلى ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ھەر قايسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەر خىل ئالاھىدە دىنىي رەسمىيەتلىرى شەكىللەنگەن. خۇپىيە مەزھەپدىكىلەر «زىكر» نى پەس ئاۋازدا ئوقۇيدۇ، ئاپپاق خوجا بۇ شەكىلنى ئىچكى رايونلارغا ئېلىپ بارغان، بۇ، خۇپىيە مەزھىپىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ تائەت ئىبادەت قىلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم دىنىي دەرس بولۇپ قالغان.

بۇ مەزھەپنىڭ تەزكىرىسىدىكى يەنە بىر بايانىدا:

> شۇ چاغدا مازۇگشىڭ بافاڭشىمالىي مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى ئىدى، ... شاڭئېرشى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى تاي بابا، خۇاسى مەسچىتىدىكى مالەيچىنىڭ ئاتىسى ماشۇەن، چى ئېر تەيىپ، چوڭ گۇمبەزدىكى چىجىگىي ۋە ليۇ ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرگە خۇاڭجۇڭغا بارغان... ھىدايىتۇللادىن «شەرىئەت» ۋە «تەرىقەت» توغرىسىدىكى تەلىمنى قوبۇل قىلغان. قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، چېدىر تىكىپ دەرس ئۆتۈپ، خۇپىيە مەزھىپىنىڭ كۆز قارىشىنى تارقاتقان» دېيىلگەن.

بۇ يەردە «خۇپىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى» ئاز - تولا بايان قىلىنغان، يەنى ئاپپاق خوجا تارقاتقان «شەرىئەت» بىلەن «تەرىقەت» تىلغا ئېلىنغان. «شەرىئەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «دىنىي قائىدە» دېگەن بولىدۇ، كېڭەيتىلگەن مەنىسى «تائەت» ياكى «ئىبادەت» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، ئۆشرە-

زاكات بېرىش قاتارلىق «بەش پەرز» نى ئادا قىلىش ۋە ئاللاغا مۇرىدەت قىلىش، ئاللادىن قورقۇش، ئاللاغا تايىنىش ئارقىلىق ئاللانى تونۇش ۋە ئاللاغا يېقىنلىشىش مەقسىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىندۇ. «ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ يولى» دېگىنى ئەنە شۇ. «تەرىقەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «زاھىتلىق قىلىش» يەنى مىستىك سىزىم تەشەببۇس قىلغان دىلنى پاك تۇتۇپ، نەپسى ھەۋەستىن خالىي بولۇش، نىيەت ئىقبالىنى توغرىلاپ ئۆزىنى تەربىيىلەش، جىم ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش، دېمەك، زاھىتلىق بىلەن چېنىقىش ئارقىلىق بەندە بىلەن ئاللانى بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش چارىسىدىن ئىبارەت.

ۋەھالەنكى، يۇقىرىقى تەزكىرىدە، خۇپىيە خۇاسى مەزھىپىنىڭ ئۇستازى مالەيچىنىڭ ئاتىسى ماشۇەن ۋە قادىرىيە چوڭ گۈمبىزىنىڭ ئاساسچىسى چى جىگىيى بۇ تەلىماتلارغا ئېرىشەلمىگەن. خۇاسى مەزھىپىنىڭ تەزكىرىسىدە، ماشۇەننىڭ ھىدايىتۇللاغا بىر جۈپ كۈمۈچ لوڭقا ۋە باشقا قىممەتلىك سوغىلارنى تەقدىم قىلغانلىقى، ھىدايىتۇللانىڭ ئۇنىڭغا دۇئا بەرگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆيلۈك، باللىق بولىدىغانلىقىنى بىشارەت قىلغان. دەرۋەقە، ماشۇەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن بىر باللىق بولغان، بالىسىنىڭ ئىسمىنى «ئايدۇلپەلىم» قويغان. بۇ بالا ئەنە شۇ خۇاسى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى مالەيچى بولىدۇ. چى جىگىيى توغرىسىدا، ئۇ پەقەت ھىدايىتۇللانىڭ «ئۇستاز شەرقتىن كېلىدۇ، سىز تېز بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلىڭ» دېگەن بىشارىتىگىلا ئېرىشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ رىۋايەت مۇھەممەتنىڭ 29 - ئەۋلادى نەۋرىسى خوجا ئابدۇللانىڭ دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ قادىرىيە مەزھىپىنى تارقاتقانلىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك، چى جىگىي ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ چوڭ گۈمبەز مەزھىپىنى قۇرغان ئىكەن (41). ھىدايىتۇللانىڭ ماشۇەننىڭ باللىق بولۇشى ۋە چى جىگىينىڭ ئۇستاز تۇتۇشى توغرىسىدىكى ئىككى بىشارىتى ئەمەلىيەتتە دىنىي جەھەتتىكى توقۇپ چىقىلغان گەپلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت — خۇاسى مەزھىپىنىڭ مەنبەسى ۋە قادىرىيە گۈمبىزىنىڭ بىنا قىلىنىشىنى «خۇيخۇيلارنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان» دېگەن قاراش بىلەن باغلاشتىن ئىبارەت. بۇ رىۋايەتلەر گەرچە تارىخنىڭ چىنلىقىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، كىشىلەرگە ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكى رايونلارغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن بارغان چېغىدا قالدۇرغان تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ۋە كەڭ بولغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

مۇفتى مەزھىپى خۇپىيە مەزھىپىنىڭ ئىككىنچى چوڭ تارماق مەزھىپى بولۇپ، بۇ مەزھەپنىڭ تەزكىرىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ «پىر ئۇستازى» ماشۇجېننىڭمۇ «پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلادى» دىن بىۋاسىتە تەلىم ئالغانلىقى بايان قىلىنغان. ماشۇجېن كاڭشىنىڭ

10 - يىلى (بەزىلەر كاڭشىنىڭ 11 - يىلى دەيدۇ، ماقالىنىڭ (3) قىسمىغا قارالسۇن)، شەنشىدىن گەنسۇغا چاي سېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ھىدايىتۇللانى ئۇچراتقان ھەمدە «پەيغەمبەر ئەۋلادى» نىڭ دۇمبىسىگە چىققان جاراھەتنى داۋالىغانلىقتىن، كېيىنكى يىلى ماشۇجېن چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگە بارغاندا، ھىدايىتۇللا «ئۇنى مۇرشىدلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا خۇپىيە قائىدىلىرى ۋە چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان پەرزلەرنى ئۆگەتكەن، ئۇنىڭغا بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلىش ۋە باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىشنى تاپىلىغان ھەمدە، ئۇنىڭغا مۇفتى دەپ نام بەرگەن، يەنە ئۆزىنىڭ بۇيۇملىرىدىن كىتاب، تەسۋى، سەللە قاتارلىق سەككىز تۇرلۇك نەرسىنى دىن تارقىتىشنىڭ ئىسپاتى قىلىش ئۈچۈن ماشۇجېنغا بەرگەن، كېيىن مۇفتى مەزھىپىدىكىلەر بۇلارنى «سەككىز گۆھەر» دەپ ئاتىغان». ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەزھەپتىكىلەر كېيىن مەخسۇس «گۆھەر بىناسى» سالدۇرۇپ، بۇ نەرسىلەرنى شۇنىڭ ئىچىدە ساقلىغان. ئەمما تۇڭجىرۇۋ گۇاڭشۇ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭدا يوقىلىپ كەتكەن. بۇ سەككىز گۆھەر ئىچىدىكى «كىتاب» نىڭ قايسى كىتاب ئىكەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدۇ. لېكىن ئىلگىرى دولۇن دىن تارقىتىش ئۈچۈن گەنسۇدىن يىغىۋالغان ئون بىر خىل ئىسلام كىلاسسىك ئەسىرىدىن بەش خىلى نەخشىبەندىيىگە ئائىت ئەسەر (43) ئىكەن. مۇفتى مەزھىپىنىڭ گەنسۇدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاپپاق خوجا ماشۇجېنغا «پەرزلەرنى ئادا قىلىش ۋە باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىش» نى تاپىلىغاندا، خۇپىيە كىلاسسىك ئەسەرلىرى تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا «تەسۋى» بىلەن «سەللە» شىنجاڭدىكى ئىشان مەزھىپىدىكىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان دىنىي بۇيۇملاردۇر (44). ئاپپاق خوجا ئىچكى رايونلاردا دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، خۇپىيە مەزھىپىنىڭ دىنىي قائىدە ۋە رەسمىيەتلىرىنى ئۆگىتىپلا قالماي، بەلكى مىستىسىزم مەزھىپى ئىشلىتىدىغان كىتاب ۋە بۇيۇملارنىمۇ بىۋاسىتە تارقىتىپ بەرگەن، بۇمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە. ئاپپاق خوجا ماشۇجېننى «مۇرشىد» لىققا قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنىڭغا «مۇفتى» دەپ نام بەرگەن. «مۇفتى» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارنىڭ ئەمەل نامى. بۇ نامنى بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ماشۇجېننى ئەتىۋارلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «مۇرشىد» مۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «يول تاپقۇچى»، «يول باشلىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇمۇ سوفىزم مەزھىپىدىكى دىنىي ئۇستازلارغا بېرىلىدىغان خاس ئىسىم. ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ تەزكىرىسىدىكى بايانلارنى ئومۇملاشتۇرغىنىمىزدا، شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى:

ئاپپاق خوجا «گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدە ئۈچ مۇرشىد قوبۇل قىلغان: بىرىنچىسى، شىنىڭدىكى لى تاي بابا، ئۇ ھىدايەتنىڭ ياردەمچىسى ھەم ماشۇجېننىڭ ئۇس-

ئازى، ئۇنىڭ ئىزباسارى شىنجاڭدىكى تۇڭ تاي بابا؛ ئىككىنچىسى، خېجۇ بافاڭدىكى مازۇڭشىك، ئۇ بىجياچاڭ مەزھىپىنىڭ پىر - ئۇستازى؛ ئۈچىنچىسى، تاۋياڭ بېيشياڭدىكى ماشۇجىن بولۇپ، ئۇ مۇفتى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى» (45).

ئاپپاق خوجىدىن تەلىم ئالغان بۇ ئۈچ ئۇستازنىڭ مەزھەپ تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش دەپ قارىماي بولمايدۇ.

خۇپىيە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «يوشۇرۇن»، «تۆۋەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا بۇ مەزھەپ يەنە «تۆۋەن ئاۋازچىلار»، «تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ئوقۇغۇچىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەزھەپ ئەڭ بۇرۇن ئەرەبنىڭ شام شەھىرىدىكى سۇفى ئوبۇل ھاشىمدىن تارقالغان، كېيىن شامدىن قۇددۇس، يەمەن، مىسىر، ئىران، ئىراق، مەككە، مەدىنە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كىرگەن (46). XIV ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارالىق خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى بۇ مەزھەپنىڭ دىنىي قائىدىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشقا قانائەت قىلىش، ئەسەبىيلەشكەن دىنىي رەسمىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش، سۈكۈت بىلەن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق نىيەت ئىقبالىنى پاكلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. پاك نىيەتلىك بولۇش شۇنىڭ بىلەن سۇفىزمنىڭ ئورتۇدوكال گۇرۇھى ۋۇجۇدقا كەلگەن. شۇڭا بۇ گۇرۇھ يەنە «نەقشىبەندىيە» (مەخپىي دىن تارقاتقۇچىلار) دەپمۇ ئاتالغان. ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ بوۋىسى — ئاتاقلىق ئىلاھىيەتشۇناس مەخدۇم ئەزەم مۇشۇ مەزھەپنى ۋاھىغا يەتكۈزگەن كىشى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭ چىقارغان. مەخدۇم ئەزەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن ئىسھاق ۋەلى دىن تارقىتىش جەريانىدا ئورۇن-مەرتىۋە تالىشىپ، «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن ھەمدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭغا كىرگەن. شىنجاڭدىكى ئىشان مەزھىپى (يەنى سۇفىزمچىلار) نىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئەنە شۇ ئىدى. بۇ مىستىسىزم مەزھىپى شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، شىئە مەزھىپىنىڭ غەيرى ئەقىدىلىرىنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، مازار (ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسى) گە تاۋاپ قىلىش ۋە خوجىلار (پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى) غا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى ھەمدە سۇفىزمنىڭ باشقا تارماقلىرىنىڭ دىنىي قائىدە - يوسۇنلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر قايسى مەزھەپ ئىشانلىرى — خوجىلارنىڭ دىنىي ھوقۇق بىلەن ھاكىمىيەت ھوقۇقى بىر گەۋدىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۆز جەمەتى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان فېئوداللىق دىنىي ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى-

نى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خۇسۇسىيەتلەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئىچكى رايونلاردىكى ئىسلام دىنىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئاپپاق خوجا ساياھەت نامى بىلەن، شىنجاڭدىكى مۇتەسسىۋىزمنىڭ ئىچكى رايونلارغا تارقىلىشى ئۈچۈن تۇنجى يولنى ئاچقان. بۇنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئانالىز قىلىش ۋە باھالاش لازىم. ئۇنىڭ ئىچكى رايونلاردا ھەرىكەت قىلىشتىكى سىياسىي مەقسىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا خان بولۇشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى، نەتىجىدە جۇڭغار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى 70 نەچچە يىل قۇل قىلىشى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، «ئاق تاغلىقلار»نى «قاراتاغلىقلار»نى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشقا قۇترىتىپ، بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشنىڭ 200 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇ بالايىئاپەت مەملىكەتنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇ بىر تارىخىي شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ جىنايى مەسئۇلىيىتى بار. لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى رايونلاردا ئېلىپ بارغان دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرى يەنە بىر تەرەپتىن خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۆچمەس ئىزىنى قالدۇرغان. دەرۋەقە، ئىچكى رايونلاردىكى ئىسلام مۇتەسسىۋىزمنىڭ ئون چوڭ مەزھىپى ۋە 40 قايىپقىن تارماق مەزھىپىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئاپپاق خوجا يەنىلا شىنجاڭدىن ئىچكى رايونلارغا بېرىپ ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن دىن تارقاتقۇچى بولۇپ، ھامىنىشىنىڭ يەمەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىن سۇفىزم مەزھىپىنىڭ جەھرىيە تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ غەربىي شىمالدا تارقاتقانلىقىدىن بىر ئەسىر بالدۇر. «خۇيزۇلارنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان» لىقى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگولىشىش جەريانىدىكى بىر مۇھىم ۋەقە. بۇ قاراشنىڭ ھەقىقىي ئاساسىنى ئېنىقلاش جۇڭگو ئىسلام تارىخىنىڭ باسقۇچلارغا بۆلۈنۈشى، شىئە مەزھىپىنىڭ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىغا بولغان تەسىرى، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن ئىچكى رايونلاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشى، سىڭىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، جۇڭگودىكى مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ كېلىش مەنبەسى، شىنجاڭدىكى خوجىلار سىستېمىسى بىلەن ئىچكى رايونلاردىكى مەزھەپ تۈزۈمىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، ئىسلام دىنى مۇتەسسىۋىزمنىڭ شىنجاڭدىكى خوجىلار توپىلىڭى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىدا ئويىنىغان ئوخشاش بولمىغان روللىرى قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، بىزنى نۇرغۇن يېڭى ئىلھام ۋە بىشارەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، جۇڭ-

گودىكى ئىسلام دىنى تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كونكرېت ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئىزاھلار:

① شۈۋېنبو: «شىئە مەزھىپىنىڭ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىپىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» دېگەن ماقالە، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى.

② يەنۋېيلىن: «نىڭشيادىكى ئىسلام دىنى سۇفى مەزھىپىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، جۇڭگو دىنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ 1981-يىلدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرىدىن بىرى، شاپىگراپ نۇسخىسى: ماتۇڭ: «مۇفتى مەزھىپى ۋە ھىدايىتۇللا»، 1982-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو غەربىي شىمال بەش ئۆلكە (رايون) ئىسلام دىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرىدىن بىرى، مەتبەئە نۇسخىسى.

③ ئاپتورى نامەلۇم، ئەسلى نۇسخىسى شاپىگراپتا بېسىلغان، بۇ نەقىل گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان قول يازما نۇسخىسىنىڭ فۇيىن قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

④ ماتۇڭ: گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1981-يىل 10-ئايدا تۈزۈپ باسقان.

⑤ «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» 48-جىلد. «پارچە خاتىرىلەر» 2-قىسىم.

⑥ ئەنۋەر بايتۇر: «ئاپپاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1982-يىل، 5-سان.

⑦ ھاجى نۇرھاجى: «ئىسلام مىستىتسىزمى (سۇفىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ماھىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1983-يىل 7-سان.

⑧ ۋاڭ شۇلى: «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 81-يىل خەنزۇچە ئومۇمىي 40-سان.

⑨ «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى نامەلۇم، ئەسلى نۇسخىسى چاغاتاي يېزىقىدا بولۇپ، ئۇيغۇرچە قول يازما نۇسخىسى ھىجرىيە 1326-يىلى (1908-يىلى تاماملانغان. بۇ يەردىكى نەقىل شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1980-يىل تەرجىمە قىلدۇرغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

⑪ — ⑫.⑦ ئىزاھلاردا كۆرسىتىلگەن تېكىستلەرگە قاراڭ.

⑫ ماتۇك: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 281 ـ بەت.

⑬ قۇربان ئەلى ۋالىد ھاجىخالىد: «تۋارىخ خەمسىيە» نىڭ «ئەۋلىيا ئاپپاقنىڭ ئىسمى، خوجا نامى ۋە باشقىلار» دېگەن ئابزاسىغا قاراڭ. ئەسلى نۇسخىسى تاتار تىلىدا يېزىلغان، 1910 ـ يىلى تاماملانغان. بۇ يەردىكى نەقىل شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلدۇرغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

⑭ — ③ ئىزاھىتىگە ئوخشاش.

⑮ شۇ كىتاب، 257 ـ، 271 — 262 ـ بەتلەر.

⑯ — ⑫ ئىزاھىتىگە ئوخشاش.

⑰ — ① ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن ماقالىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑱ «ھەربىي ئىشلار خاتىرىسى» 4 ـ جىلد.

⑲ — ⑤ ئىزاھىتىگە ئوخشاش.

⑳ خوۋۇ: «موڭغۇل تارىخى» II، 870 ـ بەت (ئىنگلىزچە نەشرى).

㉑ — ④ ئىزاھىتىگە ئوخشاش، 278 — 281 ـ بەتلەر.

㉒ — ⑨ ئىزاھىتىگە ئوخشاش.

㉓ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «مىللەتلەر تارىخى تەرجىمە توپلىمى» دىن ئېلىنغان، 1980 ـ يىل 8 ـ سان، 70 ـ بەت.

㉔ «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى نامەلۇم، بۇ كىتابنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەسلى تېكىستى پارسچە قول يازما بولۇپ، بۇ يەردىكى نەقىل شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلدۇرغان خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

㉕ «خوجىلار تەزكىرىسى»، مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ھىجرىيە 1182 ـ يىلى (1768 — 1769) يازغان چاغاتاي يېزىقىدىكى قول يازمىسى، ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. بۇ يەردىكى نەقىل شۇ ئىنستىتۇت تۈزگەن «مىللەتلەر تارىخى تەرجىمە توپلىمى» 1980 ـ يىل، 8 ـ سانىدىن ئېلىندى.

㉖ بەزىلەر ئۇنى دالەي لاما دەپ يازغان، چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ: «روسىيىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا» دېگەن كىتابىنىڭ 169 ـ بېتىگە قاراڭ؛ يەنە بەزىلەر ئۇنى ⑪ ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن ماقالىدىكى دەلىلگە دىباساڭجېجاسو دەپ يازغان،

تاراڭ . مۇشۇ ماقالىنىڭ ئىسپاتى.

«ھىدايەت تەزكىرىسى»، مۇللاياقۇپ ئىبنى ئۆمەر روزى يازغان، قەشقەرلىق موللا رەھىم خەتتىپ ھىجرىيە 1300 - يىلى (1883) كۆچۈرۈپ چىققان. ئەسلى نۇسخىسى چاغاتاي يېزىقىدا بولۇپ، ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا .

— ئىزاھىتىمگە ئوخشاش.

— ئىزاھىتىمگە ئوخشاش.

— ④ ئىزاھىتىمگە ئوخشاش، 222 - بەت.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 230 - بەت

يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 259 - بەت

— ئىزاھىتىمگە ئوخشاش.

— ئىزاھىتىمگە ئوخشاش.

— ② ۋە ⑤ ئىزاھىتىمگە ئوخشاش.

— ⑧ ئىزاھىتىمگە ئوخشاش.

— ئىزاھىتىمگە ئوخشاش، 222 - بەت.

— ③ ئىزاھىتىمگە ئوخشاش.

(41) — ئىزاھىتىمگە ئوخشاش، 222 -، 229 -، 230 - بەتلەر.

(42) — ئىزاھىتىمگە ئوخشاش 259 — 260 - بەتلەر.

(43) ياپونىيىلىك زوكوتو يازغان، لىن سۇچۈن تەرجىمە قىلغان: «XVIII — XIX ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 2 - قىسىم، 655 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

(44) «تەسۋى» سوپىلار ئىبادەتكە ئولتۇرغاندا ئىشلىتىدىغان بۇيۇم بولۇپ، ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۈچ جۈملە سۆز بىلەن ئاللانى 33 قېتىم مەدھىيىلەش كېرەك بولغاچقا، تەسۋىنىڭ ئۈرۈقى ئادەتتە 99 دانە بولىدۇ، بىر دانىنى ئۆتكۈزگەندە بىر قېتىم مەدھىيىلىنىدۇ، ئەگەر ئۈرۈق 33 دانىلا بولسا، تەسۋى ئۈرۈقلىرى ئۈچ قېتىم تەكرار ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ «سەللە» مۇسۇلمان ئاقساقاللىرى ياكى دىنىي ئالىملار بېشىغا يۆگەيدىغان لاتا بۇيۇم.

(45) — ئىزاھىتىمگە ئوخشاش، 227 - بەت.

ئادالەت توختى تەرجىمىسى

# دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن دۇنيادا قانچە ئادەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؟ كۇۋەيت «ئەرەبلەر» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ بۇ يىل يانۋاردا ئېچىلغان «ئالىي ئىسلام يىغىنى» دىن كېيىن ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا: 1985-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى 921 مىليون 27 مىڭ كىشىگە يېتىپ، خەلقئارا ستاتىستىكا تەشكىلاتى ئېلان قىلغان شۇ مەزگىلدىكى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى — 4 مىليارد 882 مىليون 42 مىڭ كىشىنىڭ 18.54 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

ھەر قايسى قىتئە ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كونكرېت تارقىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئاسىيا قىتئەسى:

| دۆلەتلەر نامى | مۇسۇلمانلار نوپۇسى | شۇ دۆلەت نوپۇسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى |
|---|---|---|
| ئافغانىستان | 17مىليون 758 مىڭ | 99% |
| بىنگال | 83مىليون 894 مىڭ | 85% |
| سەئۇدى ئەرەبىستانى | 10 مىليون 678 مىڭ | 95% |
| كۇۋەيت | 1 مىليون 777 مىڭ | 93% |
| بەھرەين | 412 مىڭ | 96% |
| ئومان | 1 مىليون 41 مىڭ | 100% |
| برۇنېي | 141 مىڭ | 60% |
| سىرىلانكا | 1 مىليون 19 مىڭ | 6.8% |
| نېپال | 454 مىڭ | 2% |
| ئىران | 44 مىليون 100 مىڭ | 98% |
| سۇرىيە | 8 مىليون 932 مىڭ | 87% |
| قاتار | 301 مىڭ | 100% |
| ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى | 1 مىليون 178 مىڭ | 92% |
| ھىندونېزىيە | 150 مىليون | 90% |
| ئىراق | 15 مىليون 842 مىڭ | 95% |

| | | |
|---|---|---|
| هىندىستان | 94 مىليون 572 مىڭ | 12% |
| مالايشىيا | 7 مىليون 525 مىڭ | 48% |
| فىلىپپىن | 5 مىليون | 8% |
| بىرما | 1 مىليون 364 مىڭ | 4% |
| پاكىستان | 97 مىليون 345 مىڭ | 97% |
| تۈركىيە | 48 مىليون 287 مىڭ | 99% |
| لىۋان | 1 مىليون 385 مىڭ | 51% |
| ئىئوردانىيە | 3 مىليون 134 مىڭ | 93% |
| ئەرەب يەمەن | 7مىليون 148 مىڭ | 99% |
| يەمەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى | 2 مىليون 124 مىڭ | 100% |
| جۇڭگو | 16 مىليون 689 مىڭ | 1.6% |
| بوتان | 39 مىڭ | 3% |
| سىنگاپور | 413 مىڭ | 16.9% |
| كامبودژا | 207 مىڭ | 2.9% |
| موڭغۇلىيە | 37 مىڭ | 2.2% |
| مالدىۋىيە | 182 مىڭ | 100% |
| ئىئوردانىيەدەرياسىنىڭغەربىي قىرغىقىدىكىگازارايونى | 1 مىليون 149 مىڭ | 72% |
| ئىگەللىۋېلىنغان پەلەستىن | 611 مىڭ | 14.2% |
| لائوس | 38 مىڭ | 1.1% |
| تايلاند | 1 مىليون 918 مىڭ | 4% |

ئاسىيا قىتئەسىدىكى يۇقىرىقىلاردىن باشقا سەككىز دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 174 مىڭ كىشى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى 1 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. ئاسىيا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 626 مىليون 866 مىڭ كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 36.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئافرىقا قىتئەسى:

| | | |
|---|---|---|
| مىسر | 43 مىليون 652 مىڭ | 92% |
| سۇدان | 1 مىليون 726 مىڭ | 73% |
| گۋىنىيە | 4 مىليون 343 مىڭ | 80% |
| نىگېرىيە | 44 مىليون 421 مىڭ | 46% |
| يۇقىرى ۋولتا | 1 مىليون 581 مىڭ | 25% |
| لىبېرىيە | 291 مىڭ | 15% |
| مالاۋى | 686 مىڭ | 11% |
| گابون | 2 مىليون | 3% |
| بوتسۋانا | 19 مىڭ | 2% |
| لىۋىيە | 3 مىليون 961 مىڭ | 98% |
| ماراكەش | 23 مىليون 151 مىڭ | 95% |
| گامبىيە | 644 مىڭ | 86% |
| مالى | 5 مىليون 501 مىڭ | 68% |
| چاد | 2 مىليون 359 مىڭ | 47% |
| پىل چىشى قىرغىقى | 2 مىليون 827 مىڭ | 33% |
| داھ ئومەي | 539 مىڭ | 15% |
| سېنېگال | 5 مىليون 315 مىڭ | 86% |
| توگو | 309 مىڭ | 12% |
| كېنىيە | 1 مىليون 267 مىڭ | 7.3% |
| زايىر | 446 مىڭ | 1.5% |
| لېسوتو | 13 مىڭ | 1% |
| تۇنىس | 7 مىليون 113 مىڭ | 99% |
| غەربىي سەھرا | 150 مىڭ | 100% |
| سومالى | 5 مىليون 758 مىڭ | 99% |
| نىگېر | 5 مىليون 315 مىڭ | 85% |
| سېررا لېئونې | 2 مىليون 751 مىڭ | 70% |
| تانزانىيە | 6 مىليون 123 مىڭ | 32% |
| گۋىنىيە (بىسساۋ) | 276 مىڭ | 35% |
| گانا | 2 مىليون 247 مىڭ | 19% |

| | | |
|---|---|---|
| كامېرون | 1 مىليون 300 مىڭ | 15% |
| ئوتتۇرا ئافرىقا | 138 مىڭ | 6% |
| بۇرۇندى | 84 مىڭ | 2% |
| ماداگاسكار | 100 مىڭ | 1% |
| ئالجىرىيە | 21 مىليون 513 مىڭ | 99% |
| ماۋرىتانىيە | 1 مىليون 639 مىڭ | 100% |
| جىبۇتى | 407 مىڭ | 95% |
| ئۇگاندا | 4 مىليون 500 مىڭ | 30% |
| ئېفىئوپىيە | 11 مىليون 190 مىڭ | 35% |
| ماۋرىتىۇس | 160 مىڭ | 16.5% |
| موزامبىك | 1 مىليون 685 مىڭ | 14% |
| رۋاندا | 267 مىڭ | 5% |
| جەنۇبىي ئافرىقا | 443 مىڭ | 1.5% |
| رېيۇنىئون ئارىلى | 12 مىڭ | 2.3% |
| كومورو تاقىم ئارىلى | 402 مىڭ | 99% |

ئافرىقا قىتئەسىدىكى يۇقىرىقىلاردىن باشقا 10 دۆلەت ۋە رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 81 مىڭ كىشى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى 1 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 232 مىليون 230 مىڭ 200 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 43 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ياۋروپا قىتئەسى:

| | | |
|---|---|---|
| سوۋېت ئىتتىپاقى | 46 مىليون 814 مىڭ | 17% |
| ئالبانىيە | 1 مىليون 700 مىڭ | 60% |
| فرانسىيە | 2 مىليون 450 مىڭ | 4.5% |
| غەربىي گېرمانىيە | 1 مىليون 700 مىڭ | 2.75% |
| سىپرۇس | 117 مىڭ | 19% |
| جىبىلتارۇق | 3 مىڭ | 10% |
| ئەنگلىيە | 800 مىڭ | 1.43% |
| بۇلغارىيە | 800 مىڭ | 9% |
| بېلگىيە | 250 مىڭ | 2.5% |

| | | |
|---|---|---|
| ئاۋىستىرىيە | 86 مىڭ | 1.15% |
| يۇگوسلاۋىيە | 3 مىليون | 13.5% |
| گوللاندىيە | 146 مىڭ | 2.1% |
| گىرېتسىيە | | 1.5% |

ياۋروپا قىتئەسىدىكى يۇقىرىقىلاردىن باشقا دۆلەتلەردە بار مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 544 مىڭ كىشى بولۇپ. مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى 1 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. ياۋروپادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 58 مىليون 710 مىڭ كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 5.58 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

جەنۇبىي - شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى:

| | | |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | 2 مىليون | 0.9% |
| ترىنىداد ۋە توباگو | 78 مىڭ | 6.6% |
| ئارگېنتىنا | 315 مىڭ | 1.15% |
| سۇرىنام | 775 مىڭ | ،22% |
| گۋىيانا | 80 مىڭ | 9.35% |

جەنۇبىي - شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يۇقىرىقىلاردىن باشقا 25 دۆلەتتە بار مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 392 مىڭ كىشى بولۇپ. مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى 1 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. جەنۇبىي - شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليون 943 مىڭ كىشى بولۇپ. ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 1.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئوكيانىيە قىتئەسى:

| | | |
|---|---|---|
| ئاۋىستىرالىيە | 221 مىڭ | 1.5% |
| يېڭى كالېدونىيە | 4710 | 3% |
| فىجى | 50 مىڭ | 7.7% |

ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى باشقا دۆلەتلەردە بار مۇسۇلمانلار جەمئىي 2000 كىشى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى 1 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. ئوكيانىيەدە بار مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 278 مىڭ كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 1.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى تەرجىمىسى